# شەپەقتىكى ئوت

## (پوۋېست)

سائادەت ساتتار ئايتوغ

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# شەپەقتىكى ئوت

خىزمەتكە چۈشكەندىن بۇيان، خىزمەتكە بارسام، ئۆيگە قايتسام مۇشۇ يولدا ماڭىمەن. بۇ يول بۇندىن ئون يىل بۇرۇن تار ھەم تەرتىپسىز يول ئىدى. ھەر ۋاقىت ئۇششاق يايمىلارنى يېيىپ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەنلەرنىڭ ئەركىن بازىرى بولۇپ قالغان. قاچانلا ماڭسام بۇ يەردە ئادەمنىڭ كۆپلىكى، قالايمىقان يېيىلغان يايمىلارنىڭ يولنى توسۇۋېلىشى بىلەن ۋېلىسىپتتىن چۈشۈپ، 100 مېتىر يولنى ۋېلىسىپتنى سۆرەپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى (ئەمەلىيەتتە بۇ يولدا ماڭمىسام بولمايدىغان باشقا يولمۇ بار، بىراق، ئىككى كىلو مېتىر يولنى ئارتۇق مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ). بۇنداق ۋاقىتتا ماڭا ئوخشاش بۇ يولدىن ئۆتىدىغانلار بىر قېتىم ئەمەس ئون قېتىم ئىچىدە غۇدۇراپ قويماي ماڭمايتتى.

شەھەر قۇرۇلۇشى كېڭەيتىلىپ، بۇ «ئەركىن بازار»نى يوقۇتۇپ، يولنى كېڭەيتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يولدا ماڭا ئوخشاش خىزمەتكە ئالدىرايدىغانلارغا «توسالغۇ» يوق بولدى...

بۇنداق راۋانلىقمۇ ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى. ئەكسىچە بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ ئاۋارىچىلىق پەيدا بولدى. بىر يىلدىن كېيىن، بۇ يەر كونىلىقكە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئىش تاپىدىغان ئەڭ ياخشى جايى بولۇپ قالدى.

«ئىشلەمچىلەر بازىرى» ئەتىگىنى بەكمۇ ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. كىچىككى ئون ياشلار ئەتراپىدىكى باللاردىن ئاپپاق ساقال بوۋايلارغىچە كەلگەنلەرگە تەلمۈرۈپ بىرەر سىنىڭ ئۆزىنى مۇۋاپىق ئىشقا ئېلىپ كېتىشىنى كۈتۈشۈپ ئولتۇرۇشاتتى. بەزىدە سەبى باللارنىڭ ئىلتىجالىق كۆزلىرى بىلەن بوۋايلارنىڭ مۆڭلۈق، مىسكىن، غەمكىن كۆزلىرىگە قارىغىنىمدا يۈرىكىم ئاچچىق بولۇپ، كانىيىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ قالاتتىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە باللار ۋە ياشانغانلاردىن سىرت، ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن يۈزلىرىگە ياغلىقنى يېرىم چۈمكەپ چىگىۋالغان گەپدان چوكانلار، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئەتىپ لاپ ئېتىشىپ ئولتۇرغان نەۋقىران يىگىت، پىشقان ئەرلەرمۇ بار ئىدى. بەزى چاغلاردا ئىشقا سەل بۇرۇنراق مېڭىپ كىچىكىمدىن يېتىلگەن قىزىقىشىم بويىچە ئۇلار بىلەن بىرەر يېرىم دەم مۇڭدىشىپمۇ ئۆتەتتىم.

ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىكى شۇكى، شەخسى ئىشلىرىنى مۇنداقلا سوراپ قويىسىڭىز سىزنى ئانچە تەقەززا قىلمايلا بارلىق كەچۈرمىشلىرىنى قويماي سۆزلەپ بېرىشەتتى.

- ۋايىيەي نىمىسىنى دەي غوجام؟! - دەپ گەپ باشلىدى قارامۇتۇق كەلگەن گەپدان چوكان ئايشەمخان ياغلىقىنىڭ چىگىشلىرىنى ئوڭشىغاچ، - ئون يەتتە يېشىمدا تەككەن ئېرىم هاراقكەش چېقىپ قېلىپ ئارا كۈندە بىر ساۋاپ هېچ هالىمنى قويمىدى. ئاجرىشىمەن دىسەم يا خېتىمنى بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئاتا - ئانامغا ئېيتىمغان هالىم قالمىدى. ئۇلار «ئەرنىڭ تايىقىنى يىمەيدىغان خوتۇن يوق، چىدا، هېلىمۇ ئىككى ئاچاڭ ئاجرىشىپ ئۆيدە ئولتۇرغىلى نەچچە يىل بولدى، دوست - دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا مۇشۇمۇ يېتەر. ئەمدى سەن بولساڭمۇ بىر ئەر بىلەن ئۆي بولۇپ كەتكىن» دەپ مىنىڭ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپلا قويدى. بىر يىل چىدىدىم، ئىككى يىل چىدىدىم. ئادەم دىگەن گۆشتىن يارالغان ئاجىز نەرسىكەن، خەق نىمە دەر دەپ ئولتاغىنىم بىلەن ئاغرىسا مىنىڭ جېنىم ئاغرىيدىكەن. ئاخىرى بىر كۈنى ئۇ يېرىم كېچىدە مەست كىرىپ ئۇرۇپ قولۇمنى سۇندۇرىۋەتتى. چىدىغۇچىلىقىم قالماي ئۈچ ياشقا كىرگەن ئوغلۇمنى ئۇنىڭغا تاشلاپ قويۇپ قۇ چاقتىكى قىزىمنى گېپىس بىلەن تېڭىلغان قولۇمدا كۆتۈرۈپ ئۇرۇمچىگە قاچتىم. بىرنەچچە ئۇرۇق - تۇققانلارنى ئىزدىۋىدىم، ئانچە خۇش بولۇ شۇپ كەتمىدى. ئاشخانىلاردا ئىشلەي دىسەم قۇچاقتا بالا تېخى ئەپلەشمىدى. قولىقىمدىكى ئاپامدىن قالغان ئالتۇن زىرەمنى سېتىپ بىر كونا هارۋىنى سېتىۋالسام ئاشقان پۇلۇمغا ئاران ئىككى يەشىك ئالما كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قىزىمنى هارۋىنىڭ بىر بېشىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئالما سېتىپ باققالچىلىق قىلدىم. لېكىن، ياتىدىغان يەرنىڭ غېمىنى قىلالماي كۆپ قىينالدىم. شەرەم تۇققانلار ئانچە چىراي ئېچىپ كەتمىسىمۇ قىلىنلىق بىلەن ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ يۈرسەم ئۇلار مىنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىدىمۇ ياكى ماڭا ئىچ ئاغرىتتىمۇ ئەيتاۋۇر ماڭا لايىق تېپىشتى. نىمە دەيتتىم؟ كىملىكىنى، نىمىش قىلىدىغىنىنى سورىۋىدىم، ئەر تۇققىنىم ماڭا شۇنداق سەت هومىيىۋىدى، ئۈنۈم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. ئايال تۇغقىنىم «مۇشۇ كوچىدا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقىلى ئۈچ - تۆت يىل بولغان ئادەم، يۇۋاش، ئارتۇق جېدىلىمۇ يوق خۇدايىمنىڭ مۆمىنى، مۇشۇ كەمگىچە ئۆزىنىڭ بىرەر يامان گېپىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىدۇق، بىرەر ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ باققىنىنىمۇ كۆرمىدۇق. ئارىغا كىرگەنلەر سىزنىڭ ئەهۋالىڭىزنى دەپتىكەن، ماقۇل دەپتۇ، قىزىنى ئۆزەمنىڭ قىزىدەك كۆرۈپ قاتارغا قوشىمەن، ئۆيدە ئاش - تامىقىمنى ئېتىپ، كىر - قاتامنى يۇيۇپ ئولتۇرۇپ بەرسىلا بولدى، دەپتۇ. هازىرقى زاماندا بۇنىڭدىن ياخشى ئەرنى نەدىنمۇ تاپقىلى بولسۇن. تىگىڭ سىڭلىم» دىدى. مەن ئازراق تەشۋىشلەنگەن بولسامۇ ئاخىرقى هساپتا چىرايىنىمۇ كۆرمىگەن بىرسىگە تىگىشكە ماقۇل بولدۇم.

ئەتىسىلا بەش ـ ئالتە ئادەمنىڭ گۇۋاھچىلىقىدا ئۇنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپ ئىجارىگە ئالغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىگە يۆتكەپ كىتىلدىم. ئېرىمگە قارىسام، ئوتتۇرا بوي، ئېغىر ـ بېسىق، ئانچە قاملا شقان بولمىسىمۇ ھەرھالدا كۆلۈپلا تۇرىدىغان مۇلايىم، مېھرى ئىسسىق كىشىكەن. ئۇنىڭغا دىگەن تۇنجى گېپىم ھەرقانداق ئىش بولسا گەپ بىلەن چىرايلىق بىر تەرەپ قىلىش، قول تەككۈزمەسلىك بولدى. ئۇمۇ «توۋا دەڭە ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىمۇ ئۇرامدۇ؟ گەپ بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان نىمە ئىش بولسۇن؟ مەن سىزنى جاپاغا قويمايمەن. ئۆينىڭ، مىنىڭ، بالىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالسىڭىزلا بولدى» دەپ جاۋاپ بەرگىنىدە يۈرۈكۈم خېلى جايىغا چۈشتى. ئۆيىمىز كىچىك، ئاددى بولسىمۇ ئۇنىڭ بويتاق چاغدىكى لاقا ـ لۇقىلىرىنى يۇيۇپ ـ تازىلاپ، پاكىز، رەتلىك سەرەمجانلا شتۇرۇپ يېڭى تۇرمۇش شۇمنى با شلىدىم. ئۇمۇ گېپىدە تۇردى. ماڭا قول تەككۈزۈپ باقمىغان ئىدى. قىزىمنىمۇ ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ ھالىمىزدىن ياخشى خەۋەر ئالدى. . . .

ھەي، ـ دەپ ئېغىر خۇرسىندى ئايال، ـ ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمايدىكەن. يا مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلابىتەلەي يارىتىلغانمۇ بىلمىدىم. بىر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي بىر كۈنى ئەتىگەندە ئېرىم باققالچىلىق قىلىدىغان ھارۋىسىنى سۆرەپ مەن بىلەن چىرايلىق خوشلىشىپ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. بىركۈن ئۆتتى يوق، ئىككى كۈن ئۆتتى يوق. كوچىغا چىقىپ تونۇش ـ بىلىشلەردىن، كۆرگەن ـ بىلگەنلەردىن سۈرۈشتە قىلدىم، ھېچقانداق دېرىكىنى ئالالمىدىم. ئۈچىنچى كۈنى ئۆيدىن ئۇنىڭ تېلفۇن دەپتىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭ يۇرتىدىكى ئاتا ـ ئانىسىغا تېلفۇن قىلدىم.

ـ نىمە؟ دەپ چۆچۈپ كەتتى تېلفۇننى ئالغان ئايال، ـ مەن رېيىمجاننىڭ ئاپىسى! ئۇنىڭچۇ بۇ يەردە خوتۇن ـ باللىرى بار. مەھەللىدە ئازراق ئازارچىلىقتا ئۇچراپ خاپىچىلىقتا ئۈرۈمچىگە كىتىپ ئىش ـ ئوقەت قىلغاچ نەچچە يىل تۇرۇپ قايتىپ كەلدى. بىزچۇ ھەقلەپ ـ نىكاھلاپ ئېلىپ بەرگەن قانۇنلۇق كېلىنىمىزنى تونۇيمىز. سىز كىم؟ نەدىن كەلدىڭىز دەپ سۈرۈشتۈرۈپمۇ باقماي ئەرگە تېگىدىغان قانداق خوتۇن سىلە؟

ئۇنىڭ كېينكى گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىمايلا تېلفۇننى قويىۋەتتىم. «ئەلەكمۇللا» دىدىم. ئۇ تاپقان ـ تەرگىنىنى ئۆزى يېنىدا ساقلايتتى. مانا ئۇ بىزگە بىر تىيىنمۇ قالدۇرماي مۇشۇنداقلا كىتىپ قاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئۆينىڭ سەرەمجانلىرى خېلى بار ئىدى، تىلۋېزور بىلەن چاي شىرەسىنى سېتىپ ھارۋىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ يەنە كوچىغا چىقىپ باققالچىلىق قىلدىم. تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ تاپقان پۇلۇم ئۆينىڭ ئىجارىسى، بالام ئىككىمىزنىڭ خىراجىتىگە ئاران يىتەتتى. بۇنىڭغىمۇ بوپتۇ،

دىلىمنى ئاغرىتىدىغان ئادەم يوق، ئۆز خان ـ ئۆزبەگ ياشاي دەپ جاپاغىمۇ ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدىم.

بىر كۈنى كوچا دۇقمىشىدا ئانار سېتىپ ئولتۇرسام ھېلىقى شىرەم تۇغقىنىم ھاسراپ ـ ھۆمۈدەپ كېلىپ « يۈرتتىكى ئېرىڭىز سىزنى ئىزدەپ ئۈرۈمچىگە مېڭىپتۇ، ئۆلتۈرۋەتمىسەممۇ بىر يېرىنى ئېيىپناق قىلىپ قويىمىسام ھېساپ ئەمەس دەپتۇدەك، تۇغقانلار تېلىفۇن قىلدى، مەھەللىدىمۇ سىزنى بىر ئەر بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە قېچىپ كىتىپ ئۆي تۇتۇۋاپتۇدەك دىگەن گەپ ئاينىپ كىتىپتۇ. ئېرىڭىز بۇگۈن ماڭسا ئەتە ئەتىگەن كىلىدۇ. دەرھال بىرەر ئامالىنى قىلىڭ» دىدى. قانداقمۇ قىلارمەن؟ دەپ بېشىم قېتىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئىشىكنى ئېچىۋاتسام بىر ھويلىدا ئولتۇرىدىغان ئايال يۈك ـ تاقلىرىنى ما شىنىغا با سقىلى تۇرۇپتۇ. «كۆچەمسىلەر؟» دەپ سورىسام «بۇ يەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلغۇچىلىكى قالمىدى، كۈندە ئىككى پايپاق سېتىپ نەچچە كوي تېپىپ بولغۇچە بازار با شقۇرۇ شنىڭ كىلىپ بىر خالتا مالنى تارتىۋېلىپ ئەكىتىۋاتقان. مانا ئۆينىڭ ئىجارىسىنى تۆلەش بىلەن، قوساقنى توقلاپلا يۈرۈۋاتقىلى نەچچە ئاي بوپتۇ. يازدىغۇ مۈشۈنداق جان ساقلارمىز، قىش كىرسە يا كوچىدا تۇزۇك سودا قىلغىلى بولمايدۇ، قىشنىڭ غېمىنى يازدا قىلمىساق قىشنىچە ئاچ قالمىساقمۇ توڭلاپ قالغۇدەكمىز، كورلىدىكى تۇغقانلار تېلىفۇن قىپتىكەن، ئۇ تەرەپتە بۇ يەرگە قارىغاندا جان باقماق ئاسانراق دەيدۇ. ئىش تاپماق ئاسان، ئۆي ئىجارىسى ئەرزانمىش، شۇڭا ساتىدىغاننى سېتىپ، ئالىدىغاننى ئېلىپ كورلىغا ماڭدۇق» دەپ جاۋاپ بەردى. بېشىم قېتىپ تۇرغاندا ماڭا بۇ گەپ موك خۇشياقتى. ئۇلارغا مىنىڭمۇ كەتكۈم بارلىقنى ئېيتىۋىدىم، «ماقۇل» دەپ ئۆيۈمنىڭ ئېغىر ـ يىنىك نەرسىلىرىنى سېتىشىپ، يوتقان ـ كۆرپە، كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى تېڭىشىپ بەردى. بىر كېچە پويىزدا ئولتۇرۇپ ئۇ يەرگە باردۇق. بىر ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ قىزىمنى يىتىلەپ يۈرۈپ بىرەر ئايچە كېۋەز تېرىۋىدىم، قىشنىڭ غېمىنى قىلىۋالدىم. مانا قىشنىچە قىزىمنى بېقىپ، قوساقنى توقلاپ ئۆيدە ئولتۇرۇپتىمەن. ئەتىياز كىرىۋىدى ئۈرۈمچىدىن بىللە كەلگەن تونۇشلار بىلەن بۇ بازارغا كىلىپ كۈندىلىك ئىش تېپىپ جېنىمنى قامداپ ئۆتىۋاتىمەن.

ـ قىزىڭىزچۇ؟ ـ دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

ـ ئاۋۇ يەردە تۇرغان كىشى مىنىڭ خوشنام بولىدۇ، ـ دىدى ئايال نېرىراقتا بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان، ۋىجىككىنە كەلگەن 35ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئەرنى كۆرسىتىپ، ـ ئۇنىڭ ئايالى ئاغرىقچان بازارغا چىقالمايدۇ، قىزىمغا شۇ ئايال قاراپ بېرىۋاتىدۇ.

ـ ئېرىڭىزچۇ؟ بۇ يەرگە ئىزدەپ كىلىپ قالسا قانداق قىلىسىز؟ ـ دەپ سورىدىم مەن.

ـ ۋايىيەي . . .پىشـانەمگە كەلگەننى كۆرەرمەن غوجام؟! ئۈرۈمچىدىكى تۇغقانلارغا تىلىفۇن قىلسـام مەن كورلىغا كەتكەن كۈننىڭ ئەتىســــى ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپتىمىش، منى نەچچە كۈن ئىزدەپ تاپالماي يۇرتقا قايتىپ «خوتۇنۇم يوقاپ كەتكىلى بىر يىل بولدى» دەپ سوتقا ئەرز سۇنۇپ سورت ســرتىدىنلا مەن بىلەن ئاجرىشــىپ خوتۇندىن بىرنى ئاپتىمىش. ـ ئايال ســۆزى مۇشــۇ يەرگە كەلگەندە ئېغىر بىر ئۇھســــىنىپ كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ، ـ مەھەللە بويىچە داڭقى چىققان بېشەم خوتۇندىن بىرنى ئاپتىمىش. ئوغلۇمنى بەك خارلايدىكەن دەپ ئاڭلىدىم، ـ دىدى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ باشقا ياققا قاراپ ماڭدى.

ئەشقا بارغۇچە ئۇ ئايالنىڭ كەچمىشلىرى ۋە ئاخىرقى ئازاپلىق چىراي ئىپادىسىنى ئويلاپ ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالدى.

مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشــتۇرىشــى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئۈچ ئايلىق بىلىم ئاشــۇرۇشــقا بېرىپ قايتىپ كەلگەن كۈنۈمنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە ئەشـقا مېڭىش سـەپىرىمدە يەنە ھېلىقى كوچىدىن ئۆتتۈم. ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ بىلەن ســـالاملىشـــىپ يۈرۈپ خىزمەتكە كېچىكىپ قالغىلى تاســـلا قاپتىمەن، سائىتىمگە قاراپ سەل جىددىيلەشىپ ۋېلىسىپىتىمنى مىنەي دىيىشىمگە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ھېلىقى ئاي شەمخان ئەسلىمىك ئايال تۇيۇقسىزلا ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ماڭا بېشىنى لىڭشىتىپ سالام قىلىۋىدى، مەنمۇ دەرھال سالام قايتۇردۇم، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى بۇرۇنقىدىن خېلىلا يېڭىلىنىپ ئىسكەت كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىگە ماس كەلمىگەن قېنىق گىرىم قىلىۋالغان چىرايى سۇلغۇن كۆرۈنەتتى.

ـ ئەشقا كېچىكىپ قالغۇدەكمەن مەن مېڭىۋېرەي، ـ دىدىم تەكەللۇپ بىلەن، نىمىشقىكىن ئۇنىڭ ئالدىنقى قېتىمقى نەچچە ئايدىن بېرى خىيالىمدىن كەتمىگەن ئوبرازىنى ھازىرقى تۇرقىنىڭ يالماپ كىتىشىنى خالىمىدىم بولغاي، ئۇنىڭغا قايتا قارىغۇم كەلمىدى.

ـ ئۆزۈن بولدى كۆرۈنمىدىلە، ســىلىگە مەســلىھەت ســالىدىغان بىر ئىش بار ئىدى. . . .ســىلى ئۇقۇمۇ شىلۇق ئادەم، ـ دىدى ئايال سەل دىلىغۇل بولغاندەك قولايسىز ھەركەتتە، ـ ئۆزلىرى بىلىلا بۇ يۇرتتا مىنىڭ نە ئۇرۇق ـ تۇغقىنىم، نە قەۋمى ـ قېرىنداشىم يوق. . .بولدى ئەشقا مېڭىۋەرسىلە، ۋاقتىلىرى چىققاندا دەرمەن.

ـ ماقۇل، ئەتە كۆرىشەيلى، دىدىم ۋە ئايال بىلەن خوشلىشىپ كىتىپ قالدىم.

ئەتىسى ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق ئۆيدىن چىقىپ «ئىشلەمچىلەر بازىرى» غا كىلىپ تونۇش ـ بىلىشلەر بىلەن سالاملا شقاچ ئاي شەمخاننى ئىزدىدىم. كېچىدىن ئويلىنىپ ئۇ ئايالنىڭ تۇرقى ۋە چۇشكۇن ھالىتىدىن ماڭا ئېيتماقچى بولغان گېپىنىڭ خېلى مۇھىملىقىنى پەرەز قىلغان ۋە سالماقچى بولغان مەسىلىھەتنى ئاڭلاپ بېقىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. لېكىن شۇنچە قارىغان بولسامۇ ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرۈنمىدى. ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلىشىپ قالمىدىغان نەچچەيلەندىن ئۇنى سۈرۈشتۈرۈۋىدىم، ئۇلار ئايشەمخاننىڭ يېقىندىن بۇيان «ئىشلەمچىلەر بازىرى» غا ئانچە كۆپ كەلمەيدىغانلىقىنى، كەلسىمۇ ئۇزۇن تۇرماي يېنىكرەك ئىش چىقمىسا كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋېلىسىپىتىمنى يېتىلەپ، ئەتراپقا سەپسالغاچ ئاستا كېتىۋاتاتتىم، بىرەيلەن كىلىپ « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ قولىنى ئۇزاتتى. مەنمۇ قولۇمنى بېرىپ كۆرۈشكەچ ئۇنىڭغا سەپسالدىم. بۇ كىشىنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدىمۇ، دەماللىققا ئېسىمگە ئالالمىدىم.

ـ سىز نۇردۇن مۇئەللىم بولسىزغۇ ھە؟ ـ دېدى ئۇ ئەر قولۇمنى ئەيمىنىپراق سىقىپ.

ـ شۇنداق، ئۆزىڭىز؟...

ـ مىنى ھەقچان تونۇمايسىز، مەن ھېلىقى XXلۇق ئايشەمخاننىڭ خوشنىسى بولىمەن. ئۇ بۇگۈن بۇ يەرگە كېلەلمەيدىغانلىقىنى سىزگە ئېيتىپ قويۇشۇمنى جېكىلىگەن ئىدى.

ـ ھە...رەھمەت سىزگە. ئۇ ئاغرىپ قالمىغاندۇ؟

ـ ياق...يېقىنىڭىياكى قىزىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، شۇڭا بەزى كۈنلىرى بازارغا چىقمايۋاتىدۇ.

ـ ھە، ئېغىر ئەمەستۇ؟

ـ دەسلەپتە ئېغىرراق ئىدى ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدى.

ـ ھە...ئاللاھ ئاسانچىلىقنى بېرەر، ئىشقا مېڭىۋېرەي ئەمىسە.

ئارقىمغا بۇرۇلۇپ مېڭىشىمغا ئۇ كەينىمدىن:

ـ نۇردۇن مۇئەللىم، ـ دەپ چاقىردى.

كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قارىدىۋىدىم، ئۇ:

ـ سىزنى يازغۇچى دەپ ئاڭلىدىم. مەندە خېلىلا ياخشى بىر خام ماتىرىيال بار ئىدى، خالىسىڭىز كۆرۈپ باققان بولسىڭىز، ـ دېدى.

مەن ئۆتنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن توپا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، مىسكىن سىياقىغا ئىختىيارسىزلا سەپسېلىپ قارىدىم، ئۇ سېزىپ قالدى بولغاي:

ـ بۇ ئايالىمنىڭ خاتىرەسى ئىدى، سىزگە يەتكۈزۈپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلغان، . . .قېنى ئاۋال كۆرۈپ بېقىڭ ھە؟ ، ـ دېگەچ نېرىراقتا قۇرۇلۇش ئورنىدىن چىقىپ قالغان ئەگرى ـ بۈگرى تۆمۈر قوزۇققا ئېسىپ قويۇلغان كونا لاتا سومكىنى ئېلىپ ئىچىدىن خېلىلا قېلىنلىقتىكى قارا رەڭلىك خاتىرىنى ئالدى ۋە چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن تېشىنى ئاۋايلاپ سۈرتۈپ ماڭا ئۇزاتتى. خاتىرىنى قولۇمغا ئېلىپلا قىزىقىش بىلەن تۇنجى ۋارىقىنى ئاچتىم، خاتىرىنىڭ بىرىنجى بېتىدە تولىمۇ چىرايلىق سىزىلغان بىر جۈپ توشقاننىڭ رەسىمى تۇراتتى، رەسىمنىڭ پەس تەرىپىگە:

ئاسماندىكى جۈپ لاچىن،
ئېگىز ئۇچۇپ پەسلەيدۇ.
ئۆزگە يۇرتتا جۈپ توشقان،
ئۆز يۇرتىنى ئەسلەيدۇ.

دېگەن قوشاق يېزىلغان بولۇپ، ئاستى تەرىپىگە ھۆسنخەت نۇسخىسىدا «كامىل، كامىلە» دېگەن ئىمزا قويۇلغان ئىدى.

ـ خاتىرە سىزگە ئۆتتى نۇردۇنكا، ـ دېدى يىگىت سەممىيلىكى چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى خاتىرە بېتىدىن ماڭا يۆتكەپ، ـ سىزگە ياراپ قالسا ئايالىمنىڭ ئارزۇيىمۇ ئەمەلگە ئاشاتتى.

ـ ماقۇل ئۇكام، چوقۇم كۆرۈپ چىقىمەن، رەھمەت سىزگە! ـ دېدىم قەتئىيلىك بىلەن.

يىگىت مەن بىلەن خوشلىشىپ نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن توختاپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ـ ئەگەر ئىشلىتىپ قالسىڭىز كىشى ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشنى ئۇنۇتمىغايسىز، ـ دېدى.

مەن يىگىتكە «ماقۇل» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتىم، ۋە:

ــــ مەتبۇئاتقا يارىغۇدەك بولسىلا كىشى ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزۈڭلەرنىڭ نامىدا ئېلان قىلدۇرۇشىڭلارغا ياردەم قىلىمەن ئۇكام ، ـ دېدىم كۆلۈمسىرەپ.

ســــىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش مەزگىلى بولغاچقا مەۋسۇم ئاخىرلىشاي دىگەندە تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتىم.ئاخىرى ئىمتاھانلارمۇ تۈگەپ تەتىلمۇ يېتىپ كەلدى. لېكىن تەتىلگە ئاتاپ قويغان بىرمۇنچە پىلانلىرىمنى بەربات قىلىپ ئاياللىمنىڭ ئانىســى تۈگەپ كىتتى. ســەۋەبى بىلەن جەنۇبى شــىنجاڭغا بېرىپ ئاخىرەتلىك ئىشــلار،نەزىر-چىراقلار بىلەن ھەلەك بولۇپ بىرەر ئايچە تۇرۇپ قالدۇق. ئۆيگە قايتقان كۈنى كۈتۈپخانامغا كىرىپ كىتاپ-ماتىرىياللىرىمنى رەتلەۋېتىپ ئۇستەل تارتمىسىدىكى ھېلىقى خاتىرە قولۇمغا چىقىپ قالدى، شــۇندىلا ھېلىقى كىشــىنىڭ مۆلايىم كۆزلىرىنى ماڭا ئىلتىجالىق بىلەن تىكىپ تۇرغان ســەممى ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، خاتىرىنى كۆرۈشــكە تېخىچە ۋاقىت چىقىرالمىغىنىمدىن ئەپسۇسلىنىپ كىروسلوغا چۆكۈپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

X    X

خاتىرىنىڭ ئىككىنچى بېتى مۇنداق باشلانغان ئىدى:

مەن ئەزەلدىن كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ باقمىغان. لېكىن، بۇرۇن ھاياتىمىدىكى ئۆزۈم مۇھىم دەپ قارىغان ئىشلارنى، خۇشلۇقۇم بىلەن ئازاپلىرىمنى بەزىدە خاتىرە قالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەنمەن. لېكىن ئاۋالقى خاتىرەلىرىم كۆيدۈرۈلگەندىن بېرى قولۇمغا قەلەم ئېلىپ باقمىغان ئىدىم. يېقىندىن سالامەتلىكىمنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ، بۇ دۇنيادىن كېتىدىغان كۈنلىرىمنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھىس قىلغانىدىن كېيىن، غەيرەتكە كېلىپ بۇ خاتىرىنى يېزىش قارارىغا كەلدىم. ئۈمىدىم، بۇ خاتىرەم ھايات مۇساپىسىدە مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىش، ۋە سالغا يىتىش ئىستىكىدە ئىزدەنگەن تەقدىرداشلىرىمغا سىرداش بولالالىسا، شۇنداقلا ھامان بىر كۈنلىرى ئانامنىڭ قولىغا يەتسە...

ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىســىدىكى بۈك-باراقســانلىق، بوســتانلىقلار بىلەن ئورۇنۇپ تۇرىدىغان، خام كېسەكلەردىن سېلىنغان بولسىمۇ رەتلىك، ھەممىسىنىڭ دەرۋازىسى بىر تەرەپكىلا قارايدىغان، كىشــىلىرى خۇددى بىر ئائىلە كىشــىلىرىدەك ئىناق ئۆتىشــىدىغان، جىمجىت مەھەللىدە تۇغۇلغان ئىكەنمەن. مەھەللىمىزنىڭ شەھەرگە يېقىن، قاتنىشى قولايلىق بولغىنىغا قارىماي ساۋاتسىز، ساددا كىشــلەر كۆپ ســاننى ئىگەللەيتى. دادام ھەربىي ســەپتىن قايتقان، ئاپام شــەھەردە ئۆســۈپ چوڭ بولۇپ، تولۇقســــىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ دادام بىلەن توي قىلىپ بۇ مەھەللىگە كەلگەن بولغاچقا، مەھەللىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلار تولىمۇ ئوقۇمۇشــلۇق زىياللاردىن ھىســاپلىناتتى.

مەھەللىدىكىلەردىن كىمنىڭ ئۆيىدە چوڭراق بىرەر ئىش بولسا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ئاتا ـ ئانامنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشقا، تەسەللىسىنى ئاڭلاشقا كۆنۈپ كەتكەن ئىدى. بالىلىقىمدا ئاتا ـ ئانامنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە تولۇق تويۇنغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، تولىمۇ ئەركىن، شوخ ئىدىم. شوڭلاشقىمۇ دەرەخلەرگە يامىشىپ، ئوغۇللار بىلەن تەڭ «گاگا» ئويناپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە باشچىلاپ سەكرەپ دىگەندەك بالىلىقتىكى كەپسىزلىكىنىڭ ھەممىنى قىلغاچقىمۇ يۈز ـ كۆزۈم كۆك ـ ئىششىقسىز، پۇت ـ قولۇم يارا ـ جاراھەتسىز ئۆتىدىغان ۋاقىت يوق دىيەرلىك ئىدى. ھەر كۈنى ئۆيگە باش ـ كۆزلىرىم توپا ـ چاڭ، يۈزلىرىم ياكى بىرەر يەرلىرىم ئىششىق كىرگىنىمدە ئاتا ـ ئانام باشلىرىنى لىڭشىتىپ كۈلۈشۈپ قوياتتى ۋە كۈندىلىك ئادىتى بويىچە تەييارلاپ قويغان ئىسسىق سۇدا يۈز ـ قوللىرىمنى يۇيۇپ، بەدەنلىرىمنىڭ يېغىر جايلىرىغا كۆك يود سۈركەپ قويۇش بىلەن پايپېتەك بولۇپ كېتىشەتتى. ئوقۇش يېشىغا يەتكىنىمدە دادام قولۇمدىن يېتىلەپ ئۆيىمىز ئالدىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر پارچە ئېتىزلىقتىن ئۆتسەكلا يېتىپ بارغىلى بولىدىغان يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئاپىرىپ بەردى. ساۋاغداشلىرىمنىڭ ھەممىسى مەھەللىمىزدىكى بىللە ئويناپ يۈرگەن بالىلار بولغاچقا ھېچقانچە قورۇنۇشسىزلا مەكتەپكىمۇ كۆنۈپ قالدىم. ئاپامنىڭ يېتەكلىشىدە دەرسلەردىمۇ ئالدىنقى قاتاردا ماڭاتتىم. قىسقىسى، مىنىڭ بالىلىقىم بالىلىق نىسۋىلىرىنىڭ ھەممىسىگە تويۇنغان، تىنچ ـ خاتىرجەم، خۇشال ـ خورام ئۆتكەن ئىدى.

دەرسلىكلەردىن، ئەدەبىيات، تارىخ، تەنتەربىيە ۋە رەسىمگە بۆلەكچە قىزىقاتتىم. ساۋادىم چىققاندىن كېيىن دادام ـ ئانامنىڭ قازناق ئۆيدە يىغىپ ساقلىغان كىتاپلىرىنى بىر باشتىن كۆرۈشكە باشلىدىم. كىتاپ تولىمۇ ئۇلۇغ ۋە سىرلىق نەرسە ئىكەن. قولۇمغا ئالغان كىتاپنى كۆرۈپ تا ماملىمىغۇچە پۈتۈن ئەس ـ يادىم كىتاپتىكى مەزمۇنىدىلا قالاتتى ـ دە، قىلىۋاتقان ئىشىم، ئىشلەۋاتقان تاپشۇرۇقلىرىمنى تېزرەك تاماملاپ كىتاپنىڭ داۋامىنى كۆرۈش ئۈچۈن تاقىلداپ كېتەتتىم. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن باشلاپلا «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، «مىڭ بىر كېچە»، «رامزاننىڭ ئون يەتتىسى»، «چالىقۇشى»، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» «رابىئە ـ سەئىددىن»، «ئاق رومانلىق پەرىزات» قاتارلىق كىتابلارنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇپ چىققاندىم. ئاشۇ كىتاپلاردىكى مۇھەببەت، ئادىمىلىك، ئەنئەنە ـ ئەخلاق، ئەھدە ـ ۋاپا ھەققىدىكى بايانلار ماڭا بەك تەسىر قىلاتتى. قىزلىق شەرمى ـ ھايا ۋە قەدىر ـ قىممەتنىڭ نىمە بىلەن ئۆلچىنىدىغىنىنى سەبى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا چۆكتۈرەتتى.

يېزىمىزدا ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپنى شەھەرگە بېرىپ ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى. شەھەر گەرچە يېزىمىزغا نەچچە كىلومېترلا كەلسىمۇ

ياتاقلىق مەكتەپ بولغىنى ئۈچۈن قىزلارنىڭ ئۆيدىن ئايرىلىپ بېرىپ ئوقۇيالىشى بەسى مۈشكۈل ئىش ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ يېزىمىزدىكى قىزلار ئادەتتە باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپلا ئۆيلىرىگە قايتىپ، ئۆي ئىشلىرى، دېھقانچىلىق ۋە كەشتە-رېشلىيە، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ نەچچە يىلغا قالمايلا ياتلىق بولۇشاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئاپام ئۆيدىكىلىرىنى قەتئىي ئىرادىسى ۋە ياخشى نەتىجىسى بىلەن قايىل قىلىپ ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان سەلىمە ھەدەم (نەۋرە ھەدەم) ۋە يېزىلىق مەكتەپتىكى مۇئەللىملەردىن قالسىلا ئەڭ كۆپ ئوقۇيالىغان ئايال ھېساپلىناتتى. مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشۇم ئاتا-ئانامنىڭ ئازراق دىلغۇل بولغىنى ۋە ئەنسىرىگىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا تېزلا قارارلاندى. مەكتەپكە ئۆزىتىشىنىڭ ھارپىسىدا ئانام بىر كېچە ئۇخلىماي باش-كۆزۈمنى سىلاپ، مىشىلداپ يىغلىغىنىچە قايتا-قايتا نەسىھەت قىلدى. مەنمۇ ئانامنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزلىرىنى دىلخانەمگە مەڭگۈلۈك پۈكۈۋېلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ تاكى كۆزلىرىم ئەركىمگە بويسۇنماي ئىختىيارسىز يۇمۇلۇپ، تاتلىق ئۇيقۇ قوينىغا غەرق بولغۇچە جىمجىت يېتىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم. ئۆيدىن، ئاتا-ئانامدىن تۇنجى قېتىم ئايرىلىشىم بولغاچقا يۈرەكلىرىم ئەنسىز سوقاتتى.

بەرىكەتلىك كۈز ئايلىرىنىڭ تۇنجى دۈشەنبە كۈنى ئاتا-ئانام ۋە بىزنىڭ سىنىپتىكى تۆلۈق ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇش نىسىپ بولغان ئىككى ئوقۇغۇچى، مېنىڭ بەش يىللىق ساۋاقدىشىم كامىلنىڭ ئاتا-ئانىسى ئىككى ھارۋىدا بىزنى شەھەرلىك1-ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەكىلىپ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ مۇئەللىمىمىزنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ كۆزى قىيمىغان ھالدا قايتىپ كېتىشتى. ئاتا-ئانامنىڭ ھارۋىدا كەلگۈچە ماڭا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغانلىرى، مېھرى بىلەن بېشىمنى سىلاپ ياخشى تىلەكلىرىنى تىلىگەنلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۆيدىن ئايرىلىشىنىڭ، بولۇپمۇ 13ياشلىق قىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆيدىن ئايرىلىشىنىڭ قانچىلىك تەس كېلىدىغانلىقىنى پەقەت شۇ كۈنگە دۇچار بولغانلارلا ھېس قىلالىشى مۇمكىن. ناتونۇش مۇھىت، ناتونۇش سىياقلار ھەردەقىق مېنى ئەيمەندۈرەتتى. يېزامدىكى شوخلۇقلىرىمدىن، ھېچنېمىدىن تەپتارتمايدىغان ئەركىنلىكلىرىمدىن شۇنچە تەبئىيلا ئايرىلىپ قالدىم. مىجەزىممۇ بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ، خىيالچان، ئىچ مىجەز بولۇپ كېتىۋاتاتتىم.

-نېمىگە بۇنچە شۈكلەپ كېتىسەن؟ -دەپ سورىدى بىر كۈنى كامىل سىنىپ ئىشىكىگە ئارقامدىن يېتىشىپ كېلىپ، - مۇئەللىم سورىغان سوئالغا بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا جاۋاپ بەرمەيسەن؟

- نېمە كارىڭ؟ جاۋاپ بەرگۈم كەلمىدى شۇ. - دېدىممەن ئۈنۈمگەنمۇ قارىماستىن يولۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ.

- مەن، سەنلا ئەمەس، سىنىپتىكى كۆپ قىسىم باللار باشقا - باشقا يېزىلاردىن كەلگەن. ھەممىمىزنىڭ مەقسىدى ئوقۇش. كەچكىچە يوقىلاڭ خىياللارنى قىلىپ، ئەيمىنىپ، شۈمشەرەپ يۈرمەي بۇرۇن باشلانغۇچتا قانداق ئوقۇغان بولساڭ شۇنداق ئوقۇۋەرمەمسەن؟

ئۇنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىگە قۇلاق سالماي سىنىپتىن چىقىپ مەيدان تەرەپكە قاراپ يۈگرەپ كەتتىم. كېيىنكى سائەتلىك دەرس باشلانغىنىدا سىنىپقا كىرىپ تەسادىپىي ئۇنىڭغا كۆزۈم چۈشۈپدى، ئۇ ماڭا نارازىلىق بىلەن سەت ھومىيىپ قويدى. جايىمغا بېرىپ ئولتۇردۇمىيۇ ئىختىيارسىز پۇتۇن بەدىنىم تىترەپ يىغا ئۇلىشىپ كەتتى. بىلمەن ئۇ بۇ يەردىكى ۋە باشقا يېزىدىن كەلگەن باللار ئالدىدا بىزنىڭ يېزىدىن كەلگەن ئىككەيلەننىڭ دەرسلەردە چېنىپ قالماسلىقىمىزنى كۆزلەۋاتتى. ئەلۋەتتە كىچىككىنە ئەرلىك غورۇرى بىلەن مىنى باشقۇرماقچى مۆرتى كەلگەندە ھىمايىسىگە ئالماقچى ئىدى. مەكتەپكىمۇ، مۇھىتقىمۇ، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىمغىمۇ ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدىم. دەرسلەردىمۇ ئانچە قىينالمايلا يېتىشىپ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتۈم. ھەر جۈمە كۈنى دادام مىنى ئالغىلى باراتتى. ئۇنى كۆرۈش بىلەن ئاق قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ كىتەتتىم. تاكى ئۆيگە كەلگۈچە گەپلىرىم تۈگەپ قالمايتى. ئانام مىنى كىلىدۇ دەپ مەن ئەڭ ئامراق تاماقلارنى تەييارلاپ دادام ئىككىمىزنى ساقلاپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يولىمىزغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ھالەتتە بىزنى كۈتۈۋالاتتى. كېيىن كاملىنىڭ ئۆيدىكىلىرى ئۇنىڭغا بىر ۋېلسىپىت ئېلىپ بەردى. ئۇ ھەپتە ئاخىرلىقىدىمۇ بەزى كۈنلىرى ئۆيگە قايتىپ ئەتىسى ئەتىگەندە دەرسكە ئۈلگۈرۈپ مەكتەپكە كىلىپ بولاتتى. مەھەللىمىزدىكىلەرنىڭ كۆزىچە بىر يىگىتنىڭ ۋېلسىپىتىگە بىر قىزنىڭ مىنگىشىپ مېڭىشى سۆز - چۆچەككە تۇتۇرۇق بولىدىغىنىنى دىمىگەندىمۇ ئانامنىڭ ماڭا كامىل بىلەن قەتئىي يېقىنلاشماسلىق ھەققىدىكى ئاشكارا ۋە سىپتا جېكىلەشلىرىدىن، ئىككى ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئەزەلدىن مۇناسىۋىتى يىرىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆل بويىدا بىللە كىتاپ ئوقۇغىنىمنى كۆرگەن ئانام مىنى تۇنجى قېتىم قول تەككۈزۈپ بىر تەستەك سالغىنى، خۇشىندارچىلىق مۇناسىۋىتىمۇ قىلمايدىغانلىقىمىز، بىزنى ئالغىلى ياكى ئاپىرىپ قويغىلى ئىككى ھارۋىدا نەچچە كىلومىتىر مۇساپىنى بىرگە باسقۇچىلىكىمۇ سالامىلىشىش تۈگۈل قاراپمۇ قويۇمايدىغانلىقى سەۋەپلىك مەن نىمىلەرگىدۇر ھەيران بولاتتىم. چوڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى نىمە زىددىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ قالاتتىم. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە شۇنچە ئىجىل بولساقمۇ ، چوڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىزگە سىر بولۇپ كىلىۋاتقان ئىشلار ئۈستىدە

سۆزلىشىشتىن ئۆزىمىزنى ئېلىپ قاچاتتۇق. ئانامدىن نەچچە رەت ئىككى ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇنچىۋالا زىددىيەتكە سەۋەپ بولغۇدەك زادى نىمە ئىش بارلىقىنى سوراپ باقماقچى بولغان بولساممۇ، گەپ باشلاپ كاملىنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ بولغۇچە ئۆڭى ئۆچۈپ، كۆزلىرىدىن ئادەمنى ئەيمەندۈرگۈدەك غەزەپ ئوتى يالقۇنجاپ كىتىدىغان ئانامغا قارىغىنىمدا سورىماقچى بولغان سۇئاللىرىم ئىختىيارسىز بوغۇزۇمدا قالاتتى.

مەن ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ بىللە قايتىش تەكلىۋىنى ئىختىيارىمسىز رەت قىلاتتىم . ئۇنىڭغىمۇ ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى ئەھۋاللار ئايدىڭ بولغاچقىمىكىن ئانچە زورلاپ كەتمەيتى. ئويلاپ باقسام ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىگە تاكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 ـ يىللىقىغا چىققۇچە مىنگىشىپ باقمىغان ئىكەنمەن.

كامىل ئىككىمىز بىر يېزىدىن، كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ،1 ـ سىنىپتىن تارتىپ بىر سىنىپتا ئوقۇپ كىلىۋاتقان ساۋاقداش بولغاچ، ئانامنىڭ ئەسكەرتمىلىرى مىنى سەل دىلغۇل قىلغاننى ھېساپقا ئالمىغاندا بۇ يەردە ئۇ مىنىڭ بىردىنبىر ھىمايىچىمدەك، ئەڭ يېقىن ئادىمىمدەك بىلىنەتتى، بارا ـ بارا دەم ئېلىش پۈرسەتلىرىدە تەبىئىيلا مەكتەپ گۈللۈكى ياكى سىنىپلاردا بىللە ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىدىغان، كۇتۇپخانىلاردا بىللە كىتاپ ئوقۇيدىغان ۋە ئوقۇغان كىتاپلىرىمىزنىڭ ۋەقەلىك مەزمۇنلىرى ھەققىدە پىكىرلىشىدىغان بولدۇق. يېزىمىزدىكى باللار، كىچىك چاغلىرىمىزدىكى ئىشلار ھەققىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن قىزغىن مۇڭدىشىپمۇ كىتەتتۇق. خۇددى قېرىنداش ئاكا ـ سىڭىللاردەك باغلىنىپ كەتكەن سەممىي رىشتىمىز بارا ـ بارا بىزنى ئەڭ يېقىن، سىرداش، قەلبداشلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى.

تولۇق ئوتتۇرىغا چىققان دەسلەپكى كۈنلەردە ئىختىيارسىز ئارىمىزدىكى بۇ خىل ئارامبەخش مۇناسىۋەت مۇرەككەپلىششكە قاراپ يۈزلەندى. بىر ـ بىرىمىزدىن ئىختىيارسىزلا ئېھتىيات قىلىدىغان، كۆرۈشسەكمۇ گەپلىرىمىز قولاشمايدىغان، كاملنى كۆرسەملا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم يىنىك تىترەپ، جىسمىم لەرزىگە كىلىپ، يۈزلىرىم ئوت ئالىدىغان بولۇپ قالدىم. بىلمەن شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ھەركەتلىرىمۇ شۇنچە سۇنئىي، قاملاشماي قالاتتى، پىشانە ـ بۇرۇنلىرىدىن ئۇنچىدەك تەرلەپ تەپچىپ چىقاتتى، ۋە چاندۇرماسلىق ئۈچۈن گەپنى باشقا ياققا بۇرايتى ياكى ئۈندىمەيلا كىتىپ قالاتتى. مەن بولسام پىنھانلارغا مۆكۈنىۋېلىپ ئۇنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا كۈزىتەتتىم، ئۇنىڭ سىياقىغا خۇددى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك ھەۋەس ۋە مېھىر بىلەن سەپسالاتتىم. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۈزىتەتتىم ۋە كىچىككىنە خاراكتىر، ئادەت ـ مىجەزلىرىگىچە قەلب خاتىرەمگە ئورنىتىۋېلىشقا تىرىشاتتىم. بەزىدە ئۇنىڭمۇ مىنى شۇنداق كۈزىتىۋاتقىنىنى سىزىپ قالاتتىمدە،

چاندۇرماي ئىش ـ ھەركىتىمنى ئۆتنىڭغا چىرايلىق كۆرستىشكە ئۇرۇناتتىم. «تۇۋا» دەپ پىچىرلايتىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە، مۇھەببەت دىگەن شــۇمۇ؟ كىچىككىنە ئۆز ئائىلەمدە كۆرۈپ كەلگەن ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا مېنى كاملنى ياخشى كۆرۈپ قالسام ھە؟! ئۇ مىنى ياخشى كۆرەمدىغاندۇ؟ شۇنداق ئۇمۇ چوقۇم مىنى ياخشى كۆرىدۇ! ئۇ مىنى ياخشى كۆرمىسە ھەممە ئىشلىرىمغا ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلۈپ كىلەرمىدى؟ ياسىن مىنى بوزەك قىلغاندا 4 بالا بىلەن يالغۇز مۇشتلىشىپ يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالارمىدى؟ تالاي رەت ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدا مىنى ئاقلاپ گۇناھىمنى ئۆز ئۈســـتىگە ئالارمىدى؟ ھە راســت تېخى پەرھات بىلەن ئىككى ئېغىز پاراڭلىشــىپ تۇرۇپ قالغىنىمغا شــۇنچە خاپا بولۇپ نەچچە كۈنگىچە چىراي ئاچمىدى كىتەرمىدى؟ مانا بۇ مۇھەببەتنىن پەيدا بولغان كۈنلەش ئەمەســمۇ؟ ئۇنىڭ كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ مىھرى بىلەن تىكىلىپ قاراشــلىرىدىن، مۆڭلۈق بېقىشــلىرىدىن چوڭقۇر بىر مۇھەببەت يۇرۇكۈمگە ئىزگۈ كۈيلىرىنى يېزىۋاتاتتى. ئۆزۈن كېچىلەردە كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ ئىلىنمىغىنىدا ئۇنىڭغا دىيەلمىگەن نۇرغۇن ســىرلىرىمنى، يۈرەك سـۆزلىرىمنى خاتىرە بېتىگە سىڭدۈرەتتىم. لېكىن، نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ بۇ خاتىرەنى كۆرۈپ قېلىشىدىن خاۋاتىرلىنەتتىم.

غايىۋانە قايىل ئىدىم ئەقلىڭگە،
يىتەر ئىدىم بىر كۆرمىسەم قەدرىڭگە.
چايقىلمەن تاش ئېتىلغان كۆلچەكتەك،
سىڭمەك بولۇپ غۇبارسىز پاك قەلبىڭگە.

گۈزەل سەھرا بىزنى قوشتى قاتارغا،
بىز ئوخشايتتۇق خۇددى كۈلگۈن باھارغا.
بۇرۇتلىرىڭ خەتكۈچ بولۇپ قەلبىمگە،
تەمشىلەتتى ئىزگۈ بىر كۈي يازارغا.

يازغىنىڭدا تۇنجى خەتنى لىۋىمگە،
مەن ئوخشىغان ئەسلىدىكى ئۆزۈمگە.

سەۋدالىقى مۇھەببەتنىڭ سۆيگەندە،
گۈل كۆرۈنگەن ئىدى هايات كۆزۈمگە.

سېنىڭ ئۈچۈن شېرىن چۈشلەر كۆرەتتىم،
تاتلىق ـ تاتلىق خىياللارنى سۈرەتتىم.
يەتكۈزگەندە سەندىن خەۋەر بىرلىرى،
زۇلەيخادەك بارلىقىمنى بېرەتتىم.

مۇڭلۇققىنە قارىشىڭنى خىيال قىپ.
تەسەۋۋۇرسىز شىرىن ھىستا كۈلەتتىم.
كېچىلىرى يۇلتۇز بىلەن سىردىشىپ،
ھىسلىرىمنى نۇر ـ زىياغا كۆمەتتىم.

تاسادىپىي ئۇچراشقاندا نىگاھلار،
ئوق ياغاتتى قاراقلاردىن ئۈزۈلۈپ.
كىرپىكلەرنىڭ گىرەسىدىن چېھرىمىز،
كېتەر ئىدى كۆك ئاسماندەك سۈزۈلۈپ.

بۇ شېئىرنى مەكتەپتىن سىنىپتىكى ساۋاغداشلارنى قۇمتوغراقتا كېۋەز تەرگىلى ئاپارغاندا كېچىدە ياتاققا قايتىپ يازغان ئىدىم. ئۇ كۈنى كەچتە ساۋاغداشلار گۈلخان يېقىپ ناخشا ئېيتىشىپ ئولتۇرغان ئىدۇق. گۈلخاننىڭ تەپتىدە قىزىرىپ كەتكەن ئىللىق چېھرىڭ كۆزلىرىمگە باشقىچە نۇرلۇق كۆرۈنگەن ئىدى. ئىمىشقىكىن كۆزلىرىمىز رەت ـ رەت ئۇچرىشىپ قالاتتى. قاراقلاردىن ئوخچۇپ چىققان نىگاھلار يۈرەكلەرگە ئوقيا كەبى تىگەتتى، يۇ چۆچۈپ كۆزلىرىمىزنى بىر ـ

بىرىمىزدىن قاچۇراتتۇق. ئوغۇللار بايا ئېتىزلىقتىن ئۈزۈۋېلىپ كېۋەزلىككە تىقىپ قويغان تاۋۇزلىرىنى ئەكىلىپ مۇشــتۇملىرى بىلەنلا ئۇرۇپ پارچىلاپ ھەممىمىزگە ئۈلەشــتۈرۈپ بەردى. كېلەڭســىز پارچىلانغان تاۋۇز پارچىسىنى يۈزلىرىمىزگە سۈۋاپ يېيىشكە باشلىغان ساۋاغدا شلار بىر ـ بىرىمىزنى مەسخىرە قىلىپ قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

ـ كاملە، ـ دەپ توۋلىدى ئەختەم تاۋۇز پارچىســىنى قولىغا ئالغاچ، ـ مۇئەللىمنىڭ قېشــىغا بېرىپ ناندىن بىرەر ـ ئىككىنى ئەكىلە، تاۋۇز بىلەن يىسەك بەك پەيزى بولىدۇ.

ـ ياق، قورقىمەن، ـ دېدىم مەن ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ قويۇپ، ـ باشقىلار ئەكەلسۇن!

ـ ھەي مۇئەللىم ســەندىن باشــقىمىزغا ئاســانلىقچە نان بەرمەيدۇ جۇمۇ؟ ماڭە ئۇنداق قىلماي، قوسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. ھەراست، كاملە بىللە بېرىشىپ بەرسۇن.

ـ كاملە مۇئەللىمنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ، ـ دېدى پاتىمە قاقاھلاپ كۈلۈپ، ـ ئۇ بۇگۇن تەرگەن كېۋىزىنىڭ كۆپ قىســمىنى كاملەنىڭ كەم قالغان ۋەزىپىســىنىڭ ئورنىغا تولۇقلاپ بېرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى توشماي مۇئەللىمدىن تىل ئىشتقان تۇرسا؟ ئۇ بارسا نان ئەمەس جېنىنى ئاران ئېلىپ كېلەرمىكىن؟

ســاۋاغداشــلارنىڭ ھەممىســى كۈلۈشــۈپ كەتتى. خىجىللىقتىن يۈزلىرىم ۋىللىدە ئوت ئالدى ۋە ئۆزۈمنى ساۋاغدا شلارنىڭ نەزىرىدىن قاچۇرۇپ گۈلخانىغا تا شلاش ئۈچۈن را سلاپ قويۇلغان ئوتۇن دۆۋىسى تەرەپكە كەتتىم.

ئەختەمنىڭ يالۋۇرۇپ تۇرىۋېلىشى ۋە «قورسىقىم ئېچىپ كەتتى» دەپ جىدەل سېلىشى بىلەن كاملە ئىككەيلەن قىزلار ياتىقىغا بېرىپ مۇئەللىمدىن نان ئەكىلىدىغان بولدۇق.

ـ تېخىچە قايتماي نىمىش قىلىۋاتىســلەر؟ ھازىر تېخى ســىلەرنى ئىزدەپ باراي دەپ تۇراتتىم، ـ دەپ كايىدى مۇئەللىم قۇچاق يەتكۈســىز چوڭ يېقىلغان نىپىز ناندىن ئىككىنى ماڭا ئۇزاتقاچ، ـ ناننى ئوغۇللارغا بېرىپ قىزلارنى دەرھال چاقىرىپ كېلىڭ.

مەن مۇئەللىمگە «ماقۇل» دىگەن ئىپادىدە باش لىڭشــىتتىم ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ ســىرتتا مىنى ساقلاپ تۇرغان كاملىغا كۆزۈمنى قىسىپ مەغرۇرلانغان ھالدا قولۇمدىكى ناننى كۆرسەتتىم.

كاملە بىلەن يانمۇ يان مېڭىپ ســـاۋاغداشـــلار بار تەرەپكە كىتىۋاتاتتۇق. يېقىندىن بۇيان ئوخ شا شلا ئايرىم قالغان چېغىمىزدا كۆپ پاراڭلا شمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدۇق. بىر ـ بىرىمىزگە

پات ـ پات قاراپ قويغاننى ھىسساپقا ئالمىغاندا، ئېغىر سوكۇت ئىچىدە ئۆز خىياللىرىمىز بىلەن سىردىشىپ كېتىپ باراتتۇق، كامىل تۇيۇقسىز:

ـ توڭلىدىڭمۇ؟ مە ماۋۇ چاپاننى كىيۋال، ـ دىدى ئۇ ئۇچىسىدىكى چاپاننى سېلىپ ماڭا ئۇزاتقاچ.

ـ ياق، بولدى، توڭلىمىدىم، ـ دىدىم مەن.

ئەملىيەتتە كەچكۈزنىڭ سوغۇقى ئۆز كۈچىنى خېلىلا كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي چاپاننى ماڭا يېپىنچاقلىتىپ قويماقچى بولۇپ ئۇستۇمگە ئارتىۋاتاتتى، ئۇنىڭدىن كىلىۋاتقان ئەرلەرگە خاس ھىدىدىن ھېيىقىپ چاپاننى ئۆزۈم يېپىنچاقلىماقچى بولۇپ ئۇنىڭ بوينۇمغا ئارتىلىپلا قالاي دېگەن قوللىرىدىن چاپاننى ئېلىۋالماقچى بولدۇم. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان قىززىق نەپەسلىرى مەڭزىمگىلا ئۇرۇلدى. قولۇم ئۇنىڭ قولىغا تېگىشى بىلەن خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك چۆچۈپ كەتتىم. بەدىنىمگە تولىمۇ ئىللىق بىر سىزىم ئولاشتى. كۆزلىرىمىز ئۇچراشتىيۇ بىر ـ بىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي ئۇزۇندىن ئۇزۇن تىكىلىپ قېلىشتى. بىر ـ بىرىمىزگە تىكىلىپ قاراپ، ئۈنسىز سىردىشىپ قانچە ئۇزۇن تۇرغىنىمىزنى بىلمەيمەن. پەقەت ئۇنىڭ چوغدەك ھارارەتلىك لەۋلىرى لېۋىمگە تەككەندىلا ھوشۇمنى تېپىپ ئەسلىمگە كەلدىمدە، قورقۇنۇشلۇق بىر ۋەھىمىنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ گۈلخان تەرەپكە قاراپ يۈگرەپ كەتتىم. يۈرەكلىرىمنىڭ سوقۇشى ئۆزۈمگە ئاڭلىنىۋاتاتتى. پۈتۈن بەدىنىم لەرزىگە كىلىپ ئەتراپىمدىكى كەچكۈز ياپراقلىرى بىلەن تەڭ تىترەيتتى.

تەلىيىمگە ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان مەڭزىمنىڭ رەڭگىنى گۈلخاننىڭ تەپتىدە ھېچكىم پەرق ئېتەلمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى ياتاققا قايتقۇچە ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالمىدىم. لېكىن، ئۇنىڭ يەر تېگىدىن ماڭا مېھرى بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغىنىنى سىزىپ تۇراتتىم، ئەلۋەتتە.

ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ لېۋىمگە ئاستا تەككەندىكى ھارارىتى ئىختىيارسىز ئېسىمگە كىلىۋالاتتى ۋە ئەينى چاغدىكى ئەندىكىش ئىچىدىكى ئالاھىدە ئىنچىكە تەسۋىرلىگۈسىز لەززەت رەت ـ رەت تەكرارلىنىپ تۇيغۇلىرىمنى غىدىقلاپ ھالسىرىتاتتى.

ياتاققا قايتىپ كۆرپەمگە ئۇيقۇ ئىلىنمىدى. تەگسىز خىياللار قوينىدا كەلگۈسىمىز ھەققىدە نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلارنى قىلدىم، خاتىرە بېتىدە توختاۋسىز يۈگرەۋاتقان قەلىمىم ئەركىمگە بويسۇنمايتتى.

هېيقىمەن كۆزلىرىڭگە قاراشتىن،
خۇددى پەرۋانە چىراققا ئاشىق بولسىمۇ
قانتى كۆيگەندە ھارارەتتىن
ئەندىكىپ ئۆزىنى ئېلىپ قاچقاندەك.
قورقىمەن ئۇنىڭ چوڭقۇرلىقىغا چۆكۈشتىن
چۆنكى تۇنجۇقۇپ قالىمەن ھۇدۇقۇشتىن،
ئەپسۇس، ئىختىيارسىز قاراپ سالىمەن
دەقىقە ئىچىدە ماراپ سالىمەن،
ئۇچرىشىپ قالىدۇ شۇندا كۆزىمىز
چۆچۈپ كېتىمەن ئاجىز ئاھۇدەك
نۇقتا تاپالماي قارىغۇالغۇدەك
قارچۇقلىرىمنى ھەريان چاچىمەن
سىلكىپ ـ سىلكىپ كىرپىكلىرىمنى
خاتىمەدە تەسلىم بولغان كۆزلىرىمنى
ئاھ! يەنىلا سەندە ئاچىمەن.

مۇھەببەت ـ شۇنچە ئۇلۇغ بىر تىلسىم ئىكەنكى، ئۇ ئىنساننىڭ بارلىقىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىكەن. جىمغۇر، ئىچ مىجەز كىشىلەر ئۇنىڭ جامىدىن تۇنجى يۇتۇم شاراپنى ئىچىشى بىلەن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا چېھرى نۇرلىنىپ، ئېچىلىپ، شوخلىشىپ قالىدىكەن. يەنە بەزى شوخ قىز ـ يىگىتلەر بولسا جىمغۇرلىشىپ، مۇڭلۇق كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ خىيال قىلىدىغان ئامراق ئېغىر ـ بېسىق ئاشىقلارغا ئايلىنىدىكەن. شۇنداق، مەن دەل كېيىنكى كىشىلەر قاتارىغا ئۆتتۇم بولغاي، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا يۇرەك تىۋىشلىرىمنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان، ھەرخىل پەرەز ۋە ئاللىقانداق ۋەھىمىلەر قوينىدا پۇچۇلىنىدىغان ، كونىسىرى ئېغىرلىشىۋاتقان ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئۆز سوكۇناتىمغا بەنت بولىدىغان بولۇپ قالدىم. مەن كامىلنى سۆيىمەن! ئۇمۇ

منى ســۆيىدۇ! شــۇڭلاشــقا چىھرىمىزدە نۇر ـ زىيالار چاقنايدۇ. بەخت تەپتى كۆزلىرىمىزدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچرىتىدۇ. ھەر كۈندىكى قۇياش بۇرۇنقىدىن ئىللىق بىلىنىدۇ. بۇرۇن ئانچە كۆزگە چېلىقمىغان گۈللەرنىمۇ قانچىلىك رەڭدار ئىكەنلىكىنى ئەمدى ھېس قىلىمىز. كائىناتنىمۇ، ھاياتلىقنىڭ، ھەممە ـ ھەممىنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى بۇرۇن نىمىشقا بايقىمىغان بولغۇيتۇق ھە؟! ياق! ئۇ چاغلاردا بىزدە مۇھەببەت يوق ئىدى. ھەممىگە مېھىر بىلەن قارايدىغان مۇھەببەتلىك كۆزلەر يوق ئىدى.

ھاياتىمنىڭ تۇنجى بەتلىرى شــــىرىن مۇھەببەت مســــراللىرى بىلەن بېزىلىپ، يۇرۇگۇم ئۆزۈم سۆيگەن كىشــى تەرىپىدىن ســۆيۈلۈشــتەك خۇشــاللىقتا تېپچەكلەۋاتقان شــۇ پەيتلەردە نىمىدىندۇر ئەنسىزلىنىپ سارا سىمىگە چۇ شۇپمۇ قالاتتىم. ئەنسىرد شىمىنىڭ سەۋەبى يەنىلا ئىككى ئائىلىنىڭ كەسكىن، سوغۇق مۇناسىۋىتىنىڭ بىزنىڭ كەلگۈسى بەختىمىزگە قىزىل چىراق يېقىپ، تەقدىرنىڭ رەھىمســىز ئارقانلىرى بىلەن ئىككەيلەننى باغلاپ، ئۆمۈرلۈك ھېجران چۆلىگە تاشلاپ قويۇشــىدىن خاۋاتىرلىنىشتە ئىدى.

ئەنسىرەيمەن بىر كۈنلىرى تەقدىر بىزنى،
ئاجىزلىقنىڭ ئارقىنىدا باغلارمۇ دەپ.
سۆيگۈ تىلەپ تۇرغان مىسكىن يۈرەكلەرنى،
رەھىمسىزلىك ئوتلىرىدا داغلارمۇ دەپ.

ئەنسىرەيمەن بىر كۈنلىرى سۆيگۈ بېغى،
جۇت ـ شىۋىرغان دەستى بىرلە سولارمۇ دەپ.
ئېچىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا بىر جۈپ غۇنچە،
ئۆششۈك تېگىپ بەرگىدىنلا قۇرارمۇ دەپ.

ھېلىمۇ ئېسىمدە كامىل تۇنجى قېتىم تۇغۇلغان كۈنۈمگە ئاتاپ ياغاچتىن بىر جۈپ تو شقاننىڭ چىرايلىق شەكلىنى ئويۇپ ماڭا سوۋغا قىلغان ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا سوۋغىتىنى بېرىۋېتىپ: «ھەر ئىككىلىمىز توشقان يىللىق ئىكەنمىز شۇڭا بۇ ياغاچقا جۈپ توشقاننى ئويدۇم. گەرچە بۇ سوۋغات

ئاددى بولۇپ قالغان بولسىمۇ مەڭگۈ يېنىڭدىن ئايرىلماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئويۇش جەريانىدا ئىككى توشقاننىڭ ئوتتۇرىسى سەل نېپىز چىقىپ قالدى، دىققەت قىل، سونۇپ كەتسىلا بۇ بىر جۈپ توشقان بىر- بىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ھەم قىممىتىنى يوقىتىدۇ» دېگەن ئىدى. مەن قولۇمدىكى سىپتا ئويۇلغان جۈپ توشقانغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن تويماي قارىغان ۋە نۇرغۇن ئىزگۈ خىياللارنى قىلغان، ياتاقتىكى قىزلارنىڭ ئۇنى تۇتۇپ سۇندۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ھېچقايسىغا كۆرسەتمەي، تىۋت شارپامغا ئوراپ چامادىنىمنىڭ ئەڭ ئاستىغا تىقىپ قويغان ئىدىم.

يەنە بىر قېتىم ئۇ مەندىن ئارىيەت ئالغان كىتاپنىڭ بوش يېرىگە بىر جۈپ توشقاننىڭ رەسىمىنى تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن سىزىپ قويغان ئىدى. ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى بۇ توشقاننىڭ بىرىنىڭ جۈغى چوڭراق، قارا رەڭدە، يەنە بىر جۈغى كىچىكرەكى ئاق رەڭدە بولۇپ، ئۇ سۆرەتنىڭ ئاستىغا «مەن قاۋۇل قارا توشقان، سەن نازۇك ئاق توشقان، مەن سېنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلماي قوغدايمەن» دەپ يېزىپ قويغانىدى. خەتنى كۆرۈپ پۈتۈن بەدىنىمگە ياما شقان تاتلىق ھەسنىڭ تۈرتكىسىدە ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدۇم.

ئەتىسى دەرس ۋاقتىدا كەپتەر شەكلىدە قاتلىنىپ پارتامغا ئۇچۇپ چۈشكەن قەغەزدىكى «جۈپ توشقاننىڭ سۆرىتىنى كۆرگەندىن كېيىنكى تاتلىق تەبەسسۇمىڭنى بەكمۇ ياقتۇردۇم، كېچىچە شۇ ھالىتىڭنى كۆز ئالدىمدىن نېرى قىلالمىدىم، بەلكىم مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن» دېگەن خەتنى كۆرۈپ، مەڭزلىرىم ۋىللىدە ئوت ئالدى ۋە خىجىللىق ئارىلاش نارازىلىقىم بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ھومىيىپ قويدۇم. ئەسلىدە ئۇ كىتاپنىڭ رەسىم سىزىلغان بېتىنى قەستەن قاتلاپ قويۇپ مېنىڭ ئېچىپ كۆرگەندىكى ھالىتىمنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ تۇرغان ئىكەن.

ئىلگىرى ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ھېيىقىش ھىس قىلمايتىم. ھېچكىمگە دېمىگەن سۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا بىمالال دېيەلەيتىم. قورۇنۇش- تارتىنىشلاردىن خالى سىردىشاتتۇق. ئۇنى ئۆز قېرىندىشىمدەك، ھىمايىچىمدەك ھىس قىلاتتىم. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا دېيىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن سۆزلەر بوغۇزۇمغا تۇرۇپ قالىدىغان، ئۇنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئوڭايسىزلىق ھىس قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولغان نۇرغۇن سۆزلىرىمنى ئېيتالمىغىنىم، ئېيتقانلىرىمنىڭمۇ چالا بولۇپ قالغانلىقى سەۋەپلىك ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپلا ئۆزۈمنى ئەيىپلەشكە باشلايدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. سىنىپقا مەن ئاۋال كىرەي ياكى ئۇ ئاۋال كىرسۇن ھامان لەپپىدە ماڭا قارىغىنىدا كۆڭلۈمگە «چاچلىرىم پاخپىيىپ قالمىغاندۇ ھە؟ ياغلىقىم مايماق ئەمەستۇ؟ كۆزۈمدە چاپاق بارمىدۇ؟» دېگەندەك ئەندىشىلەر تولۇپ خاتىرجەمسىزلىنەتتىم ۋە ئامال بار ئۇنىڭ نەزىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرغۇم كېلەتتىيۇ يەنە ئۇنىڭ ماڭا نەزەر سېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۇ ماڭا قاراپ سۈس تەبەسسۇم

قىلىپ، كۆزلىرى ۋە يىنىك لىڭشىتقان باشلىرى ئارقىلىق ھال سورىغىنىدا يۈرۈكۈم قانائەتلىنىپمۇ قالاتتى. ئۆز ئۆزۈمگە پۈتكۈل جاھانغا جار سالغان كەبى «ئۇ مىنىڭ!» دەپ پىچىرلاپ قوياتتىم.

كامىل ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى تونجى بولۇپ ياتاقداش دوستۇم شەكىلە سېزىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىمۇ ئارقا سوراۋېرىدىشلىرى، ئۆزىنىڭ پەرھات بىلەن بولغان مۇھەببىتىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بېرىدىشى مېنىمۇ ئاخىر ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېيتىدىشقا تەسلىم قىلغانىدى. شۇ ياشتىكى قىزلارنىڭ تونجى مۇھەببىتى ئاتا قىلغان ھىسلىرىنى بىرەر دىلكەشىگە ئېيتىۋېلىشىنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى شۇ ياشتىكى قىزلارلا چۈشىنىدۇ ئەلۋەتتە.

شۇنىدىن كېيىن شەكىلە مېنىڭ تېخىمۇ يېقىن دوستۇمغا، سىرداش، دىلكەشىمگە ئايلانىدى. ئىككىمىز ياتاقنىڭ توكلىرى ئۆچۈرۈلگەنىدە دېرىزىدىن سىرتتىكى ھىلال ئايغا تويماي قارىشىپ يانمۇيان ئولتۇرۇپ، دىل سىرلىرىمىزنى، ھىس-تۇيغۇلىرىمىزنى تۆكۈشەتتۇق. مۇھەببىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە شېرىن خىياللارنى سۈرەتتۇق. ئۇ پەرھاتنى چىن دىلىدىن سۆيەتتى. لېكىن ئۇنىڭ تەشۋىشلىرى مېنىڭكىنى بېسىپ چۈشەتتى. شەكىلەمۇ چەت يېزىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇۋاتقان بىر ئاددى دېھقان قىزى. پەرھات بولسا مۇشۇ شەھەر مەركىزىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، دادىسى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ پەرھاتتا ھېچنىمىگە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىغان، بىغەملىك ۋە كىبىرلىك بار ئىدى. ئۇ ھەتتا بەزىدە شەكىلەگىمۇ ئاشۇ كىبىرى بىلەن ئانچە ئېتىۋار قىلىپ كەتمەيتى. بۇنداق چاغلاردا شەكىلە تولىمۇ ئازاپلىنىپ، مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ھالىتىگە قاراپ ئىچىم ئېچىشىپ قانداق ياردەم قىلىشىمنى بىلمەي ئازاپلىناتتىم ۋە ئۆز لايىقىدا ھەرخىل تەسەللى بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا تىرىشاتتىم.

پەرھات بەزىدە شەكىلەگە ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلە قىلىپمۇ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا شەكىلەنىڭ چېھرىدىكى بەخت نۇرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق ياشلىرىمنى تۆكەتتىم ۋە پەرھاتنىڭ ئەسلىدىنلا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بەزىدە كىچىككىدىن يېتىلگەن ئىچ مىجەزلىكى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا ئانچە ياخشى مۇئامىلە قىلالمىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ شەكىلەنىڭ كېلەركى قېتىملىق ئازابىنىڭ تەسەللىسىنى ئالدىن بېرىۋالاتتىم.

تۆلۈق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى كەلدى. ھەممە ساۋاقداشلار ئوخشاشلا ئالى مەكتەپ ئىمتاھانىغا جىددى تەييارلىق قىلىۋاتاتتۇق. شۇنداق، شۇنچە يىل ئوقۇغانلىرىمىزنىڭ نەتىجىسىنى خۇلاسىلايدىغان ھالقىلىق پەيت كەلدى. تەقدىر-پېشانىمىزگە تاللاش-شاللىنىشنىڭ ئۈمىت ۋە تەشۋىشكە تولغان پۈتۈكى پۈتۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى. سىنىپتىكى ھەممىمىزنىڭ

چېھرىدىن جىددىيچىلىك ۋە ئەندىشە تۆكۈلۈپ تۇرغاندەكلا كۆرۈنەتتى. كامىل ئۆزىنىڭ ئەندىشىلىرىنى مىنىڭ ئالدىمدا چاندۇرماي ماڭا مەدەت بېرەتتى، رىغبەتلەندۈرەتتى. ئەلۋەتتە ئىككىمىزنىڭ ئەندىشىسى ئوخشاش ئىدى. ئالى مەكتەپ ئىمتاھانىدىن بىرسىمىز ئۆتەلمەي قالساقلا بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى روھى بېسىمىمىزنىڭ ئېغىرلىتىۋەتكەن بۇ مەزگىللەردە بىر-بىرىمىزگە مەنىلىك قارىشىپ تۇرۇپ قالىدىغان بولۇپ قېلىشقان ئىدۇق.

- ئەگەر ئىككىمىزدىن بىرىمىز ئىمتاھاندىن ئۆتەلمەي قالساق قانداق بولار ھە؟! - دەپ سورىدى بىر كۈنى كەچلىك تەكرار ۋاقتىدا كامىل كۆزۈمگە سۇئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ.

- مەن ئويلىنىپ قويدۇم كامىل، - دېدىممەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ، - ئەگەر سىز ئۆتەلمىسىڭىز مەنمۇ ئالى مەكتەپكە بارمايمەن. مەن ئۆتەلمەي قالسام سىز خاتىرجەم بېرىۋېرىڭ، مەن سىزنى ساقلايمەن. سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىۋېتىپ يىنىكلەپ قالغاندەك بولدۇمىيۇ، خىجىللىق ئىلكىدە يەرگە قارىۋالدىم.

- ئىككىمىز ئەزەلدىن ھەرقايسى دەرسلىكلەردە سىنىپتىكىلەرنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدۇق. ئەگەر ئىككىمىز ئۆتەلمىسەك باشقىلاردا ئۈمىد يوق دىگەن گەپ، ھازىرچە كۆپ ئەندىشە قىلماي تەييارلىقنى ياخشى قىلايلى كامىلە. مەن ئىشىنىمەن، بۇ ئىمتاھاندىن چوقۇم ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ كىتىمىز. قولنى قولغا تۇتۇشقان ھالدا ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئالى مەكتەپتە بىرگە ئوقۇپ، بىرگە قايتىمىز. ئاندىن ئىككىمىز...ئىككىمىز....

- ۋاي - ۋۇي...نىملەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز ئەمدى؟! بولدى قىلىڭە. كېيىنكى ئىشلارنى تەقدىرگە تاپشۇرۇپ ھازىرقى تەييارلىقىمىزنى ياخشى قىلايلى، - دېدىممەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

ئىمتىھان باشلاندى. سورۇلۇك ئۇقۇتقۇچىلار، سوغۇق سىنىپ، مۇزدەك ئىمتاھان قەغىزى....ھەممىسى شۇنچە ۋەھىملىك بىلىنەتتى. ئىمتاھان سۇئاللىرى دەل كامىل ئىككەيلەن قايتا - قايتا ئۆگىنىپ پىششىقلىۋالغان بۆلەكلەردىن چىقىرىلغان ئىدى. سۇئاللارغا بىر قۇر نەزەر تاشلاپ بۆلەكچىلا جانلىنىپ كەتتىم، سۇئاللار ماڭا ئويلىغىنىمدەك ئۇنچە قىيىن بىلىنمىدى. ئەلۋەتتە مەن قىينالماي بەردىم دىگەنلىك كامىلمۇ ئۇنچە قىينالمايلا ئۆتۈپ كىتىدۇ، دىگەنلىك ئىدى.

بۈگۈن ئېلىنغىنى ئەڭ ئاخىرقى ئەدەبىيات ئىمتاھانى ئىدى. ئىمتاھان قەغىزىنى مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ سىنىپتىن چىقىپلا كامىلنى ئىزدىدىم. بۇ قېتىمقى ئىمتاھان يېزىمىز قاراشلىق ناھىيەنىڭ

ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن بىر تۇتاش ئېلىنغاچقا كامىل ئىككىمىز مائارىپ ئىدارىسىغا قاراشلىق ئىككى ئىمتاھان مەيدانىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدۇق. دەرۋازا سىرتىدا بالىلىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلار قاتارىدا ئىنتىزارلىق بىلەن يولۇمغا قاراپ بويۇنلىرىنى سوزۇپ تۇرغان ئاپام - دادامىلارنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇلارنى خۇددى ئىمتاھان نەتىجەم چىقىپ بولغاندەك زەپەر ھىسسىدا قۇچاغلىدىم.

ئاتا - ئانامغا ئىمتاھان سوئاللىرىنىڭ ھەممىسىگە توغرا جاۋاپ بەرگىنىمنى ئېيتىپ ئۇلارنىمۇ خۇشاللىقىمغا ئورتاقلاشتۇرۇپ، شاتلاندۇرغان بولسامۇ ئۇلاردىن بىر قەدەممۇ ئايرىلالمىغاچ كامىلنى ئىزدىيەلمەي، ئۇنىڭ ئىمتاھاننى قانداقراق بەرگىنىنى بىلەلمەي يۈرۈگۈم ئارامسىز تىپچەكلەپ، كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتاتتى.

ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە ناھىيە بازىرىدىكى ئاشپىزۇلدا تاماق يەۋېتىپ دېرىزە سىرتىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن خۇشال كۈلۈشۈپ كېتىۋاتقان كامىلنى كۆرۈپ قالدىم، شۇنداقلا ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقتىن خاتىرجەم بولۇپ كۆڭلۈم ئارامغا چۈشۈپمۇ قالدى.

چۈشتىن كېيىن ياتاقتىكى نەر سە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتىم، شەكىلە يىغلامسىراپ كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئىمتاھاننى ياخشى بېرەلمىگەنلىكىنى پەرەز قىلدىم.

- ئاداش مەن چوقۇم ئۆتەلمەيمەن، - دىدى ئۇ ئۆزىنى يىغىدىن توختىتالماي. - سوئاللارغا قاراپ بېشىم قېيىپ كەتتى. يېرىمىغا توغرا جاۋاپ بېرەلىشىمگىمۇ ئىشىنەلمەيمەن.

- ئۇنداق دىمە شەكىلە، - دىدىممەن ئۇنى كارۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قوللىرىنى ئالقىنىمنىڭ ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىڭ سىقىپ، - ئىمتاھان دىگەن تەقدىرگە باغلىقمۇ بولىدۇ. كىم بىلىدۇ سەن ئۆتۈپ مەن ئۆتەلمەي قالامدىم تېخى. ھازىرچە بۇنىڭغا بىرنىمە دىمەك تەس، شۇڭا كۆپ ئويلانمىغىن، نەتىجىمىزنى كۈتەيلى بولامدۇ؟

- مەن بۇ ئىمتاھاندىن چوقۇم ئۆتۈشۈم كېرەك كامىلە! - دىدى ئۇ قىزىرىپ كەتكەن چىرايلىق كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، - بولمىسا مەن پەرھاتتىن ئايرىلىپ قالىمەن. ئۇ چوقۇم ئۆتۈپ كىتىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى ئالى مەكتەپكە كىتىدۇ. بىزنىڭ ئەھۋالنى بىلسەن، ئۆيدىكىلەر مىنىڭ ئۇنى ساخلىشىمغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ، بىرەر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا مىنى ياتلىق قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنى ساقلىيالىدىم دىگەن تەقدىردىمۇ ئۇ ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەردە نەچچە يىل ئوقۇش جەريانىدا ئۆزگىرىپ كىتىشى، مىنى ئۇنتۇپ كىتىشى مۇمكىن.

- يوقىلاڭ خىياللاردا بولمىغىن شەكىلە، ئاۋال نەتىجىمىز چىقسۇن. قالدى ئىشلارنى شۇ چاغدا ئويلىشارمىز. مەن دىدىمغۇ، ئىمتاھان دىگەن تەقدىرگە باغلىق. كىم ئۆتۈپ، كىم قالىدۇ؟ ھازىرچە ھېچقايسىمىز بىر نىمە دىيەلمەيمىز. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىۋاتىدۇ ئاداش، سەن چوقۇم ئۆتىسەن. ئەنسىرىمە بولامدۇ؟ - دىدىممەن ئۇنى تېزرەك يىغىدىن توختىتىشقا تىرىشىپ.

شەكىلە ئىككەيلەن خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆز غەملىرىمىزگە بەنت بولۇپ ئۈنسىز ھالدا نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، دەرۋازا ئالدىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئاتا - ئانىمىزنىڭ يېنىغا چىقتۇق ۋە نەرسىلىرىمىزنى ھارۋىلىرىمىزغا بېسىۋېتىپ بىر - بىرىمىز بىلەن قۇچاقلىشىپ، ياخشى تىلەكلەرنى تىلىشىپ، خوشلاشتۇق.

ئۆيگە قاتقاندىن كىيىن تەبىئىيلا ئانامغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرى، تاماق ئېتىش ۋە رەشدىيە، كەشتە ئىشلىرىنى ئۆگەندىم. تۇنجى قېتىم ياستۇق قېپىغا بىر تال قىزىل گۈلگە قونۇپ سايراۋاتقان بۇلبۇلنى كەشتىلىدىم ۋە ئۇنىڭغا ھەر بىر يىڭنە سانجىغۇچە تاتلىق ھىسلاردا كاملنى ئوتلۇق مۇھەببىتىم بىلەن ئەسلىدىم. ئۇنى سېغىنغان تۈنلىرىمدە دەرىزىدىن ئۆز جۇلاسىنى نامايەن قىلىپ مارىلاۋاتقان ھىلال ئاي بىلەن سىردىشاتتىم. تۇيغۇلىرىم شۇ دەمدە ئۇنىڭمۇ ماڭا بولغان سېغىنىشلىرىنى ئۈنسىز ھالدا ئايغا تۆكىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدۇراتتى. تىۋىشسىز كېچىلەردە ئىختىيارسىزلا قولۇمغا ئالغان، ئوتلۇق نىدالىرىمنىڭ شاھىدى بولغان قەلىمىملا ماڭا ھەمراھ بولۇپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇراتتى. ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشىمنى قانچە يازسامۇ يەنىلا بىر يەرلىرى كەمتۈكتەك بىلىنىپ يەنە قايتا يازاتتىم.....

قەلەم - ئۇ شۇنداق قابىل ئىكەنكى، تەپەككۇر جاۋاھىراتلىرى ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈلىدىكەن. ئۇ ئۆز خاسىيتى بىلەن ئاق قەغەز يۈزىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرالايدىكەن. ئۇنىڭ سىرداشلىقىدەك يېقىن دوست بارمۇ جاھاندا؟ ئۇنىڭ دوستى سەن، سىنىڭ دوستۇڭ ئۇ، ئۇ سىنىڭ يىغاڭنى، كۈلكەڭنى، ئازابىڭنى، شادلىقىڭنى.. تالاي قۇرلارغا مۇجەسسەملەپ، تەقدىرىڭدە ساڭا ھەمنەپەس، تەغدىرداش، تەسەللى بولالايدۇ. پانى دۇنيادىكى بۇرۇقتۇملۇق سېنى غەمكىن قىلغىنىڭدا، ئازاپلار باغرىڭنى تىلغىنىڭدا، يۈرىكىڭ ئاچچىق ئېچىشقىنىڭدا خۇددى رىۋايەتتىكى ئاشىقلار ئۆز دەردىنى ھېچكىمگە تۆكەلمەي تاتلىق ئازاپ ئىچىدە قىينىلىپ، پايانسىز ئاسمانغا قاراپ جار سالغىنىدا، قەلىمى ئارقىلىق كەچمىشتىن خاتىرە قالدۇرىدۇ. سەن ھاياتتا قەلىمىڭ بىلەن ھەققى سىردىشالايدىكەنسەن، ئورتاقلىشالايدىكەنسەن. شۇندىلا ھەققى قانائەت ھاسىل قىلىدىكەنسەنكى. پايانسىز قۇملۇقتا كىتىۋاتقان يالغۇز يولۇچى زەم - زەم بۇلىقىغا يەتكىنىدەك

يىنىك نەپەس ئېلىپ، پۇخادىن چىقىپ راھەتلىنەلەيدىكەنسەن. ۋۇجۇدۇڭ يالغۇزلۇقتا قىينالغىنىڭدا ئۇ ساڭا ئەڭ يېقىن تۇرالايدىكەن، ئەگەر بەخت ـ شادلىققا چۆمگىنىڭدە ئۇنى تا شلاپ قويۇ ساڭمۇ ئۆزىنىڭ تاشلاپ قويۇلغىنىغا قىلچىمۇ ئۆكۈنمەيدىكەن. ئازاپلىق قۇرلارنى يازغىنىڭدا ۋۇجۇدى تىترەپ ھەتتا سۇنۇپ كەتكىدەك بولسىمۇ قولۇڭدىن ئاجرىمايدىكەن. شادلىقلىرىڭنى خاتىرلەرگە پۈتكىنىڭدە ئۇنىڭ يورغىلىقىغا ئۆزۈڭمۇ ئىشەنمەي قالىدىكەنسەن. ئۇ نىمە دىگەن قابىل، نىمدىگەن ئەركىن، نىمدىگەن سادىق ـ ھە؟

ـ ئەي قەلىمىم مەن ساڭا تولىمۇ ئامراق ! پۈتۈن دۇنيا مەۋجۇتلىقىمنى تەرك ئەتسىمۇ پەقەت سەنلا قولۇمدا بولساڭ مەن ھايات بېتىمدىكى ئەستىلىكلىرىمگە ئىسمىمنى ئېپتىخارلىق ئىچىدە ھەۋە سلىنىپ يازالايمەن. ھەتتا مەن بۇ دۇنيادىن خو شلۇ شۇپ كەتكىنىمدىمۇ بالام قەبرە تېشىمغا ئىسمىمنى سەن بىلەن يازىدۇ. شۇڭا ھۆرمىتىم، ئىخلاسىم ساڭا باغلانغان. بىز سەن بىلەن ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاللىبۇرۇن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. سەن بولغاچقىلا تىلىملا ئەمەس دىلىممۇ سۆزلىيەلىگەن !

ھەسرەت چەككەن چېغىمدا،
سېنى ئالسام قولۇمغا.
غېرىپلىقىم بىلىنمەس،
سەن شاھىد سەن قۇرۇمغا.

ھەربىر مىسرا،ھەر چېكىت،
سەندىن پۈتەر قەلىمىم.
خاتىرەمگە مۇجەسسەم،
سەندىن شادلىق، ئەلىمىم.

بەزى سىنى ئىگمەن،
كىلىپ قالسا غەزىپىم.
ئېشىپ بارار شۇ مەھەل،
ئاجىزلىقتا نەپرىتىم.

لېكىن رەنجىپ باقمىدىڭ،
ئايان بولغاچ ھەسرىتىم.
سەن چۈشەنگەچ گۈزەلدۇر،
ھاياتلىقتا سەپىرىم.

سىردىشىمسەن،پەخرىمسەن،
ۋۇجۇدۇمدا مادارىم.
سېنى مەڭگۈ قەدىرلەش،
مىنىڭ ئەھدۇ ـ قارارىم

مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن بىرى كامىل بىلەن ئىككى قېتىملا ئۇچرىشـــالدۇق. بىرىنجى قېتىمدا يېنىمدا ئاپام بولغاچ تۈزۈكرەك ســـالاملىشـــش ئىمكانىيىتىمۇ بولمىدى. ھەتتا باش لىڭشىتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئۆنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ كۆزلىرىمنى ئېلىپ قاچتىم. شۇ كۈنى كەچتە كۆزۈمگە ئۇيقۇ ئىلىنمىـــدى. ئۇ ئۆيـــدىكىلىرىنـــىڭ دېھقـــانچىلىق ئىشـــلىرىغـــا ياردەملىشـــۋاتقاچقىمىكىن چىرايلىرى قارىداپ، ئورۇقلاپ قاپتۇ. نىمىشـــقىكىن تولىمۇ ســـۇلغۇن كۆرۈنەتتى.

ئىككىنجى قېتىم چۈش مەزگىلىدە ئىشىك ئالدىمىزدىكى كىچىككىنە كۆكتاتلىقىمىزدىن كۆكتات يۇلۇپ قايتىۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق.

ـ ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ ـ دىدى ئۇ ئۆزىنى روھلۇق تۇتۇشقا تىرىشىپ.

ـ ياخشى، ئۆزۈڭچۇ؟ ـ دىدىم مەنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ـ مەنمۇ ياخشى، كۆكتاتلىققا چىققانمىدىڭ؟

ـ ھەئە، سەنچۇ؟

ـ ھە مەنمۇ شۇ ئۆيدىكىلەرگە ياردەملىشىپ، كېچەزلىكتە ئىشلەۋاتىمەن....

ئاڭغىچە ھويلىدىن ئانامنىڭ سوزۇپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز جىددىيلىشىپ قىسقىلا خوشلاشتۇق. مەن دەرۋازا ئالدىغا كىلىپ قالغاندا ئۇ يۈگرەپ كەلدى ۋە دەرۋازىمىز ئالدىدىكى باراخسان بولۇپ كەتكەن يوغان،قېرى سېدە دەرىخىنىڭ كاۋىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا «كەچتە بۇ يەرگە خەت تىقىپ قويىمەن» دەپ قويۇپ كىتىپ قالدى.

كەچ كىرگۈچە ئۇ قېرى سېدىنىڭ كاۋىكىنى نەچچە رەت ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىرى ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۈتىۋاتقان خەتنى قولۇمغا ئالدىم ۋە بېغىمىزنىڭ پىنھانراق يېرىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم. خەت مۇنداق باشلانغان ئىدى.

« سالام كاملە، ياخشى تۇرىۋاتامسەن؟ ساڭا نەچچە رەت خەت يېزىشنى ئويلىغان ئىدىم، بۈگۈن سېنى ئۇچراتقاندىن كيىن قەتئىي نىيەتكە كىلىپ ئاخىرى يازدىم. مەكتەپتىن قايتىپ كىلىپلا بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. ئۆيدىكىلەر بۇ يىل منى ئالى مەكتەپكە بېرىپ قالسا ئوقۇش پۇلىدىن قىينىلىپ قالمايلى، دەپ يېرىمىزنىڭ كۆپ قىسمىغا كېچەز تېرىغان ئىكەن. ئۆزۈڭ بىلىسەن بۇ يىل كۈنلۈك ئىشلەمچىلەر بەك قىس ھەم ئۇلارنىڭ تەلىۋىمۇ يۇقىرىلاپ كەتتى. شۇڭا بىز ئۆيدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ ئامال بار ئۆزىمىز كۆپرەك ئىشلەۋاتىمىز...

نەچچە كۈن بۇرۇن ئەسقەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭدىن ئاڭلىشىمچە كىلەر ھەپتىلەردە ئىمتاھان نەتىجىمىز چىقىدىكەن. نەتىجىمىزنى ئۆزىمىز مەكتەپكە بېرىپ سوۇرۇشتۇردىكەنمىز. بۇلتۇرقىلارنىڭ نەتىجىسى مەكتەپ مۇدىر ئىشخانىسىنىڭ تېمىدىكى دوسكىغا چاپلىنىپتىكەنمىش. نەتىجە كەلگەندە ئەسقەر بىزگە خەۋەر قىلىپ قويىدىغان بولدى. ساڭا دەيدىغان بەك جىق گەپلىرىم بار ئىدى ، خەير، بىر كۈنى قانغۇدەك مۇڭدىشىدىغان پۇرسەتمۇ بولار. راستلا سەن بىلەن بەك مۇڭداشقۇم كەلدى. ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن. ئەگەر كۆرۈشەلىگۈدەك پۇرسەت چىقسىلا ماڭا

بۇرۇنراق خەۋىرىنى بەرگىن بولامدۇ؟ ئاشۇ سېدە كاۋىكىغا خەت سېلىپ قويساڭ بولىدۇ. مەن ئەمدى ئەتىگىنى ۋە كەچتە ئىشىكىڭ ئالدىدىن ئۆتكەچ ئۇ يەرگە قاراپ ئۆتىمەن.

ئىمتاھان نەتىجىسىدىن بەك كۆپ ئەنسىرەپمۇ كەتمىگىن، پەشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمىز. ئاللا ئىگىمىز بىزنى قول تۇتۇشۇپ ئالى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىشكە نېسىپ قىلار. ئەگەر ئۇ كۈنلەر نېسىپ بولمىسىمۇ مەن پەقەت سەندىن ئايرىلىپ قالمىسىلا ھەرقانداق تەقدىرگە يۈزلىنەلەيمەن كامىلە! سەن مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بەخت، مەڭگۈلۈك ئىشەنچ، تەسەللى ۋە غەيرەت ـ شىجائەتنىڭ مەنبەسى!

خەير سىنى ئاللاھقا ئامانەت قىلدىم.

سىنى مەڭگۈ چىن دىلىدىن سۆيىدىغان كامىل»

خەتنى باغرىمغا باستىم! قىزىرىشقا باشلىغان شەپەق نۇرىدا قولۇمدىكى خەت ئوت بولۇپ يېنىۋاتقاندەك قوللىرىمنى، يۈرەكلىرىمنى كۆيدۈرىۋاتاتتى. ھەركۈندىكى سېغىنىشلىرىمنى، گۈل ـ گىياھ، ئېتىز ـ سەينالاردىن، ھەتتا كىچىككىنە لويىلاردىن ئېرىشكەن ئىلھام ـ تۇيغۇلىرىمنى خاتىرە بېتىگە، كەشتىلىرىمگە ۋە بەزىلىرىنى كامىلغا يازغان خەتلىرىمگە سىڭدۈرۈپ سېدە كاۋىكىغا ئاۋايلاپ سېلىش مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك ئىشلار بولۇپ قالغان ئىدى.

كامىلنىڭ ئەتە ئىمتاھان نەتىجىمىز چىقىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇلارغا بىر ھەپتىدىن بۇرى كۈتكەن ئېتىزلىقتا سۇ ئېچىش نۆۋىتى كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ناھىيەگە بارالمايدىغانلىقىنى، مۇمكىن بولسا مېنىڭ مەكتەپكە بېرىپ نەتىجىمىزنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشىمنى ھاۋالە قىلغان ئۈچۈرىنى سېدە كاۋىكىدىن ئالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئاپام بىلەن بىرگە مەكتەپكە باردىم. يولدا كەلگۈچە قانچىلىك تەشۋىشلەنگەن، ھەرخىل پەرەز، خىياللاردا پۈچۈلىنىپ كەلگەن بولسام مەكتەپنىڭ تۇنۇش دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە يۈرۈكۈم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالغان ئىدى. دەرۋازىدىن كىرىشىمگە ئالدىمغا يۈگرەپ كەلگەن شەكىلەنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ـ مەن ئۆتۈپتىمەن ئاداش، سەنمۇ ئۆتۈپسەن! پەرھاتمۇ ئۆتۈپتۇ! ھەممىمىزگە تىببى ئۇنىۋېرسىتتىن چاقىرىق كەپتۇ!!!

ـ كامىلچۇ؟ دېدىمەن بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بىئاراملىقتا.

دەرۋەقە مەن ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى! لېكىن بىر ھىسساپتا مىنىڭ كۈتكىنىمدەك ئىش بولغان ئىدى. مەن ئىمتاھاندىن ئۆتكەن، كامىل ئۆتەلمىگەن ئىدى. ئەمىلىيەتتە ئۇنىڭ سىنىپتىكى ھەرقانداق بىر ئوغۇل ئۇقۇغۇچىغا سېلىشتۇرغاندا ئىمتاھاندىن ئۆتۈش ئېھتىماللىقى يۇقىرى ئىدىغۇ؟سىنىپتىكى ساۋاقداشلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا مېڭىۋاتقان كامىل نىمىشكە ئۆتەلمەيدۇ؟!

مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ ئۆتۈپ، ئۆزۈمنىڭ ئۆتەلمەي قېلىشىمدىن، ئۇنىڭ ئالى مەكتەپكە كىتىپ قېلىشىدىن راستىنلا خاۋاتىرلەنگەن ئىدىم. بىز ياشاۋاتقان بۇ مۇھىتتا مىنىڭ ئۇنى ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگۈچە ساقلىيالىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلا شۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىككىلىمىزنىڭ ئىمتاھاندىن ئۆتۈشىنى تىلەش بىلەن بىرگە ئەگەر ئۇ ئۆتەلمەي، مەن ئۆتۈپ قالسام دەپ ئىدىيەمدە قىلىپ قويغان تەييارلىقىم بويىچە نەتىجە، چاقىرىق قەغىزىمنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ، ئۇنىسىز ياشلىرىم بىلەن ھۆلدەپ تۇرۇپ يىرتىپ تاشلىۋەتتىم!

مىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم ھەممىدىن غالىپ كەلگەن ئىدى. بۇ تالىلىشىمنىڭ بىر كۈنلەردە مىنى پۇ شايمان قوينىغا تا شلىشى مۇمكىن بولىسىمۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىۋېتىپ ئۆز-ئۆزۈمگە-مەيلى قانداقلا كۈنگە قالاي پۇشايمان قىلمايمەن، ئۆكۈنمەيمەن دەپ پىچىرلىدىم.

دەرۋازا ئالدىدا تۆت كۆزى بىلەن مىنى، مىنىڭ تەقدىرىمنىڭ پۈتۈكىنى كۈتىۋاتقان ئاپام كۆزلىرىمگە قاراپلا يىغلىغىنىمنى بىلىۋالدى بولغاي، ئەندىشە ئىچىدە، سوئال نەزىرى بىلەن كۆزلىرىمگە تەلمۈردىيۇ گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئىچ-ئىچىمدىن يىغا تۇتتى.جىنىم ئاپام، مىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدىكى گۇناھىم ئۈچۈن يىغلاۋاتقىنىمنى بىلمەيتى. مىنى ئىمتاھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن يىغلاۋاتىدۇ دەپ چۈشىنەتتى. شۇنداق مىنىڭ ئۇنىڭغا قارىغۇدەك يۈزۈم يوق ئىدى. ئۇنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى دادامنى ئالى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشۇمغا كۆندۈرۈشكە ئاز كۈچ سەرپ قىلمىغانلىقى ماڭا ئايان.بىچارە ئاپام دادامنىڭ ھېلىمدىن ھېلىغا كۆرسەتكەن سەۋەپلىرىگە، ھەيۋە-ئەسكەرتمىلىرىگە شۇنچە كۆپ چىرايلىق چۈشەنچىلەرنى بەرگەندىن سىرت، بەزىدە كۆز ياشلىرى بىلەن كەسكىن تاقابىل تۇرغان ۋە مىنىڭ ئوقۇشۇم ئۈچۈن دەپ قايسى تەييارلىقلارنى قىلمىغان ھە؟!

كەچتە سىبىدە كاۋىكىغا ئىككىلىمىزنىڭ ئىمتاھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىمىز ھەققىدىكى قىسقىغىنە بىر پارچە خەتنى سېلىۋەتتىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە كامىلنىڭ كۆرۈشۈشكە بىر ئامال قىلىشىم ھەققىدىكى خېتىنى تاپشۇرىۋالدىم ۋە خېلى كۆپ ئويلىنىپ جەزىملەشتۈرگەندىن كېيىن،جاۋاپ خەتكە پەيشەنبە كۈنى سەھەردە قەبرىستانلىق تەرەپتىكى ئېقىن بويىدا كۆرۈشۈشنى يازدىم.

پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئاپامغا «چوڭ ئاپام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، تۇپراق بېشىنى يوقلاپ كېلەيمىكىن» دېگەن يالغان گەپنى ئاران ئېيتىپ ئۆيدىن چىقىپ قەبرىستانلىق تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم.

چوڭ ئاپامنىڭ قەبرىسىنىڭ توپىلىرىنى يۇمشىتىپ دان چاچتىم، دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ قەبرىستانلىقنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ئەنسىز قاقىلداۋاتقان قاغىلارنىڭ، قاياقلاردىندۇر كېلىۋاتقان كاككۇكنىڭ ئاۋازلىرىغا زەن سېلىپ خېلى ئۇزۇن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئولتۇردۇم. بۇ ئولتۇرۇشۇمدا خىيال سۈردۈممۇ ياكى مۈگدەك بېسىپ ئىزىلىپ ئولتۇردۇممۇ ئۆزۈمگىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. قەبرىستانلىقتىن ئۆتۈپ كىچىكىمىزدە مال باقىدىغان دۆڭلۈكنى بويلاپ ئېقىن بويىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى ساقلىغاچ ئەتراپقا سىنچى كۆزلىرىم بىلەن نەزەر تاشلىدىم.

باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىمىزدە مەھەللىمىزدىكى باللار مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ماللىرىمىزنى ھەيدەپ بۇ يەرگە كېلەتتۇق. قويلارنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ ھەرخىل ئويۇنلار بىلەن ھەلەك بولۇشاتتۇق. ياز كۈنلىرى پۇشقاقلىرىمىزنى تۈرۈپ ئېقىنغا چۈشەتتۇق. سۈزۈك ئېقىۋاتقان ئېقىننىڭ سۈيى نەچچە قەدەم ئېلىشىمىزغىلا لېيىپ كېتەتتى. مىڭبىر تەستىلىكتە لاي سۇ ئاستىدىن كىچىك بېلىقچانلارنى تۇتاتتۇق. ئانامنىڭ ئېيتىشىچە بىر غېرىچقا توشمىغان بېلىقنى يېيىشكە بولمايدىكەن. شۇڭا ئەكەلگەن بېلىقلىرىمنى تاغىل ئاسلىنىمغا بېرەتتىم.

كۆز ئالدىمدا بىز چوڭ بولغان توقايلىق،
ئۇندا ھەر كۈن پادىلارنى باقاتتۇق.
بەس ـ بەس بىلەن سەكرىشىپ تار ئېرىققا،
چۆمۈلۈشۈپ سۇ بىلەن تەڭ ئاقاتتۇق.

چۇقىرىشىپ سۇ چېچىشىپ ئۆز ـ ئارا،

لاي سۇلاردىن بىلىقلارنى تۇتاتتۇق.
كىرىپ كەتكەچ قويلار مۇنبەت ئېتىزغا،
دېھقانلاردىن دەشنام ئىشتىپ تۇراتتۇق.

شوخلۇق قىلىپ بەزى كەپسىز ئوغۇللار،
ئوغۇرلايتتى ئېتىزلىقتىن تەرخەمەك.
مەززە قىلىپ بۆلۈشۈپ تەڭ يىگەندە،
بىلىنەتتى تەمى خۇددى ھەسەلدەك.

زىمىستاننىڭ ئاچچىق سوغۇق كۈنلىرى،
ئۇتۇن تېرىپ گۈلخانلارنى ياقاتتۇق.
(گا ـ گا)ئويناپ ئېڭىزلىقتا بەستلىشىپ،
پالاق تىگىپ قاڭشارلارنى ياراتتۇق.

قىش كۈنلىرى گۈلخاننى چۆرىدەپ ئوتىسىنىپ ئولتۇرۇپ تېپىشماق ئېيتىشاتتۇق. كىم ئۆز نۆۋىتىدە تېپىشماقنى تاپالمىسا شۇ ئۇتۇن ئەكىلەتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، كامىل ئا شۇ چاغلاردىمۇ تالاي رەت مەن ئۈچۈن ئۇتۇن تېرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ شۇ چاغلاردىمۇ مىنى ياخشى كۆرەر بولغىيمدى ـ ھە؟! راست، ئۇ ئاشۇ ۋاقىتلاردىمۇ ماڭا بەكلا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭ قاپقارا، يۇملاق كۆزلىرى، سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن مەڭزى، دائىم ئۇچىسىدىن چۈشمەيدىغان ھاۋارەڭ پاختىلىق چاپىنى كۆز ئالدىمغا كىلىۋىدى. خىياللاردىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كىلەر يولىغا قارىدىم. ئۇ تېخىچە كۆرۈنمەيتى.

قوللىرىمنى تۇتقان ئىدىڭ تۇنجى رەت،
توقايلىقتا ياققان گۈلخان يېنىدا.
(بەكمۇ كىچىك سادىدا رايىش قىز ئىدىم،
قىزىرىشمۇ تۆرەلمىگەن ئېڭىمدا.)

ـ نىمانچىلا توڭۇپ كەتتى قوللىرىڭ؟
دەپ سىلىساڭ مېھرىڭ بىلەن ئاۋايلاپ.
خۇيلىرىمنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ،
كەتكەن ئىدىم تەمچىمنى قولتۇقلاپ.

شۇ بىر قېتىم مېھىر بىلەن سىلاشتىن،
باغلىنىپتۇ بىلسەڭ بىزنىڭ سۆيگۈمىز.
شۇندىن بېرى بېرىپ قالساق توقايغا،
كەچ يانارتتۇق يېتىلىشىپ ئۆيگە بىز.

ئېھ،توقايلىق سەندە يانغان گۈلخاننىڭ،
تەپتى قويغان مەندە سۆيگۈ كۆلدۈرۈپ.
قوللىرىمنى سىلىغان شۇ نۆۋەرنىڭ،
ئۆلتۈرىمەن يوللىرىغا تەلمۈرۈپ.

دەل ـ دەرەخسىز چىغىر يولدا ئۇنى مەھەللىدىن چىقىشىغىلا كۆرۈۋالدىم. ئۇ توپىلىق يولدا يۈگرەپ كېلىۋاتاتتى. قەدەملىرى ئاستىدىكى يۇمشاق توپا ئۇنىڭ كىچىلىك قەدەملىرىنىڭ بېسىمىدىن تۇماندەك توزۇپ بەدىنىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك كۆرۈنمەي قالغان ئىدى.

كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي تۇرۇپ خىياللارغا ئەسىرا بولدۇم. ئاتا ـ ئانامنىڭ تاتلىق ئارزۇلىرىدىن، ئۆزۈمنىڭ گۈزەل ھايات مەنزىللىرىمدىن بىرىنىڭ تەستىقنامىسىدىن، كىچىك چاغلىرىمدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمدىن، شۇنچە يىل كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمنىڭ نەتىجىسىدىن. . . ۋاز كەچتۇرەلىگىنى دەل ئاشۇ زەبەردەس يىگىت! بۇ ھاياتتا قوللىرىمنى پەقەت ئۇنىڭغىلا بېرىپ، بۇ ئۇزۇن مۇساپىلەرنى قولنى قولغا تۇتۇشقان ئاساستا بىرگە بېسىشقا نىيەت قىلغىنىممۇ دەل ئاشۇ يىگىت. مەيلى ھايات بىزنى قايسى قىسمەتلەر بىلەن قىينىسۇن، بىز چوقۇم بىر بىرىمىزنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىنىڭ ھارارىتىدە ھەممىگە يۈزلىنەلەيمىز. . .

ئۇ ئېقىن تەرەپكە قايرىلىپ كونا ياغاچ كۆۋرۈككە چىققاندا مىنى كۆردى ۋە قەدەملىرىنى سەل ئاستىلىتىپ، ئۇچىسىدىكى توپا ـ چاڭلارنى قېقىشتۇردى.

ـ ساقلىتىپ قويدۇم، كەچۈرگىن ـ ھە. ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ ـ دىدى ئۇ خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ.

ـ ياقەي مەنمۇ ھازىر كەلگەن، ـ دىدىممەن ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى تۇزۇكرەك قارىۋېلىش نىسىپ بولمايۋاتقان ئوتلۇق كۆزلىرىگە لەپپىدە بىر قارىۋېلىپ، ئۆزۈڭچۇ ياخشى تۇرغانسەن؟

ـ ھە، ياخشى! سەنچۇ؟ مەكتەپكە بارالمىدىم. خېتىڭنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى، كاملە ئەسلىدە بىرگە ئۈرۈمچىدىكى مەكتەپلەرگە كەتكەن بولساقمىغۇ ياخشى بولار ئىدى.

مەن كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىپ، پەس ئاۋازدا:

ـ پىشانىمىزگە پۈتۈلمەپتىكەن، ـ دېدىم.

ـ بۈنىڭغىمۇ ئەلەكمۇللا دېدىم، ـ دېدى ئۇ ئۆزىنى روھلۇق تۇتۇشـــقا تىرىشــــىپ قەددىنى رۇسلاپ، ـ ئاتا ـ بوۋىمىز ياشاپ ئۆتكەن بۇ زېمىندا بىزمۇ ئوخشاشلا ياشىيالايمىزغۇ؟ نىمىگە كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلاتتۇق. ئاتا ـ ئانىمىزدىن، تۇغۇلغان يۇرتىمىزدىن، ئۆيىمىزدىن، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلماي ياشـــايمىز ئەمەســـمۇ؟، ـ دېدى ئۇ كۆزلىرىمگە مېھرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ.

بىز شـۇ تەرىقىدە ئېقىن بويىدىكى يۇمشـاق قۇمدا ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشـتۇق. ئۇ ئېتىز ئىشلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاساسەن قولىغا ئاپتۇ. يەنە تېخى ئۆيىدىكىلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئوقۇشـقا بېرىپ قالسـا دەپ ئاتاپ قويغان،كۈزدە كېۋەز سـاتقان پۇللارنىڭ بىر قىسـمىغا ئەتىيازغا چىقىپلا ھويلىسىغا ئىككى ئېغىزلىق ئۆي سېلىشنىمۇ ئويلىشىۋېتىپتۇ.

گەپلىرىمىز تۈگەيدىغاندەك بولمىســـمۇ ئېقىن كۆۋرىكىگىچە مۇڭدىشـــىپ كېلىپ نائىلاج خوشلاشتۇق. ئۇ ئېتىزلىققا، مەن ئۆيگە قايتتىم.

---

ئالى مەپتەپتە ئوقۇش ـ ئوقۇ ماســـلىقىمنى تىلەك ـ تىڭلاپ تۇرغاندەكلا ئۆيىمىزگە تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەلچىلەر كەلگىلى تۇردى. تەلىيىمگە ئانام ئۇلارغا چىرايلىقچە چۈشـــەنچە بېرىپ «قىزىمىزنىڭ يېشى كىچىك، ھازىرچە ياتلىق قىلىشنى ئويلا شمىغان ئىدۇق. ئاۋال تويلىشىش يېشـىغا توشـسـۇن، ئاندىن مەسـلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلارمىز» دەپ يولغا سـالغاندىن كېيىن يۈرىكىم جايىغا چۈشەتتى.

زېمىستان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە كامىل بىلەن دېيە شىۋالغىنىمىز بويىچە يەنە ئېقىن بويىدا ئۇچراشتۇق.

ئۇ مۇناســـۋىتىمىزنى ئۆيدىكىلەرگە پۈرىتىپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتۇىدى، مەن يەنە بىر ئاز كەينىگە سۈرۈپ ئاۋال ئىككى ئۆينىڭ ئۆچمەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ ھەر

ئىككىلىمىزنىڭ كۆڭلىدە ئېنىق سـان بولغاندا ئاندىن بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشـنى ئويلاشـقىنىمنى ئېيتتىم.

ـ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق زىددىيەتلەربولىشىدىن قەتئىينەزەر بىز كۆۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى ئويناپ ئاۋال ئۇلار ئوتتۇرىسـىدىكى تۇگۈننى يېشـەيلى. ئاندىن ئۆز ئىرادىمىزدە چىڭ تۇرسـاقلا بىزنى ئاللاھتىن باشقىسى ئايرىۋېتەلمەيدۇ، ـ دېدى كامىل قوللىرىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

ـ مەن ئاپامدىن نەچچە رەت سـورىماقچى بولغانىدىم، لېكىن، پېتىنالمىدىم كامىل. مۇۋاپىق پەيتتە ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشـىمەن، سـىز مىنىڭ خەۋىرىمنى كۈتۈڭ، ئاندىن كېيىن باشـقا مەسلىھەتلەرنى قىلايلى، ـ دېدىم مەن.

ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈ شكەندىن كېيىن ھەرۋاقىت ئاپام بىلەن مۇڭدىشىشىنىڭ مۇۋاپىق پەيتىنى كۈتكەن، شـۇنداق بىر پەيتلەر كەلگىنىدىمۇ، جۈرئەتسـىزلىكىمىمۇ ياكى ئاپامنىڭ كامىل بىلەن بولغان مۇناسـۋېتىمنى بىلگەندىن كېيىن ئاچچىقىدا منى ئۇدۇل كەلگەن بىرسـىگە بېرىۋېتىش قارارىنى چىقىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگىنىمدىنمۇ، ئە شقىلىپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان زىمىستان قىش كۈنلىرىنى ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە چىش يېرىپ، ئېغىز ئاچالماي ئۆتكۈزىۋەتتىم.

باھار كىلىپ ھەممە يەر جانلىنىپ، ھەممىمىز ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ ھەلەكچىدە ئالدىراش يۈرگەن مەزگىللەردە ئاپامنىڭ شـەھەردىكى نەۋرە ھەدىسـى تۇيۇقسـىز ئۆيىمىزگە كەلدى. مەن شەھەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە ئۆيگە قايتالمىغان بەزى دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئاشۇ ھاممامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ بىرەر يېرىم كۈن تۇرۇپ كىلەتتىم.

ھاممامنىڭ كەلگىنىدىن ھەممىمىز خۇشـال بولدۇق. ئۇ قاچانلا قارىسـا كۈلۈپلا تۇرىدىغان، خۇشـچىراي، سـالاپەتلىك ئايال ئىدى. ئاپام يېزىدىكى ئەتىيازلىقنىڭ غۇربەتچىلىكىنى چاندۇرما سلىق ئۈچۈن ئۇ يەر ـ بۇيەردىن ھېلى گۆش، ھېلى مۇە ـ چۇە. قېتىق ـ قايماق تېپىپ كىلىپ ھاممامنى ياخشىراق كۈتىۋېلىشنىڭ كويىدا پايپېتەك بولۇپ كەتتى.

ــ ئاجايىپ قولى گۈل قىز بولدى جۇمۇ بۇ! ــ دىدى هامىمام بىر كۈنى سەھەردە كات ئۈستىگە يىغىلغان يوتقان ــ كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىگە جۈپى ــ جۈپى بىلەن قاتار تىزىلغان، چىرايلىق كەشتىلەنگەن ياستۇقلارنى ھەۋەس بىلەن سىلاپ چىققاندىن كىيىن مىنى مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

ــ شۇنى دىسىلە، ــ دىدى ئاپام ماڭا قىيمىغاندەك ھومىيىپ قاراپ قويۇپ، ــ كىملەرنىڭ چېكىسىگە قىسىلىپ كىتەركىن بۇ گۈلۈم دەپ يۈرىكىم سۇ...

ــ ياتلار قىسىۋالمىسۇن، بالدۇرراق ئۈزۈۋالاي دەپ كەلدىمغۇ مانا؟ ــ دىدى هامىمام كۆزلىرىنى ئوينىتىپ بىردە ماڭا، بىردە ئاپامغا مەنىلىك قاراپ. شۇ هامان يۈرىكىم بىر نەرسىنى سەزگەندەك ئېغىپ كەتتى.

ئىشىكتىن چىقىپ كىتىۋېتىپ، ئاپام بىلەن هامىمامنىڭ بىرنىمىلەرنى دىيىشىپ، مىنى ئىشارە قىلىپ كۈسۈرلىشىپ، كۈلۈشكەنلىرىنى كۆردۈم. لېكىن، ئۇلارنىڭ نىمە دىيىشكىنى پەقەتلا كاللامغا چۈشمىدى. ئۇدۇل باغقا كىرىپ ئەمدى ئۇنۇشكە باشلىغان بېدىلىكنىڭ ئۈستىدە لاسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. خىيال ئېكرانىمغا هامىمامنىڭ ئوغلى، نەۋرە ئاكام كەلدى ۋە پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ كەتتى. ئۇ مەندىن 4 ــ 5ياشلار چامىسىدا چوڭ، كىچىكىدە قىزنىتمىسى ئۆرلەپ كىتىش سەۋەبى بىلەن ئىككى پۇتى باسماس بولۇپ قالغاچقا مەكتەپتە ئوقۇيالماي زەرگەرلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ دۇكان ئايرىغان، جىسمانى مىيىپلىق سەۋەبىدىنمىكىن قاچانلا قارىسا بۇ دۇنياغا نارازىلىقى باردەك چىرايىدىن مۇز يىغىپلا تۇرىدىغان بالا ئىدى.مەن شەھەرگە ئوقۇشقا بارغاندىن كىيىن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ھەربىر بارغىنىمدا ئۇمۇ خۇددى مىنىڭ كىلىدىغىنىمنى ئالدىن بىلگەندەك دۇكىنىنى بالدۇرلا شاگىرتلىرىغا تاشلاپ بېرىپ ئۆيىگە ئۇنەتتى. مەن ئۇنىڭ جاسارەتلىك، غەيرەتلىك ئىكەنلىكىگە قايىل ئىدىم ۋە ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىش يۈزىسىدىن رىغبەتلەندۈرۈپ ماختاپمۇ قوياتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئۇ بەكلا جانلىنىپ كىتەتتى ۋە ئۆزىدىكى

ئاجىزلىقتا تەن بەرگىسى كەلمىگەندەك قاملاشمىسىمۇ لاپ ئېتىپ، قوپال چاقچاقلارنى قىلىپ يېنىمدىن نېرى كەتمەيتتى. نىمىشقىكىن مەن ئۇنى ئانچە ياقتۇرمايتىم. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ جىسمانىي مىيىپلىقى سەۋەپلىك ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئاكا ئورنىدا ھۆرمەتلەيتتىم. گەپلىرى خۇشياقمىسىمۇ كۆڭۈل قويۇپ تىڭشاۋاتقان قىياپەتتە كىرىۋالاتتىم. كىيىملىرىنى يۇيۇپ، دەزماللىپ بېرەتتىم. شۇ چاغلاردىلا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرگەن ھامماملىنىڭ ئاغزى يۇمۇلماي قالاتتى ۋە پات-پاتلا ئۇ يوق يەرلەردە ئۇنىڭ قولىدىن قانچىلىك ئىش كېلىدىغان بالا بولغىنىنى، ساق كىشىلەر قىلالمايدىغان ئىشلارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، ھۆنەرگە گۈل كەلتۈرىۋەتكەچكە نۇرغۇن قىزلارنىڭ ئۇنى ئەگىشىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى... ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتەتتى.

ھامماملىنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە تۇيۇقسىز كېلىشىنىڭ سەۋەبى كۆڭلۈمگە ئايان بولۇپ، بىئارامچىلىق ئىچىدە ياستۇقۇمغا يۆلىنىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بىر كەچلىكى ئاپام يېنىمغا كىردى ۋە تەشۋىش بولغان ھالدا تەستە ئېغىز ئاچتى:

-قىزىم، ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، مەن ئاتا-ئانامدىن كىچىك قالغان. تەلىيىمگە ئاسىيە ھاجىملار مىنى يېتىملىك تارتقۇزماي بېقىپ چوڭ قىلغان، ئوقۇتقان. ئاخىرىدا تويۇمنىمۇ ئۆزلىرى قىلىپ داداڭىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان. ئۇلار ياخشى نىيەتلىك، ئاقكۆڭۈل كىشىلەر ئىدى. قايسى تەقدىر يۈتۈلدىكىن، شۇنچە يىلدىن كىيىن قوساق كۆتۈرۈپ، مىڭتەستە ئارمانلاپ تۇغقان يالغۇز ئوغلى رەھىمجان كۆز تەككەندەكلا ئاجىز بولۇپ قالدى...

ئاپام مىشىلداپ كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى. مەن يۈتۈمنىڭ ئۈچىدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ گەپلىرىنى تىڭشىدىم. كۆڭلۈمدە بولسا ئاپامنىڭ مەن ئەنسىرىگەن، ئاڭلاشنى خالىمايدىغان ئاشۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ سالماسلىقىنى تىلىدىم.

ـ رەھىمجانمۇ تىرىشچان، قولىقى يۇمشاق بالا بولدى. مەن ئاجىز دەپ ئاتا ـ ئانىسىغا تايىنىپ يېتىۋالماي بىر ئوبدان ھۈنەرنى ئۆگىنىپ دۇكان ئاچىپ چىقىپ ئۆز كۈننى كۆلدەك ئېلىۋاتىدۇ. ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈۋاتىسىز، نى نى ساپمۇ ساق ئەركەشىلەرمۇ بىر نېننى ئىككى قىلالماي سۆرىلىپ يۈرىيدۇ. ئاسىيە ھاجىملارنىڭ تاپقان ـ تەرگىنىمۇ ۋاقتى كەلسە ئاشۇ يالغۇز ئوغلىغا قالىدۇ. شەھەردىمۇ ئۇلارنىڭ يۈز ـ ئابرويى چوڭ. نەگىلا بارسا گېپى ئۆتىدۇ. شۇ ئوغلىنىڭ ئاجىزلىقىدىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماسلىقى، ئاشۇ تاپقان ـ تەرگىنىنىڭ ياتلارنىڭ قولىغا قالماسلىقى ۋە تۇغقاندارچىلىقىمىزنىڭ ئارىنىڭ يىراقلىقى سەۋەپلىك ئۇزۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن سىزنى بالا قىلىۋېلىشنى ۋەلى ھاجىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىزنىڭ جاۋابىمىزنى ئالغىلى كەپتىكەن. دادىڭىز ئىككىمىزمۇ كۆپ ئويلا ندۇق. قىز بالا دېگەن ھامىنى خەقنىڭ قولىغا ئۆتىدىغان گەپكەن. تېگى ـ تەكتىنى بىلمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان بىرەرسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كۆرە ۋەلى ھاجىملارنىڭ قولىغا تاپشۇرساق بىزدىن كېيىن قالسىمۇ رەھىمجان ئۇنى بوزەك قىلىۋالمايدۇ. يېزىدىكى بىرەرسىگە كىلىن بولۇپ، ئۆي ئىشى، ئېتىز ئىشى جاپاسىدىن باش كۆتۈرەلمەي ئۆتكىنىدىن ياخشى دەپ ئويلاشتۇق قىزىم. ئەمدى شۇ رەھىمجاننىڭ ئاشۇ پۇتىنىڭ ئەيىۋىنى ھساپقا ئالمىغاندا باشقا ھېچكىمدىن قالغۇچىلىكىمۇ يوق.

ئاپام ھەر بىر ئېغىز سۆزنى قىلىپ بولۇپ ماڭا سەپ سېلىپ قارايتتى. مەن ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي جىمجىتقىنە ئولتۇراتتىم. نىمىمۇ دىيەلەيمەن، شۇ تاپتا «ئاپا مىنىڭ با شقا تاللىغىنىم بار» دېسەم، ھەم ئۇنىڭ كامىل ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىسام، ئاپامنىڭ ئۆيىنى بېشىغا كىيىپ چالۋا قاپ كىتىشى تۇرغانلا گەپ. ئاپامنىڭ مىجەزىنى بىلىمەن. ئۇ مەندىن بىرەر جاۋاپ ئالمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ. سۈكۈتتە ئولتۇرىۋېلىشىمنى ئاپام خاتا چۈشىنىۋېلىپ مىنى رازىلىقى بار چېغى دەپ قالسىچۇ؟ ياق ياق! ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىدىميۇ، دېمەكچى بولغان گېپىمنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمىدىم. كالپۇكلىرىم چاپلىشىپ قالغاندەك پەقەتلا مىدىرلىتالمىدىم.

ئاپام يەنە ئاللىكىملەرنىڭدۇر تۇرمۇشلىرىنى، چوڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانلارنىڭ پۇشايمان، ساۋاقلىرىنى سۆزلەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ كالپۇكلىرىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى سېزەتتىمۇ، خىياللىرىم قالايمىقانلىشىپ نەدىن، قايسى سۆزدىن باشلاپ ئېغىز ئېچىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ ئولتۇراتتىم.

ئاپامنىڭ ئاخىرقى سوئالىغا «مەن بىر-ئىككى كۈن ئويلىنىپ جاۋاپ بېرەي» دېدىم. ئۇ ماڭا خاتىرجەمسىزلىنىپ بىر ھازا قاراپ تۇرىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە نىمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى. ئاپامنىڭ كە سكىنلىك چىقىپ تۇرغان سۆزلىرىدىن دادام ئىككىسىنىڭ بۇ تويغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بولغانلىقى ئايان ئىدى.

گۆرۈستان قاراڭغۇچىلىقى قاپلىغان بۇ زۇلمەت كېچە مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئۇزۇن بىلىندى.

كېچىنىڭ زۇلمىتى باستى يەلكەمنى،
مىڭ پاتمان غەم بىلەن قۇشۇلۇپ بۈگۈن.
قايسىبىر قىسمەتلەر كۈتەر بىلمىدىم،
بۇ ئاجىز جىسمىمنى ئەتە ۋە ئۆگۈن.

بۈگۈنگۇ سۈكۈتتە تۇرارمەن جىمجىت،
ئەتىكى جاۋاپنى بېرەرمەن قانداق؟
مىڭ تەشۋىش ئىلكىدە تىترەيدۇ يۈرەك،
چۈشكەندەك قېتىغا تۈمەننىڭ قاداق.

شاماللار يەتكۈزسە تەشۋىشلىرىمنى ،

ئۆيقۇدىن مەن كەبى بولامسەن بىدار.

بىلەمسەن ئەزىزىم بىلەمسەن شۇتاپ،

سەن ئۈچۈن پىنھاندا ياش تۆكتى نىگار.

كېچىنىڭ زۇلمەتى بارا ـ بارا سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا قولۇمغا قەلەم ئېلىپ كاملىغا خەت يېزىشقا باشــــلىدىم. ئۇنىڭغا ئاســــيە هامامنىڭ كىلىش ســــەۋەبىنى، ئاپامنىڭ ســــۆزلىرىنى، هازىرقى ئازاپلىرىمنى...بىرىنى قويماي يېزىپ، ئەڭ ئاخىرىدا مەيلى قايسى قىسمەتلەر كەلسۇن كامىل بىلەن تەڭ يۈزلىنىشــــكە تەييارلىنىپ قويغىنىمنى يېزىپ خەتنى تاڭ ســــەھەردە ســـېدە كاۋنىكىغا سېلىۋەتتىم.

كەچتە ئۇنىڭ جاۋاپ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئوقۇشقا باشلىدىم:

« سالام كاملە! خېتىڭنى كۆرۈپ يۈرەك ـ باغرىم تۈز سەپكەندەك ئېچىشىپ كەتتى. سىنىڭ هازىرقى هالىتىڭنى چۈشىنىمەن ئەزىزىم. غەيرەتلىك بول! قارىغاندا بىزگە چوڭلارنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، مەھەللە ـ كويدا يۈزىمىز يورۇق هالدا مەرىكىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈپ بىر ئۆيگە كىرىش نىسىپ بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. مەنمۇ ئۆيدىكىلەرنى چىكىپ باقتىم...ئاخىرى ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشــنىڭ بەســى مۇشــكۇل ئىش ئىكەنلىكىنى هىس قىلدىم. خەير تەقدىرگە نىمە ئامال؟ سـەن ئېيتقاندەك بۇ ئاجىز بېشــــىمىزنى ئېلىپ يىراقلارغا كىتەيلى. شــۇنچە كەڭرى جاھاندا بىزگىمۇ ئاللاھنىڭ ئېيتقىنى باردۇر. چىن مۇھەببەت ئۈچۈن باســــقان گۇناھكار قەدەملىرىمىزنى ئاللاھ ئۆزى مەغپىرەت قىلار. چۈنكى ياراتقۇچىمىز ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئاجىزلارنىڭ بېشىنى ئۆزى ئوڭشايدۇ ئەمەسمۇ؟ بىر كۈنلەردە ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ رازىلىقىنى ئېلىۋېلىشىمۇ، يۈزىمىز يورۇق بىرگە

ياشاشمۇ نىسىپ بولار...مەن ھەرقاچان سېنىڭ ئۈچۈن، مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە تەييار. لېكىن، سەن بىر قىزبالا...ئەلۋەتتە بۇ تاللىشىمىزنىڭ ساڭا ئېلىپ كېلىدىغان بېسىمى يىنىك ئەمەس، جاپا چېكىدىغان بولىدۇڭ. ۋاقتىنى ئۆزۈڭ بېكىتكىن مەن ھەرۋاقىت تەييارلىق ھالىتىدە سېنىڭ قارارىڭنى كۈتىمەن.»

خەتنى باغرىمغا بېسىپ قانچىلىك يىغلىغىنىمنى بىلمەيمەن. ئىشىك ئېچىلىپ ئاپام كىرىۋىدى، كۆزلىرىمدىكى ياش يۇقىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ، خەتنى كۆرپە ئاستىغا تىقىپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاپام ھەركىتىمگە ۋە چىرايىمغا سەپسېلىپ بىر ئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن «ئاسىيە ھاجىم ئەتىگەنلىككە قايتىمدىكەن، تەييارلىقلارنى قىلىپ، كېلەر ھەپتىمدە چاي ئىچكۈزۈشكە كەلسەك دەيدۇ» دېدى سوئال نەزىرى بىلەن كۆزۈمگە قاراپ.

- ئاپا دېدىم، مىڭ تەستە ئېغىز ئېچىپ، - بۇ تويغا دادام ئىككىڭلار راستىنلا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بولدۇڭلارمۇ؟

- ئەمدى شۇ داداڭمۇ، مەنمۇ ساڭا ياخشى بولسۇن دەيمىز قىزىم. بىزدىن كېيىن قالسىمۇ جاپا تارتىپ قالمىسكەن دەيمىز. نېمە، سەن قوشۇلمايدىغان ئوخشىمامسەن؟

- قارىغاندا مېنىڭ قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىقىم سىلەرنىڭ قارارىڭلارنى ئۆزگەرتەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ، - دېدىم مەن دوق قىلىپ.

- دېمەك، سەن قوشۇلمايدىكەنسەن دە؟ نېمىشقا؟ سەۋەبىنى دېگىنە ئاڭلاپ باقاي؟ - دېدى ئاپام قاتتىقراق تەلەپپۇزدا كۆزۈمگە تىكىلىپ قاراپ.

- مەن، مەن ھازىرچە توي قىلىشنى ئويلاشمىغان، - دېيەلىدىم مەن تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزۈمنى مەجبۇرىي ئىچىمگە يۇتۇپ.

- بىرەرسى بىلەن دېيىشىپ قويمىغان بولغىيدىڭ؟

- ياق...ياقەي...

- كونىلاردا «تونجى مۇشتتىن يانما» دەيدىغان گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەلچىمۇ كۆڭلىمىزدىكىدەك يەردىن چىقتى. ئەتە - ئۆگۈن «تاللاپ - تاللاپ تازغا ئۇچرايدىغان» ئىش بولمايدۇ، دىگىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسىيە ھاجىملارغا «ياق» دېيىشكە بىزنىڭ قانداقمۇ تىلىمىز بارسۇن؟

مەن يەنىلا ســـۈكۈتتە ئولتۇردۇم. ئاپام كارۋىتىمغا كىلىپ ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزۇن جىمىپ كەتكەندىن كىيىن:

ـ قىزىم، قىز بالا دېگەن خام گۆش، ئۇزۇن تۇرســـا پۇراپ قالىدۇ. كەلگەن ئەلچىلەرنى قايتۇرېۋەرســەڭ ئەتە ـ ئۆگۈن مەھەللىدە قانداق گەپ ـ سـۆزلەر چىقىدۇ، بىلىپ بولمايدۇ. خەق ســـېنى ھازىرچە توي قىلغۇســـى يوقكەن دىمەي، نەچچە يەردىن يېنىشـــىپ كىتىپتۇ يەي، ئۇنداقكەن، بۇنداقكەن دەپ ئۆســـەك ســـۆز تاپمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. دۇنيادا قىز بالىغا ئانىســـىدىن يېقىن ئادەم بولمايدۇ. قىز چوڭ قىلغان ئانىنى قانچىلىك غەم ـ ئەندىشـــىلەرنىڭ بېسىپ تۇرىدىغىنىنى بىلمەيسەن. سېنىڭ كەلگۈسىڭدىن ئەنسىرەپ كېچىلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇمۇ ئىلىنمايدۇ، مۇشۇ كۈنلەردە...، ـ ئانام مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

ـ ئاپا، دىدىمەن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، ـ مىنى ئاشـــۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرېۋەتسەڭ راستىنلا خاتىرجەم بولامسەن؟ بەختلىك بولالىشىمغا ئىشىنەمسەن؟

ـ قىزىم، گېپىمنى ئاڭلا، ئايال كىشـى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى خاتىرجەملىك، بار ـ يوقنىڭ غېمىنى قىلماي، كۆڭلى ئازار يىمەي ياشاشـنىڭ ئۆزى بەخت. رەھىمجاننىڭ ئاشـۇ مىيىپلىقىدىن باشـقا ئارتۇق خۇيىمۇ يوق بالا. ئاســـيە ھاجىم بىلەن ۋەلى ھاجىمۇ قائىدە ـ يۇســـۇنلۇق، ئوڭلۇق كىشىلەر.

ـ ئاپا...مەن ...

ـ نىمە گېپىڭ بولسا دېگىنە مەن بىر ئىچىڭدىكى بىلىپ باقاي.

ـ شۇ مىنىڭ.. توي قىلغۇم يوق.

ـ يەنە ئۆزۈڭنىڭ گېپىنىلا يورغىلىتىســــەنغۇ؟ باياتىن بېرى تۆت تامغا گەپ قىلىۋاتامدىم مەن؟ بولدى ئۈچۈق گەپنى قىلىپ قوياي، داداڭ ئىككىمىز بۇ تويغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بولدۇق. تويۇڭدىن كىيىن بىزمۇ شـــەھەرگە كۆچۈپ كىتىدىغان بولىۋاتىمىز. ئاســـيە ھاجىملار يېڭى شەھەردىن ئالغان زىمىننى بىزگە ئۆز باھاسىدا سېتىپ بېرىدىغان، داداڭمۇ ۋەلى ھاجىم بىلەن بىرگە تىجارەت قىلىدىغان بولدى. قىرىپ ئۆلگۈچە ئېتىزغا ئىشلەپ ئۆتۈپ كەتسەك، يا ئوغلىمىز بولمىسا، كىيىن تۇرمۇشىمىزنى قانداق قامدايمىز؟ ھازىرغۇ يەردىن چىققاننى يەرمىز، كىيىن شۇ يەرنىمۇ تېرىغۇدەك جان بولسـا بولار؟ مەنغۇ داداڭغا تەككەندىلا شـەھەرگە كۆچۈپ كىتىشـنى شەرت قىلغان، داداڭ دىگەن لامزەلله بۇ مەھەللىدىن كېچەلمەي مۇشۇ كەمگۈچە جېنىمغا ئېكەك سېلىپ كەلدى. ئەمدى بۇ پۇر سەتنىمۇ قولدىن بەر سەم مۇ شۇ يەردە تويغا مىلىنىپ، ئاچچىق

يۈتۈپ ئۆتمەن. ســـــاڭا ھەممە گەپنى دەپ ئولتۇرۇشـــــنىڭ ئورنى يوق بالام. داداڭنىڭ بۇ مەھەللىدىن كېتىشكە كۆنمىكىمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس.

شۇ تاپتا ئاپامنىڭ مەندىن يوشۇرۇن چېكىپ كېلىۋاتقان سىرلىق ئازاپلىرى بارلىقىنى ۋە ھازىر ئۇنىڭغا نىملا دېســـــەم كار قىلمايدىغانلىقىنى چۈشـــــىنىپ يېتىۋاتاتتىم. ئاپام يەنە بىرمۇنچە سۆزلىگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ۋە؛

ـ مەن چىقىپ كەتتىم. ئاســـيە ھاجىم مىنى ســـاقلاۋاتىدۇ. چىقىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ يولغا سالاي. يوقىلاڭ خىياللارنى تولا قىلماي سەنمۇ كۆڭلۈڭنى توختىتىپ ئۇخلا، ـ دىدى ۋە ئۇ ئىشىك ئالدىغا بىرىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ـ ئەتىگەنلىككە سەنمۇ ئاسىيە ئاپاڭنىڭ ئالدىغا كىلىپ چىقىپ، چىرايلىق ئۇزات، ـ دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئولتۇرغان جايىمدا قانچە ئۇزۇن ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. ھويلىمدىن مۇڭلۇق دۇتتار ئاۋازى ئاڭلاندى. دادام شۇنداق مۇڭلۇق بىر پەدىنى چېلىۋاتاتتى.

چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ ئاســـتا ھويلىغا چىقتىم. دادام باراڭنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىشـــتىياقى بىلەن دۇتتار چېلىۋاتاتتى. مۇزىكىنىڭ ســـېھرى كۈچى دېگەن مۇشـــۇ بولســـا كېرەك، مۇڭلۇق مۇزىكىغا ئەگىشـــــىپ ئاســـتا دادامنىڭ يېنىغا كىلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ مۇڭىغا جۆر بولىۋىدىم، ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا تۇتتى. شـــۇ تاپتا ئاۋازىمنى بولۇشـــىغا قويۇۋىتىپ قانغۇدەك بىر يىغلىغۇم كەلدىيۇ ئۆزۈمنى زور غەيرەتتە بېسىۋېلىپ دادامغا سەپسالدىم. ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن چۈشـــــۈپ تۇرغان چىراق يورۇقىدا دادامنىڭ چىرايى غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلىنەر بىلىنمەس يۇمۇلغان بولۇپ، باشلىرى دۇتتار مۇزىكىسىغا تەڭكەش ھالدا تىترەۋاتاتتى.

ئاتامغا نېمە دەپ يىغلاي،

ئانامغا نېمە دەپ يىغلاي.

ئېتىمنىڭ ئالدىدىن ئاشقان،

ساماندەك سارغىيىپ يىغلاي.

...

ئۆينىڭ ئىشكى ئېچىلىپ ئاپامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

- يېرىم كېچە بولدى ھوي! بولدى، ئەمدى كىرىپ ئۇخلىسىلا ياش بىرىەرگە بارغاندىمۇ كېچىدە كاكىراشتىن خىجىل بولسىلىچۇ؟

دادامنىڭ قوللىرى توختىمدى ۋە كۆزلىرىنى ئېچىپ ئاپامغا نارازىلىق بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن ماڭا قاراپ ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى.

مۇزىكا بىلەن تىلسىز سىردىشىشىمۇ ئۈزۈلدى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆيۈمگە قايتىپ كىردىم. دالان ئۆيدىن قايرىلغۇچە دادامنىڭ ئاپامدىن «بۇ بالىنىڭ بىرەر ئىچ پۇشۇقى بارمۇنىمە؟ مۇڭدىشىپ باقتىڭلىمۇ؟» دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەيلا ئاسىيە ئاپاملار بىرمۇنچە چوڭامالارنى باشلاپ چاي ئىچكۈزۈشكە كەلدى. ئاپامنىڭ خۇشاللىقتىن يومۇلماي قالغان ئاغزى ۋە بىر قاتار قائىدە - رەسمىيەتلەر تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا ماڭا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى چۈشتەكلا بىلىندى. چاي ئىچىلىپ، توي ۋاقتى بېكىتىلدى.

ئاپام مىنى شەھەرگە بېرىپ توي خېتى ئېلىپ كىلىشكە يولغا سالماقچى بولغاندا، مېڭىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى كاملغا ئەتە ئەتىگەن چوڭ يول بويىدىكى يۇلغۇنلۇقتا كۆرۈشۈش ھەققىدە بىر پارچە خەت يازدىم. ئەتىسى ئاپام قېرىشقاندەك مىنى بىللە چوڭ يولغا ئەچىقىپ تاكى ماشىنىغا سېلىپ ماڭدۇرمىغۇچە يېنىمدىن ئايرىلمىدى. تەلىيىمگە ئۇ كۈنى توي خېتى بېجىرىلمەيدىكەن. مەھەللىگە كىلىپ ماشىنىدىن چۈشۈپلا چوڭ يول بويىدىكى يۇلغۇنلۇققا قاراپ يۈگۈردۈم، ئۈيلىنىمدەكلا ئەتىگەن ئاپام بىلەن بىللە تۇرغىنىمنى كۆرگەن كامىل مىنى يېنىمشىدا كىلىدۇ دەپ يۇلغۇنلۇقتا ساقلاپ تۇرغان ئىكەن.

بىز قاچان، قانداق يولغا چىقىش ھەققىدە كۆپ مەسلىھەتلەرنى قىلىپ ئاخىرىدا ئۇ ئەتە ئەتىگەن شەھەرلىك قاتناش بېكىتىدە مىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولۇشۇپ خوشلاشتۇق.

توي خېتى بېجىرىش ئىشخانىسىدىكىلەر بىزنى ئۈچ كۈندىن كېيىن كىل شىكە بۇيرىغان ئىدى. مەن ئاپامغا ئەتە بېجىرىپ بېرىدىغان بولدى دەپ يالغان ئېيتتىم ۋە ئۆيدىكىلەرگە چاندۇرماستىن ئەتىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدىم. توۋا دەيمەن ناگاندا بىر پالانچىنىڭ قىزى پۈكۈنچىنىڭ ئوغلى بىلەن قېچىپ كىتىپتۇ دىگەن گەپنى ئاڭلاپ بىر مەزگىلگۈچە مەھەللە دوقمۇشىدا پاراڭ تېمىسىغا ئايلىنىپ كىتىدىغانلارنىڭ قاتارىغا ئۆزۈمنىڭمۇ بىر كۈنلىرى قۇ شۇلۇپ قېلىشىمنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. مەنغۇ كېتەرمەن، بىچارە ئاتا - ئانام نىمە بولۇپ كىتەر ھە؟! مەھەللە كويىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا قانچىلىك ئوڭايسىزلىقتا قالار؟ ئانامغۇ يىغلاپ - مىشىلداپ

ئۆلتۈرار. دادامغا قانچىلىك ئېغىر كىلەر ھە؟ ئەركىشىنىڭ ئىچى كۆچلۈك بولىدۇ. بىچارە دادامنىڭ مىنىڭ قېچىپ كەتكىنىمنى بىلگەندىكى غەزەپ ۋە مەيۇسلۈك قاپلىغان ئاھانەتلىك ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى.

مەسلىھەتلەشكىنىمىز بويىچە يېرىم كېچىدە بەزىبىر لازىمەتلىك، كىيىم-كېچەكىم، كىتاپ-خاتىرەلىرىمنى چامادانغا سېلىپ باغنىڭ كەينى ئىشىكىدە ساقلاپ تۇرغان كامىلغا ئەچىقىپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلاندىم.ئەتە ئەتىگەن ئۆيدىن چامادان كۆتۈرۈپ چىقىشىم مۇمكىن ئەمەستە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپام مىنى يەنىلا چوڭ يولغا بىللە ئەچىقىپ يولغا سېلىپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ.

چامادانىنى كۆتۈرۈپ قاراڭغۇلۇق زۇلمىتىدە تولىمۇ سۈرلۈك بولۇپ كەتكەن باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىلىشىمگە خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا توقايلىق تەرەپتىكى ئېتىزلىقتا سۇ تۇتقىلى كەتكەن دادام «ئۆھۆ» دەپ ھۆتەلگىنىچە ئالدىمدا پەيدا بولدى. مەن بەك چۆچۈپ كەتتىم. پۇت-قوللۇمدا جانىمۇ قالمىدى. پۈتۈن بەدىنىم جالاقلاپ تىترەۋاتاتتى. «كىمسەن؟» دىدى دادام ئەنسىزلىك بىلەن. «مە،،.ن..مەن دادا» دىيەلىدىم تىترەپ تۇرۇپ تولىمۇ پەس ئاۋازدا. «ھە، يېرىم كېچىدە باغدا نىمىش قىلىپ يۈرۈيسىز؟» دىدى دادام ئەجەپلىنىپ.« مۇ... مۇشۇكۇم يوق تۇرىدۇ . شۇ..شۇنى ئىزدەپ...»

-ئۇۋارا خۇدايا توۋا! ماۋۇ بالا نىمە دەپ يۈرۈيدىغاندۇ؟ كېچىدە مۇشۇك ئۇچرىسىمۇ ئايەت ئوقۇپ يەتتە قەدەم كەينىگە ماڭغۇلۇق. ئېلىشىپ قالدىڭىزمۇ كېچىدە مۇشۇك ئىزدەپ...

شۇ تاپتا باشقا بادانە كۆرسۈتۈشنى بىلەلمىدىم. كاللام قۇپقۇرۇق، يىقىلىپ چۈشۈشكە ئازلا قالغان ئىدىم.«بىتەلەي سۆغا چىقسا نو بېشىدىن يار كىتىپتۇ» دېگەندەك كېچىدىن بېرى دىدارىنى كۆرسەتمىگەن ئاي تۇيۇقسىزلا بۇلۇت كەينىدىن چىقىپ يەرجاھاننى پاللىدە يورۇتتى. دادامنىڭ كۆزى قولۇمدىكى پارقىراپ تۇرغان چامادانغا تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدى. مىنىڭ كۆزۈم يەردە، دادامنىڭ كۆزى بىردە مەندە، بىردە چامادانىدا، قانچە ئۇزۇن تۇرغىنىمىزنى بىلمەيمەن. بىر ھازادىن كىيىن دادام «ھامان مۇشۇنداق بولىشىنى بىلەتتىم. ماڭ ئۆيگە! نەگىلا كەتسەڭ ئەھلى-مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزنى پوق قىلماي، ئۇچۇق-يورۇق كەت!» دېگىنىچە ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ھەر ئىككى قەدەم مېڭىپ بىر توختاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىز بىسىپ كىلىۋاتقان ماڭا بىر نەرسە دىمەكچى بولاتتىيۇ «ھىم» دەپ ئېغىر خورسىنىپ قوياتتى.

دادام ئۆيگە كىرىپلا ۋاقىراپ ئاپامنى ئويغاتتى ۋە باياتىن باغدا بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ «خۇلۇم-خوشنىلارنى ئاگلاپ قالمىسۇن دىمىسەم باغدىلا ھوشۇقىنى چىقىپ، ئىتنىڭ

كۈنىدە نان تاشلاپ بېرىپ باقاتتىم، بۇنى مياۋ مۇشۇك ئىزدەپ يۈرگەنگە تويغۇزۇپ...» دەپ زەردە بىلەن ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى. كېچىچە ئاپامنىڭ تۈرلۈك قىين-قىستاقلىرى ۋە زەھەردىن ئاچچىق سۆز-ئاھانەتلىرىگە چىداپ لىۋىمنى چىشلەپ ئولتۇرغان بولسام ئۇنىڭ ئاخىرقى يىلنىپ-يالۋۇرۇشلىرىغا، ھازا ئېچىپ يىغلاشلىرىغا چىدىماي ئاخىرى راست گېپىمنى ئېيتتىم. ئاپام كاملىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى تىترەۋاتاتتى. ئاچچىقتىن ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيتى.

- سېنى كاللاڭدىن كەتكۈزگىنى ئېشىپ-تېشىپ يەنە شۇ تېگى پەسلەرنىڭ كۈچۈگىكەندە؟! ئۇ نىملەرنىڭ يەتمىش پۇشتىغا يولايدىكەنسەن، سەندەك قىزىم يوق! بىر ئۆمۈر مىنى ئازاپلىغىنى ئازدەپ، ئەمدى سېنىمۇ تارتىۋالاي دەپتۇدە ئۇ ئالۋاستى؟! ، - ئاپامنىڭ ئاۋازى بارغانسىرى بوغۇلۇپ چىقماي قالدى ۋە شاللىقتىكى قارانچۇق ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەكلا پوككىدە يەرگە يىقىلدى.

ئاپام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاچقا كامىل بىلەن بىرگە كېتىش پىلانىمىز كەينىگە سۈرۈلدى. داداممۇ ئاپامنىڭ ئېغىزىدىن بىزنىڭ ئىشىمىزدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلىغان دەسلۈۋىدە ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئېچىپ قالغان بولسىمۇ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. لېكىن دادام شۇندىن كېيىن جىمىپلا كەتتى. ئامال بار ئۆزىنى بىرەر ئىشقا مىلىكە قىلغاندەك بولىۋالاتتىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېغىر خىياللار قوينىغا غەرق بولۇپ نىملەرنىدۇر چوڭقۇر ئويلىنىۋاتقانلىقىنى سىزىپ تۇراتتىم.

دادا مىدىن ئەيمىنىپ ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرگەن مەزگىللەردە ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ، كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالغىنىدا بولسا ئۇ «ھىم» دەپ ئېغىر خورسىنىپ قوياتتىيۇ، ئارتۇق گەپ قىلمايتى.

ئاپام بىر ھەپتىگۈچە ماڭا بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي، تاماق ئىچىپ ئەكەلسەممۇ يېگىلى ئۇنىماي، ئاخىرى «مىنى كۆزى ئوچۇق ئۆلمىسۇن دېسەڭ ئەتىلا بېرىپ توي خېتىنى ئەكەل» دىدى تام تەرەپكە قاراپ يېتىپ.

ئاپام شۇ ھالدا تۇرسا يەنە باشقا گەپ قىلىشقا پېتىنالماي ئۇنىڭ يېنىدا خېلى ئۇزۇن يىغلاپ ئولتۇردۇم. دادام سىرتتىن كىرىپ كەلگەندىلا ياش يۇقى كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ ھوجرامغا چىقىپ كەتتىم.

كۆزۈم ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، دادام ـ ئاپاملارنىڭ ۋاقىرىشلىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇلارنىڭ مىنىڭ توي ئىشىم ئۈستىدە تالىشىۋاتقانلىقىنى پەملىگەندىن، كىيىن پۈتۈننىڭ ئۈچىدا دەسسەپ دالان ئۆيگە چىقىپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم.

ـ ھە؟! سەن ئۇلارنىڭ تويىغا ئەجەپ تېز قوشۇلۇپ كېتىپسىنا؟! ـ دېدى ئاپام يىغلاپ تۇرۇپ، ـ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ خوتۇننى ئالالماي تام تۇشۈكىدىن مارىشىپ يۈرۈپ، ئەمدىلىكتە قۇدا بولۇپ يولنى ئېچىپ، ئاشكارە ئىش ـ پەش تارتىشىپ يۈرەي دەپسەندە؟

ـ يوق گەپنى قىلما! دەپ ۋاقىرىدى دادام زەردە بىلەن، ـ ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ باللار بىلەن نىمە ئالاقىسى؟مەن سەن بىلەن توي قىلغاندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن مارىشىپ يۈردۈمما؟مەن شۇنداق ئادەمما؟

ـ مارىشىپ يۈرگەن، يۈرمىگىنىڭنى خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ. مەن بار يەردە تەتۈر قارىشىپ يۈرگىنىڭ بىلەن بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا كونا سامانلىقلىرىڭغا ئوت كەتكەن ـ كەتمىگىنىنى كىم بىلىدۇ؟

ـ ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە ھە؟! خەقنىڭمۇ ئېرى بار. مۇشۇنداق گۇمانخورلىقىڭدىنمىغۇ ئۇلار بىلەن بىر ئۆمۈر سالاملاشماي ئۆتۈپ كەتتىم، ـ دادامنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى.

ـ سالاملاشماي ئۆتۈپ كىتىۋاتقان ئادەم قىزىڭ ئۇ پەسلەرنىڭ ئوغلىغا تېگىمەن دىسە، ئەجەپ تېزلا ئويلىشىپ باقلى دەيسىنا؟

ـ مەنمۇ شۇ مەسلىھەت سېلىۋاتىمەنغۇ ساڭا؟ ـ دېدى دادام ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ،باللىنىڭ مەيلى شۇ تۇرسا قانداق قىلاتتۇق؟

ـ قانداق قىلاتتۇق؟ ـ دېدى ئاپام، ـ مەن تەرەپتە تۇرۇپ ماۋۇ ياۋا ئاسلىنىڭنى ئاسىيە ھاجىملارنىڭكىگە يولغا سېلىشنىڭ، ماۋۇ نەس باسقۇر سەھرادىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى قىل!

ـ مەنمۇ بۇ تويغا ئالدىبۇرۇن ماقۇل دېگەنغۇ؟ لېكىن قىزىمىزنىڭ رەھمجانغا مەيلى بولمىسا، ئۇ ئۆيگە بارسىمۇ ياخشى ئۆتۈپ كىتەلىشىگە سەن بىر نىمە دىيەلەمسەن؟ بارسىغۇ باردى، ئالىمادىس پوق يىمەسلىك قىلىپ كامىل بىلەن قېچىپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەلە ـ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا يەر بىلەن يەكسان بولغاندىن كۆرە، تىگىمەن دېگىنىگە چىرايلىقچە بېرىپ بېشىمىزنى ساقايتقىنىمىزنىڭ نىمىسى يامان؟

ـ ياق!!! ئەســـەبىيلىك بىلەن ۋاقىرىدى ئاپام، ـ ئۇ نىملەرگە بېرىدىغان قىزىم يوق. ئەگەر بۇ ئەقىلســـىز جۇۋاپىنىمەك ئۇنىڭغا تىگمەن دەپ چىلك تۇرىدىكەن ۋە ياكى قاچمەن دەپ بوســـۇغا ئاتلايدىكەن، مەن شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا پىچاق بىلەن يۈرۈكۈمنى يېرىپ ئۆلۈپ بېرىمەن!

ـ ئىشـــقىلىپ مەن دە يىدىغاننى دەپ قويدۇم، ـ دىدى دادام ۋەزىنلىك ئاۋازدا، ـ ئە مدى قىزىمىزنى كۆندۈرەلىسەڭ قانداق قىلساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. لېكىن ماڭا ئىشلەتكەن بېشەملىكىڭ بىلەن كاملەنى كۆندۈرەلە شىڭ تەس. شۇڭا «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەندەك، ئالدى ـ كەيىننى ئويلىشىپراق بىر ئىش قىلارسەن. تەتۈرلۈك قىلىپ كىيىن ھەممىمىز پۇشايماندا قالىدىغان ئىش بولمىسۇن.

ـ جاھان ئۆرۈلۈپ چۈشـــىدىغان ئىش بولســـىمۇ كاملەنى ئۇ نىملەرگە بەرمەيمەن، مەنلا بولىدىكەنمەن كونا ئاشناڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ مەقسىدىڭگە يىتىشىمەن دەپ ئويلاشما!

ـ بولدى قىل! نەدىكى يوق گەپنى قىلماي! دەپ ۋاقىرىدى دادام، ـ مەنمۇ ئۇنىڭ كاملىغا تېگىشىنى خالىمايمەن، لېكىن بىر كېچىدىلا بىللە قېچىپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟

ـ ئەتە ئۇنى بىللە شـــەھەرگە ئاپىرىپ توي خېتى ئالغۇزىمەن. ســـەن تولا منى چىكىپ باقمەن دېمەي توينىڭ ۋە شەھەرگە كۆچۈشنىڭ تەييارلىقنى قىل! ـ دىدى ئاپام قەتئىي ئاۋازدا.

دادام ئۈنچىقمىدى. پۈتۈمنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ ھۇجرامغا قايتىپ كىردىم.

ئەتىســـى ئەتىگەندە ئاســـيە ھاجىم يەنە بىر ئايالنىڭ ھەمرالىقىدا ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ منىڭ توي خېتى ئالغىلى بارمىغىنىمدىن ئەنسىرەپ سۈرۈشتۈرۈپ باققىلى كەلگەن ئىكەن. ئاپام ئۇلارنى كۈرۈپ ســاقىيىپ كەتكەندەكلا قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ســاقىــز بولۇپ قېلىپ منى شـــەھەرگە ئەۋەتەلمىگىننى چىرايلىقچە چۈشـــەندۈرگەندىن كىيىن، منى ئۆزى ئۇلار بىلەن بىرگە شـــەھەرگە ئېلىپ بېرىپ توي خېتى رەسمىيتىنى بېجىرىپ كىلىشنى مەسلىھەتلەشتى.

شـــۇ كۈنلا كاملىغا بولغان ئەھۋالنى يېزىپ ســـېدە كاۋىكىغا ســـېلىۋەتكەن ئىدىم. ماڭىدىغان كۈنى بامدات ۋاقتى بىلەن ئۇنىڭ جاۋابىنى تاپشـــۇرۇپ ئالدىم. ئۇ خېتىدە ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز توغرىلىق سۆزلەشكىننى، ھېچقانداق ئۈمىد يوقلىقىنى. ئەتە ئەتىگەن شەھەرگە

بېرىپ ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتىدە مېنى ساقلايدىغانلىقىنى، مېنىڭ ئامال قىلىپ يېنىمدىكىلەردىن قۇتۇلۇپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشىمنى ئېيتقان ئىدى.

ئەتىسى ئاپام ۋە ئاسىيە ھاجىملار بىلەن شەھەرگە باردۇق. ئاسىيە ھاجىملارنىڭكىدە چۈشلۈك تاماق يېيىلىپ چۈشتىن كېيىن توي خېتى ئالغىلى بارىدىغان بولۇشتۇق. رەھىمجان نېمە قىلارىنى بىلمەي ئەتراپىمدىن پەرۋانىدەك چۆگىلەپ كېتەلمەيتى ۋە سوغۇق مۇئامىلەمدىن خاۋاتىرلىنىپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ھېلىدىن ھېلىغا مېنى خۇشال قىلىشقا ئۇرۇناتتى. ئۇ كەيپىياتىمنى ياخشىلاشقا تىرىشىپ خۇشامەت قىلغانسىرى كۆزۈمگە شۇنچە بىچارە كۆرۈنۈپ كەتتىكى، ئەر كىشى دېگەننىڭ سەل سۇر-ھەيۋىسى، قارىغان ئادەم ئەيمەنگۈدەك، ھۆرمىتى قوزغالغۇدەك سالاپىتى بولمىسىمۇ كىشىگە شۇنچە ئاجىز، يىرگىنىشلىك بىلىنىدىكەن.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بازارغا چىقىپ لازىمەتلىك سېتىۋېلىش باھانىسىدە كامىلنىڭ يېنىغا بېرىش پىلانىممۇ ئاپام ۋە ئاسىيە ھاجىملارنىڭ بازارغا ھەمرا بولۇپ بىرگە چىقىشى بىلەن سۇغا چىلاشتى.

چۈشتىن كېيىن رەھىمجان بىلەن توي خېتى ئالغىلى كېتىۋېتىپ ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇپ كامىلنىڭ قېشىغا بېرىش مەسىلىسىدە كۆپ باش قاتۇردۇم ۋە ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا «سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، كىملىكىم ئاپامدا قاپتۇ. بېرىپ ئېلىپ كېلەي» دېدىم. ئۇ ئەنسىزلىك بىلەن «ماڭىدىغاندا ئايىزىمخان ئاپام سىزگە بەرگەندەك قىلغانىغۇ؟» دېدى. «نوپۇس دەپتىرىنى بېرىپ كىملىكنى بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ شۇ...» دېدىم مەن سوغۇقلا. مانا، ئويلىغىنىمدەكلا ئۇ يەنە ماڭا ئەگىشىپ ئۆي تەرەپكە بىللە ماڭدى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئەمدى كېچىكسەم بولمايتى. مەھەللە دوقمۇشىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا «سىز كىرىپ ئاپامدىن كىملىكنى ئېلىپ چىقىڭ، مەن دۇكانغا كىرىپ بىر نەرسە ئالغاچ مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي» دېدىم. ئۇ بىر ھازا ماڭا ئارىسالدىلىق بىلەن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قىيمىغان ھالدا ئۆي تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

يول بويىدىكى كىچىك بوتكا دۇكاننىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قارىسى يۈتۈشى بىلەن تەڭ چوڭ يول تەرەپكە قاراپ خۇددى ئۇ ھازىرلا ئارقامدىن يېتىشىپ كېلىپ تۇتۇۋالىدىغاندەك بار كۈچۈم بىلەن يۈگۈرگىنىمچە ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتىگە كېلىپ توختىدىم. كامىلنىڭ تەقەززالىق بىلەن يول تەرەپكە تەلمۈرۈپ، تىت-تىت بولۇپ تۇرغىنىنى يىراقتىنلا كۆردۈم.

ـ كىتەيلى كاملە، يىراقلارغا كىتەيلى، ـ دېدى ئۇ قىسقىلا ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن كەسكىنلىك بىلەن. ئۇنىڭ چىرايىدىن قەتئىيلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ـ ماقۇل، بىزگە بۇنىڭدىن باشقا يولمۇ قالمىغاندەك قىلىدۇ، ـ دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ.

بىكەتكە كىرىپ سورۇشتۇرسەك ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇس قوزغىلىدىغانغا يەنە ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت بار ئىكەن. بىلەتتىن ئىككىنى سېتىۋالدۇق. كاملى ئەتىگەندىن بېرى مېنىڭ تاپالماي قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ بېكەت دەرۋازىسىدىن نېرى كەتمەي يۈرگەچكە تېخىچە تاماق يېمىگەن ئىكەن. بىز بېكەت يېنىدىكى ئا شپۇزۇلغا كىرىپ تاماق يېگەندىن كېيىن، بېكەتتە تۇرساق ئۆيدىكىلەرنىڭ ئىزدەپ كېلىپ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ شەھەرنىڭ سەل چېتىگىرەك كېلىپ خالىراق جايدىن بىرنى تېپىپ ئولتۇردۇق. كاملىنىڭ دېيىشىچە مەھەللىمىزدىكى روزى كوماك دېگەن بىرسى نەچچە يىل ئىلگىرى سادىق ئىمامنىڭ توپىقىنى ئوغۇرلاپ ئىمامغا تۇتۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن ئىمام ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ يولغا سېلىپ قويغان بولسىمۇ ئۇ شۇ خىجىلچىلىقتا مەھەللىدە تۇرالماي بىر كېچىدىلا جىممىدە مەھەللىدىن يوقاپ كەتكەن ئىكەن. كېيىن ئۇ ئۆيىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھال ـ ئەھۋالىنىڭ خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ خەت ۋە پۇل ئەۋەتكەن ئىكەن. كاملى روزى كوماكنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن ئۇنىڭ ئادرېسىنى ئېلىۋاپتۇ.

ـ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۇنى ئىزدەپ باقىلى، ـ دېدى كاملى دەرەخ شېخىدىن بىر تاپ يوپۇرماقنى ئۈزۈپ ئويناپ ئولتۇرۇپ، ـ شۇنچە ئادەم ياشاۋاتقان ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەردە بىزگىمۇ خۇدايىمنىڭ ئېيتقىنى باردۇر، سەن كۆپ ئەنسىرەپ كەتمە كاملە، مەن بىر پۈتۈن سۈرۈك ئوغۇل بالا مەيلى نىمە ئىش قىلاي سېنى ھەرگىز جاپاغا قويمايمەن. جاپاغا چىدايدىغان ئادەم ھېچيەردە كۆن ئالالماي قالمايدۇ.

مەن ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويدۇم:

ـ پەرھات بىلەن شەكلەمۇ شۇ يەردە، لېكىن ئۇلار ئوقۇغۇچى بولغاچ بىزگە كۆپ ياردەم قىلالماسلىقى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ھەر ھالدا يېتىمسىراپ قالماسمىز. سىزلا يېنىمدا بولسىڭىز مەن كېيىنكى كۈنلىرىمىزدىن ئەنسىرىمەيمەن.

ـ رەھمەت ساڭا كاملە، مىنى دەپ ئۆز ئۆيۈڭدىن، ئاتا ـ ئاناڭدىن ئايرىلىپ مۇساپىرچىلىقتا قەدەم قويىدىغان بولۇۋاتىسەن. بۇ كۆڭلەرمۇ ئۆتۈپ كىتىدۇ. خۇدايىم بۇيرىسا تىنچ ـ ئامان قايتىپ كەلسەك، يۇرت ـ مەھەللە، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزنىمۇ يورۇق قىلىۋالارمىز.

ـ چوڭلارنىڭ بىزنىڭ ئىشىمىزغا نىمىشقا بۇنچە توسقۇنلۇق قىلىدىغىنىنىڭ سەۋەبىنى ئازراق بىلىپ قالدىم كامىل، ئەسلىدە دادام بىلەن ئانىڭىز...

ـ مەن بىلگىلىمۇ نەچچە كۈن بولدى كاملە، ئەسلىدە ئۇلارمۇ مۇرادىغا يىتىشەلمەپتىكەن، ـ دىدى كامىل. مەن ئۇنىڭ بىلگەنلىرىنى تەپسىلى ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندىن كىيىن ئۇ ئاخىر بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچتى:

ـ ئانام ۋە موماملارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئەينى يىللىرى ئانام بىلەن كامىران دادام ھەقىقى ياخشى كۆرۈشۈپ، توي قىلىشقا ۋەدىلىشىپتىكەن. ھەتتا كەلگۈسىدە پەرزەنتى ئوغۇل بولسا كامىل، قىز بولسا كاملە قويۇشنى نىيەت قىلىشقان ئىكەن. كىيىن كامىران دادام ھەربىي سەپكە كەتكەندىن كىيىن ئانامغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەلچىلەر كىلىشكە باشلاپتۇ. ئانام كەلگەن ئەلچىلەرنى قەتئىي رەت قىلىۋەرگەچكە مەھەللىدە ئانام ھەققىدە سۆز ـ چۆچەكلەر ئاينىپ كىتىپ چوڭلارنىڭ قۇلىقىغا يىتىپتۇ ـ دە، ئۆيدىكىلەر ئانامنىڭ كامىران دادامنى ساقلىشىغا يول قويماي، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن ئانامنى مەجبۇرى ھالدا بىرسىگە ياتلىق قىلماقچى بوپتۇ. بىچارە ئانام ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆيدىكىلەرنى قايىل قىلىپ بولالماي سۆيگىنىگە بەرگەن ۋەدىسى بويىچە ئۆلىۋالماقچى بولۇپ تويى بولىدىغان كۈنى سەھەردە ئۆزىنى كۆلگە ئېتىپتۇ. ئانامنى مەھەللىدىكى بارات قويچى قۇتقۇزىۋاپتۇ. ئانام يېرىم جان ھالەتتە بولسىمۇ ئۇ توي ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. تويدىن كىيىن ئۇ ئادەم كىشىلەرنى مىش ـ مىش گەپلىرىدىن ئانام بىلەن كامىران دادامنىڭ ئىشلىرىدىن ۋە ئانامنىڭ كۆلگە سەكرىۋالغىنىدىن خەۋەردار بولۇپ ئانامنى قىين ـ قىستاققا ئاپتۇ ۋە ھەربىيلىككە كەتكەن كامىران دادام بىلەن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىپ ئانامنى ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەپتۇ. شۇنىڭدىن كىيىن ئۇ ئادەم ھاراق ۋە نەشىگە بېرىلىپ كىتىپتۇ.

ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئېغىر ـ يىنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئانامنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەندىن سىرت ئۇ ئادەم ھەر كۈنى يېرىم كېچىلەردە مەست كىرىپ ئانامنى ھارغۇچە ئۇرىدىكەن. بىچارە ئانام يۈز ـ كۆزلىرى كۆكتىن نېرى كەلمەي ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە كامىران دادام ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەپتۇ ۋە ئانامنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلىپ چىدىيالماي ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار كۆرۈشكەندىمۇ ئانامنىڭ بىر قولىنى ئېرى ئۇرۇپ سۇندۇرىۋەتكەن بولۇپ ياغلىق بىلەن بوينىغا

ئىسۋالغان ئىكەن. ئانام كامىران دادامغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا قىلغان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ ئۇنى ساقلىيالمىغانلىقىنى ئېيتىپ كەچۈرۈم سوراپ يۇم-يۇم ياش تۆكۈپتۇ. لېكىن، كامىران دادامنىڭ ئۇنىڭ ئۇ ئەردىن سۆزىنى ئېلىپ يېنىغا قايتىپ كېلىشىگە قوشۇلماپتۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئانام ئاللىبۇرۇن ئاكامنى تۇغۇپ بولغان بولۇپ يەنە ئىككى قات ئىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ- باللىرىمنى تىرىك يېتىم قىلمايمەن. سىزنىڭ ئالدىڭىزغىمۇ ئىككى بالىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئۆيۈلمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھەللىدىكى گەپ-سۆزلەر ئەمدىلا بېسىققاندا يەنە گەپكە قالغۇم يوق. بولىدى سىزمۇ ئۆز بەختىڭىزنى تېپىڭ. ئەمدى مېنى ھەرگىز ئىزدەپ يۈرمەڭ، دەپ تۇرىۋاپتۇ. كامىران دادام خېلى يالۋۇرۇپ باققان بولسىمۇ ئۇنى سۆزگە كۆندۈرەلمەي نائىلاج ئۇنىڭ تاللىشىغا يول قويۇپتۇ. ئانامنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ بىر قىز يەڭگىپتۇ. لېكىن بالا قورساقتىكى چاغدا ئۇ نىجىسنىڭ ئانامنى ھە دېسىلا ئۇرۇپ-خورلىشىدىن زەخىملەنگەنمۇ قانداق، تولىمۇ ئاجىز تۇغۇلۇپ نەچچە كۈنگە قالماي بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئانام بۇ زەربىلەرگە بەردا شلىق بېرەلمەي شۇ تۇغۇتتا ياتقانچە خېلى ئۇزۇن ئەسلىگە كېلەلمەپتۇ. كامىران دادام ئانامنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنى يوقلاشقا بارغانىكەن، بوۋام-موماملار ئۇنى بوسۇغىدىن ئاتلىغىلى قويماي «ئېرى بار ئايالنى ماراپ يۈرمەي ۋاقتىدا سەنمۇ ئۆز يولۇڭغا ماڭ!» دەپ تىللاپ قوغلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئادەممۇ پات-پاتلا ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ ياكى نەشە چېكىپ پاڭ بولغانلىرىدا كامىران دادامنىڭ ئالدىنى توسۇپ «خوتۇنۇم بىلەن زادى نېمە ئىشىڭ بار؟» دەپ ئۆكتەملىك قىلىدىكەن. ئۇ كامىران دادامنى ئۇچراتقان كۈنىلا ئانامنى ئۇرۇپ ئارام بەرمەيدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كامىران داداممۇ ئاپامنى ئاياپ ئۇ نىجىسقا ئامال بار يولۇقمايدىغان، ئاپاملارنىڭ ئۆيى تەرەپكىمۇ يولىمايدىغان بوپتۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ كامىران دادام ئانام بىلەن ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلگەندە كۆرۈشكەنچە ئايرىم كۆرۈشۈپىمۇ باقماپتىكەن.

كامىران دادامنىڭ ئاتا-ئانىسى بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇكىچىكىدىن كەنتنىڭ ئات قوتىنىغا قارىشىپ بېرىپ چوڭ بولغان ئىكەن. ھەربىي سەپكە بېرىشىنىمۇ كەنت ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ كەنتنىڭ ئات قوتىغا قاراپ شۇ يەردىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرىدىكەن.

كەنت باشلىقى كامىران دادامغا ئۆز بالىسىدەكلا ئامراق بولغاچقا ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ ئۆيلىنىپ شەھەردىكى بىر دوستىنىڭ يېتىم چوڭ بولغان جىيەن قىزىنى كامىران دادامغا سايە قىلىپتۇ ۋە ئۆزى ئەلچىلىك قىلىپ، تويىنىمۇ باش بولۇپ قىلىپ قويۇپتۇ.

قاتتىق سوغۇق بولغان بىر كۈنى ھېلىقى ھاراقكەش مەست ھالەتتە ھېزىمكاملارنىڭ يېڭى ئۆي سېلىش ئۈچۈن ھۇل سېلىپ قويغان ئورىكىگە يىقىلىپ چۈشۈپ چىقالماي توڭلاپ قاپتۇ.

ئانام شۇنىڭدىن كېيىن تۇل قاپتۇ. كامىران دادام ئۇنىڭ ئېتىز ئىشلىرىغا يېتىشەلمەيۋاتقىنىنى كۆرۈپ بىر قېتىم قۇرۇپ قالاي دېگەن بۇغدايلىقىغا سۇ باشلاپ قويغىنىنى ئاڭلىغان ئايزىمخان ئاپام بۇ يەرگە كېلىپلا ئاڭلىغان ئۆ سەكلەرنى دە ستەك قىلىپ كامىران دادام بىلەن ئۇرۇ شقاندىن سىرت ئانامنى خەقنىڭ كۆزىچىلا ھاقارەتلەپ ئارام بەرمەپتۇ.

كېيىن ئانام دادام بىلەن توي قىلىپتۇ. مەھەللىمىدىكىلەر ئانامغا «بۇرۇندىنلا بۇزۇق بولغاچقا ئېرى ئاچچىققا چىدىماي ھاراقكەش بولۇپ كەتكەن. بىر ئەرنىڭ بېشىغا چىققان، كامىران بىلەن ھېلىغۇچە ئىش-پەش تارتىشىپ يۈرەرمىش» دېگەندەك نامالارنى توختىماي توقۇپ كېيدۈرۈۋەرگەچكە، دادامنۇ بەزىدە ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا نەچچە كۈنلەرگىچە ئانامغا چىراي ئاچمايدىكەندۇق.

ئېتىز باشلىرىدا سۇ تالىشىشنى سەۋەپ قىلىپ دادام بىلەن كامىران دادامنۇ نەچچە قېتىم ھۆرپىيىشكەن ئىكەن. «تىرىككىمۇ ئۆچ كۆن سۆز، ئۆلۈككىمۇ ئۆچ كۆن سۆز» دېگەندەك، كېيىنكى كۈنلەردە مەن تۇغۇلغاندىن كېيىن دادام-ئانامالارنىڭ تۇرمۇشىمۇ خېلى ئىزىغا چۈشۈپتۇ. شۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئىككى ئائىلە پەقەتلا بېرىش-كېلىش قىلماي دىكەن. ئە مدى بۇگۈنگە كەلگە ندە ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى بىزنىڭ بەختىمىزنى توسۇپ قويدى. دەسلىۋىدە ئانامغا ئەھۋالنى ئېيتسام بېشىمنى سىلاپ يىغلاپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا كىشىلەرنىڭ سۆز-چۆچەكدىن ۋە دادامنىڭ پوزىتسىيىسىدىن ئەنسىرەپ بولغان ئىشلارنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. مىنىڭ بۇ خىيالدىن ۋاز كېچىشىمنى ئۆتۈندى. لېكىن مەن سەندىن ۋاز كېچىشنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايمەن كامىلە. سەنسىز ھاياتنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايمەن.

كامىلدىن دادامنىڭ ۋە كامىلنىڭ ئانىسىنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىنى، تارتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى ياشلىرىمنى توختىتالماي ئولتۇرۇپ تىڭشىدىم. بىز ئۇلارغا قارىغاندا يەنىلا غەيرەتلىك ۋە تەلەيلىك ئىكەنمىز دېيىشتۇق.

ئاپتوبۇس قوزغىلىشىقا ئاز قالغاندا ئىككىمىز ئورۇندۇقلىرىمىزنى تېپىپ ئولتۇرۇپ ئە مدى جايلىشىۋاتقان ئىدۇق.ئاپامنىڭ ئىسمىمنى توۋلىشىدىن چۆچۈپ كەتتىم. ئاپام ئاپتوبۇس ئىشىكى تۇۋىدە ئۆڭسلى ئۆچكەن ھالدا ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى.

ئاپام ئاپتوبۇس ئىچىدىكىلەرگە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ يېنىمىزغا كەلدى ۋە «مېنىڭ بالام بولساڭ ئاپتوبۇستىن چۈش!» دېدى قەتئىيلىك بىلەن بۇيرۇق قىلىپ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەرقانداق ئادەم ئەيمەنگۈدەك سۇرلۇك، سوغۇق نۇر تارقىتىپ تۇراتتى.

- چۈشمىسەڭ ھازىرلا ساقچى چاقىرىپ ماۋۇ ھارامتاماقنى تۇتۇپ بېرىمەن! - دېدى ئاپام ئامال بار ئاۋازىنى ئەتراپتىكىلەر ئاڭلىمىغۇدەك دەرىجىدە تۆۋەنلىتىشكە تىرىشىپ. شۇنداقتىمۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى بولغاي، بىز تەرەپكە بويۇنداپ قاراشقىلى تۇردى. شوپۇرمۇ مېڭىشقا تەييارلىنىپ ئاپتوبۇسنى ئوت ئالدۇرۇپ قويۇپ بىزگە قايرىلىپ قاراپ تۇراتتى...

ئاپام بىلەن بىرگە كىتىۋاتىمەن. كۆزلىرىمدىن ئېقىۋاتقان ياشلار ئەمدىلا يېغىشقا باشلىغان يامغۇر سۈيىگە قوشۇلۇپ مەڭزىمنى بويلاپ تۆكۈلىۋاتىدۇ. بېكەت دەرۋازىسىغا كەلگەندە كەينىمگە قايرىلىپ قارىدىم ۋە كامىلنىڭ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ماڭا قاراپ تۇرغان ئىلاجىسىزلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان مەيۈس تۇرقىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم تېخىمۇ بۇزۇلدى. ئۇ «مۇشۇ يەردە ساقلايمەن» دېگەن ئىشارىدە تۇرغان يېرىنى ئىما قىلىپ شەرەت قىلدى مەنمۇ بېشىمنى يېنىك لىڭشىتتىم.

- رەھمەجان كىرىپ كىملىكنى بەرسىلە، دېگەندىلا سىنىڭ شۇملۇق ئويلىغىنىڭنى سەزگەن ئىدىم، دېدى ئاپام، ھېلىمۇ ئەقلىمگە كىلىپ، - كىملىكنى ئەتىگەن كامىلغا بەرگەن ئىدىم، ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قالدىمۇنىمە؟ دەپتىكەنىمەن. قۇددۇسجانلارنىڭكىگە بېرىپ كىلەي دېسەم ئاسىيە ھاجىم بىللە باراي دېۋىدى. ئاخىر بولماي ئۆيدىن جىمىمىدىلا قېچىپ چىقىپ بېكەتكە كەلدىم. ئۇرۇمچىنىڭ ئاپتوبۇسى ماڭغۇچە شۇ يەردە تۇرۇپ ھەر بىر ئاپتوبۇسقا بويۇنداپ يۈردۈم. مۇشۇ پېتىلا كەتسەم ئاپام نىمە بولۇپ كىتەر؟ ئاسىيە ھاجىملارغا نىمە دەر، يۇرت-جامائەتكە نىمە دەر، دەپ ئويلىيالمىدىڭمۇ ۋۇ ئەقىلسىز، تۇزكور؟! ئەمدى خام خىيالنى ئاز قىل! بۇ توينى قىلساڭمۇ قىلىسەن، قىلمىساڭمۇ قىلىسەن. قېچىپ كىتىپ قۇتۇلىمەن دەپمۇ ئويلىما!

ئاپام يول بويى مىنى تۇغقاندىلا ئۆلتۈرۈپ قويمىغىنىغا پۇشايمان قىلىۋاتقىنى، دادامغا تېگىپ سالغىنىغىمۇ پۇشايمان قىلىۋاتقىنى ھەققىدە زارلىنىپ مىنى تىللاپ-قارغاپلا كەلدى ۋە ئاخىرىدا:

- ئاسىيە ئاپاڭنىڭكىگە كىرگەندە كىملىكىم ئۆيدە قاپتىكەن شۇنى ئالغىلى بېرىپ قايتاشىمدا ماشىنا تېپىلماي كەچ قالدىم-دە، دېدى ئەسكەرتىپ.

ئۆيگە كىرگىنىمىزدە ئاسىيە ھاجىمنىڭ ئەنسىزلىك بىلەن سورىغان سوئالىغا مىنىڭ جاۋاپ بېرىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوقلا ئاپام ئۆزى ھەممە گەپنى توغرىلاپ چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن ئۇلار

مەندىن رەھىمجاننى سوراشتى. ئەسلىدە ئۇ ئۆيگە كىرىپ كىملىكىنىڭ گېپىنى قىلغاندىن كېيىن چىقىپ كەتكەنچە تېخى قايتىپ كەلمىگەن ئىكەن.

ئورۇن ـ كۆرپىلەر سېلىندى. ئاسىيە ھاجىمنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى سەزگەندەكلا مىنىڭ ئورنۇمنى ئاپام ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا سالغان ئىدى. كېچىدە ئىككى قېتىم ھاجەتكە چىقىش باھانىسىدە سىرتقا ماڭغىنىمدا سەگەكلىك بىلەن ياتقان ئاپام ماڭا «ھەمرا» بولۇپ چىقىشىپ بەرگەچ پىلانىم يەنە سۇغا چىلاشتى.

ئاپامنىڭ يېنىك خورەك ئاۋازى ئاڭلانغاندىلا قايتىدىن ئۇمىدلىنىپ ئورنۇمدىن ئاستا تۇرۇپ پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىك تۇۋىگە بېرىشىم بىلەن دەرۋازىنىڭ ئورۇلغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم ۋە دەرھال ئورنۇمغا كىلىپ يېتىۋالدىم.

ـ رەھىمجان ئەمدى كەلدىمۇ نېمە؟ نەلەردە يۈرگەندۇ بۇ بالا؟ ـ دىدى ئاسىيە ھاجىم تامدىكى چىراق ياقىدىغان يىپنى سىلاشتۇرۇپ تېپىپ ياندۇرغاچ. ـ مەن كىيىممنى كىيىپ بولغۇچە سىزلا چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىڭچۇ قىزىم، دىدى ئۇ مىنىڭ ئويغاقلىقىمنى كۆرگەندىن كېيىن.

دەرۋازىنىڭ تۇمۇر تاقىغىنى تارتىپ ئېچىپ رەھىمجاننى كۆرگەندىن كېيىن كەينىمگە يانماقچى بولىۋىدىم ئۇ: «مەن بىلەن توي قىلغىڭىز يوقلىقىنى بۇرۇنراق دىسىڭىز بولمامدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن دەماللىققا نىمە دىيىشىمنى بىلمىگەن بولسامۇ ئۇنىڭ بەزى ئىشلاردىن خەۋەر تاپقىنىنى جەزىملەشتۇردۇم ۋە ئۇنىڭ سۇئالىغا جاۋاپ قايتۇرمايلا ئارقىمغا ياندىم.

ـ مەن سىزدىن گەپ سوراۋاتىمەن! نىمەشقا ماڭا ئەينى ئەھۋالنى ئېيتمىدىڭىز؟ ـ ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم. ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن، تىترەپ تۇرغان ئاۋازىدىن ۋە تىنىقىدىن كىلىۋاتقان ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان بەدبۇي پۇراقتىن ھاراق ئىچكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ـ سىزگە ئېيتقىنىمنىڭ نىمە پايدىسى؟ دىدىم مەنمۇ غەيرەتكە كىلىپ، ـ بۇ توينى چوڭلار بېكىتىپ بولغان تۇرسا؟

ـ ئۇلارنىڭ بۇ توينى ئۆز ـ ئالدىغا بېكىتكىنىگە مانا مەن تويغۇزىمەن. ـ دىدى ئۇ ئاران تەستە مېڭىپ سۇپىنىڭ لىۋىگە كىلىپ ئولتۇرىۋالغاندىن كېيىن، ـ مەندەك بىر ناكەسنى دەپ سىزنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغىنىغا پۇشايمان قىلغۇزىمەن! مەن سىزنى ئالمايمەن! سىزنى ئالسامۇ كۆندە تۇتۇلۇپ يۈرگىنىڭىزنى كۆرۈپ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كىتەرمەن؟مىنى ھەققى ياخشى كۆرىدىغان بىرەرسىنىڭ چىقمايدىغانلىقىغا مەن ئىشەنمەيمەن. ئەگەر شۇندىقى چىقمىسا مەن

مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كىتمەن. ماڭا راست گېپىڭىزنى ئېيتىڭە ئەگەر كامىل بولمىسا سىز مىنى ياخشى كۆرەتتىڭىز شۇنداقمۇ؟ جاۋاپ بېرىڭ، شۇنداقمۇ؟

ئۇ ئاسـتا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالدىمغا كىلىپ، كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ: «مەن كامىل بىلەن كۆرۈشـتۇم. ئۇ سـىزنى ھەقىقى ياخشـى كۆرىدىكەن. شـۇڭا مەن سـىلەرنى مۇرادىڭلارغا يەتكۈزىمەن. ئۇنىڭدىن بىرەر ئېۋەننى بايقىيالىغان بولسـام سـىزنى ھەرگىز ئۇنىڭغا بەرمەيتىم. ئۇ سىزنى ساقلاۋاتىدۇ. مەن سىزنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىمەن، يۈرۈڭ!» ـ دىدى ئۇ قولىنى ماڭا ئۇزىتىپ. مەن ھەيرانلىق بىلەن بىر ئىشنىپ، بىر ئىشەنمەي ئۇنىڭغا ئەجەپلىنىپ قاراپ تۇراتتىم. ئىشىك ئېچىلىپ ئاسىيە ھاجىم چىقىپ كەلدى.

ـ رەھىمجان بالام كەلدىڭمۇ؟ نىمە كېچىدە بۇ يەردە پاراڭلىشـىپ كەتتىڭلار؟ كىرىپ ئارام ئېلىڭلار. ئەتىگەنلىككە يەنە توي خېتى ئالغىلى بارىسىلەر ئەمەسمۇ، بالدۇرراق يېتىڭلار باللىرىم.

ـ ئاپا! مەن توي خېتى ئالغىلى بارمايمەن! ـ دىدى رەھىمجان كەسكىن ئاۋازدا. ئۇ ئاپىسى تەرەپكە قارىلىشىغا ئەسلىدىنلا ئاجىز پۈتلىرىنى باشقۇرالماي سەنتۈرۈلۈپ كەتتى.

ـ ۋېيەي، نىمە دەپ يۈرىدۇ ماۋۇ بالا؟ ئاغزىڭنى ئۇشـۇتمە بالام؟ نىمە پۈراۋاتسـەن ھەي؟ ۋاي خۇدايىم ،توۋا ماۋۇ بالىنىڭ ئۆمرىدە قىلمىغان سـەت ئىشـنى قىلىپ يۈرگىنىنى! تېز بول ماڭ ئۆيۈڭگە كىرىپ يېتىۋال، ھېلى داداڭ ئويغىنىپ كىتىپ قالسـا ۋاي ئاللا بۇ سـەتچىلىكنى قانداق قىلارمەن؟

ئاسـىيە ھاجىم ئىككىمىز ئالدىنىملەرنىدۇر دەپ غودۇراپ، جۆيلىگەندەك ئالتاغىل سـۆزلەۋەتقان رەھىمجاننى سـۆرەشـتۈرۈپ يۈرۈپ مىلىك تەسـتە ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزدۇق. ئۇ «مەن كامىلەنى ئالمايمەن. ئۇ مەندەك توكۇرغا تەگسە قانداق بولىدۇ. سىلەر خاتالاشتىڭلار. كامىلە ئەتىگەنلىككە توي خېتى ئالغىلى بارىمىز، سىز خاتىرجەم ئۇخلاۋېرىڭ. مىنىڭ دېگىنىم دېگەن ھە؟ سىزنى مەن ئايرىمەن، ئۆزۈم ئايرىمەن» دىگەن سـۆزنى تەكرارلىغىنىچە ئەمدىلا ئۇخلىۋىدى، ئاپام كىرىپ كەلدى. ئاسـىيە ھاجىم ئاپامغا ھېچنىمە دىمەسـلىك ھەققىدە ئىشـارە بەرگەندىن كىيىن بىز رەھىمجانغا ھېچقايسىمىز ئۈنچىقماي بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كىيىن بىز ياتىدىغان ئۆيگە قايتىپ چىقتۇق.

ـ بايا سـىرتتا ئىككىسـىنىڭ دىيىشـكەن گەپلىرىنى چالا ـ پۇچۇق ئاڭلاپ قالدىم، ـ دىدى ئاسـىيە ھاجىم كات لىۋىدە خېلى ئۇزۇن ئۈنچىقماي ئولتۇرغاندىن كىيىن خۇددى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك سالپىيىپ ئولتۇرغان ئاپامغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، ـ كامىل دېگەن كىم ئۇ؟

ئاپام خېلى ئۇزۇن بېشىنى تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ سۈكۈتتە ئولتۇردى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ھومىيىپ قارىۋىدى، مەن ئاستا ياندىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتىم.

ئاپام ئەينى يىللاردىكى دادام بىلەن كاملىنىڭ ئانىسىنىڭ ئىشلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. دادامنىڭ ئۇ ئايالغا قانچىلىك ياردەملەرنى قىلغىنىنى، بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا قانداق گەپلەرنىڭ بولۇنغىنىنى، ئاخىرىدا كامىل ئىككىمىزنىڭ ئىشىنىمۇ يىپپىراق ئېيتىپ ئۆتتى. لېكىن ئىككىمىزنىڭ قاچماقچى بولغىنىنى ئېيتمىدى.

- توۋا شۇنچە ئىشلار بولسا ماڭا ئەجەپ دېمەپسىزا؟ بۇنچە دەرت تارتقىنىڭىزنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن. بىزچۇ ئۇنى تۇرمۇشىڭلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئاتا-ئانىسى يوق، ئۆزى يۇۋاش، كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتماي ئۆتەرمىكىن دېمىسەك ئۇنداق بىر يېتىم ئوغلاق سەھرالىقتا بېرەمتۇق؟ قىز بالىغۇ خام سۈت ئەمگەن، ئەقلى چولتا كېلىدۇ. ئاۋۇ دادا بولغان ئادەمنىڭمۇ ئاشۇنداق تىگى پەس بىرنېمىلەرگە قىزنى بېرىشنى قوبۇل قىلىپ قالغىنىدىن قارىغاندا ئۇ بەزگەك ھازىرمۇ ئاشۇ خوتۇنىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي يۈرگەن ئوخشايدۇ.

ئاپام مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئاسىيە ھاجىم بولسا دادامنى بىر ھازا تىللىغاندىن كېيىن، «بۇ تويىنچۇ قىلىمىز! ئاشۇ نېمىلەرنىڭ قېرىشقىنىغا بولسىمۇ قىلىمىز. ئۆز ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭدىن قىزىمنى ئايىمىغان ئىكەنمەن، ئەمدى ئۇ قىزىنى مەندىن ئاياپ باقسۇنا، كېچىمەن بۇنداق تۇغقاندارچىلىقتىن! قىزىنىلا ئەمەس سىزنىمۇ قوشۇپ يېنىمغا قايتۇرۇپ ئەكىلىۋالىمەن. ئاشۇ قىيالمىغان سەھراسىدا يالغۇز قالسۇن ئۇنداق ياخشىلىق ياراشمايدىغان يېتىم ئوغلاق! مەن تېخى بىزنىڭ ھاجىمغا شۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ، شەھەردىكى زېمىننى كامىران قارىلارغا بېرەيلى. ئۇنى ئانچە-مۇنچە سودىغا كىرىشتۇرۇپ قويساقلا شەھەردە ئاسانراق كۈن ئالسۇن دەپ دېمىگەن ياخشى تەرىپىم قالمىغان.

- كاملە! - دەپ چاقىردى ئاسىيە ھاجىم بىر ھازا قايناپ بولغاندىن كېيىن مېنى.

مەن ئاستا ئۇلار بار ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ تۇردۇم.

- سىزگە ئېيتىپ قوياي. سىزمۇ دادىڭىزدەك بەختتىن نېزىقايدىغان ئەقىلسىزلاردىن بولماي، كۆز ئالدىڭىزدىكى ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەڭ. مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ نەرى ئۇ يالاڭتۆشتىن قېلىشقۇدەك؟ پۈتى ئازراق ئاقسىغىنى بىلەن نى نى ساقالار ئۇنىڭ قولىغا سۇ قويۇپ بېرەلمەيدۇ. تاپقان-تەرگىنىمىز ياتلارغا قالمىسۇن دېمىسەكچۇ، ئوغلىمىزغا قىز چىقماي سىزنى سوراپ يۈرمىگەن بىز! قىزىمىزنى بەرسەك دەپ ئەلچىلىككى ئۆزى كەلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، يالغۇز سىڭلىمنىڭ

يالغۇز قىزى ئا شۇ سەھرادا قالسا سۈن دەپ يېنىمىزغا تارتقىنىمىزنى بىلمەي پوق يىمە سىلىك قىلىپ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرەي دەۋاتامسىز ؟

ئاسىيە ھاجىم شۇ يوسۇندا خېلى ئۇزۇن ئوغلىنىڭ قولىدىن قانچىلىك ئىش كېلىدىغانلىقى ۋە بىر نەچچە ئۆي ـ زېمىننى، ئېرىنىڭ تاپقان بايلىقلىرىنى ئىككىمىزگە ئا تاپ قويغانلىقىنى خېلى ئۇزۇن ئەزۋەيلەپ سۆزلىگەندىن كېيىن:

ـ ئۆتكەن ئە شقا سالۋات، يېپىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن. بۇ ئە شلارنى ئەمدى ھېچقايسىمىز تىلغا ئالمايلى. مېڭىڭ، جايىڭىزغا چىقىپ يېتىڭ! ئەتىگەنلىككە بېرىپ چىرايلىقچە توي خېتىنى ئېلىپ كېلىڭلار. ـ دىدى.

ـ بارماي ھەددى ئەمەس، ـ دىدى ئاپامۇ كىچىك ئاپىسىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، ـ بارماي باقسۇنا قېنى، پوت ـ قولىنى سۇندۇرىۋېتىپ، ئاۋۇ ئۆلۈمتۈك دادىسىغا جاۋابىنى ئۆزۈم بېرىمەن. بىر ئۆمۈر ئاچچىق يۇتسەممۇ مۇشۇ شۇمنى دەپ ھەممىگە چىداپ ياشىغانمەن، ئەمدىلىكتە مىنىڭ تارتقان يېرىمگە بارمايدىكەن، مەندىن دادا ـ بالا ئىككىسى ياخشىلىق كۆرمەيدۇ!

يوتقانغا بېشىمنى پۈركەپ يېتىپ، كامىلنىڭ مىنى ھېلىمۇ شۇ يەردە ساقلاۋاتقىنىنى ئويلاپ كۆز يېشىمنى توختىتالماي قالدىم. مەن نىمىدىگەن ئاجىز ـ ھە؟ ھەتتا ئاۋازىمنى چىقىرىپ يىغلىغۇدەكمۇ، ئىچىمدىكى ئاھۇ ـ زارىمنى تۆككىدەكمۇ ئىمكانىيىتىم يوق. ھەر قانداق مۇشكۇلاتقا بويسۇنماسلىق ھەققىدە بېرىشكەن ۋەدىلىرىمىز ئىلاجسىزلىقنىڭ ئالقىنىدا رەھىمسىزلارچە مۇجۇلماقتا. ئۇ مىنى ساقلاۋاتىدۇ، مەن بۇ يەردە يۇمشاق يوتقان ئىچىدە يېتىۋاتىمەن، ئانامالار كەلگۈسىدىكى گۈزەل كۈنلىرى، مەقسەتلىرىگە قانداق يىتىش ھەققىدە تاتلىق پىچىرلىشىۋاتىدۇ، تەقدىرىمنىڭ پۈتۈكلىرىنى قېلىپتا قۇيغاندەك تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن خاتىرجەم ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتىدۇ. بەلكىم چۈشلىرىدىمۇ رەھىمجان ئىككىمىزنىڭ توينى قىلىپ، شەھەرگە كۆچۈپ كىلىپ پاراغەتتە ياشاپ تاتلىق كۈلۈمسىرىشىۋاتقاندۇ...

ئەتىگىنى ئانامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھويلىلارغا سۇ چېچىپ، پاكىز سۈپۈرۈپ بولغاندىن كېيىن رەھىمجاننى ئويغىتىپ، ھاجىم دادامنىڭ ئالدىدا ھېچنىمە بولمىغاندەك بىرگە ئولتۇرۇپ ناشتىلىق قىلىشقاندىن كېيىن توي خېتى ئېلىشقا ماڭدۇق.

ـ ئاخشام ئارتۇق سۆزلەپ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىپ قويمىغاندىمەن، ـ دىدى رەھىمجان چوڭ يولغا قايرىلغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا.

مەن «ياق» دېگەن ئىشارەت بىلەن بېشىمنى چايقىغاندىن كېيىن ئۇ «ئاپامىلارنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويمىغانلا بولسام بولىدۇ» دېدى ۋە مېنىڭ سۆلەشىپ كىتتۇۋاتقانلىقىمغا خېلىدىن بېرى دىققەت قىلىپ بىرەر ئىشىنى سەزگەنلىكىنى، تونۇگۈن مەن ئۇنى ئۆيگە كىملىكىنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرىغاندىن كېيىن مېنىڭ ئىزىمغا چۈشكىنىنى، كامىل بىلەن بىرگە بېلەت ئالغىنىمىزنى، شەھەر سىرتىدىكى ئورمانلىقتا مۆكۈدىشىپ ئولتۇرغىنىمىزنى. ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغىنىنى، بىزنىڭ ئاپتوبۇسقا چىققىنىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن كەينىگە يانماقچى بولغىنىدا، ئاپام بېرىپ مېنى قايتۇرۇپ ماڭغاندىن كېيىن كامىل بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ دەل مەن بىلەن تويى بولماقچى بولغان رەھىمجان ئىكەنلىكى ئېيتقانلىقىنى، كامىلنىڭ مۇھەببىتىمىز ھەققىدىكى بايانلىرىنى، سەمىمىي سۆزلىرىنىڭ ھەممىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قايىل بولغانلىقى ئۈچۈن كامىل بىلەن دوست بولۇشۇشقا قول بېرىشكەنلىكىنى ۋە بىزنى، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى قوللاش قارارىغا كېلىپ، كامىلنى بۇ شەھەر بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدا يۈك ماشىنىسى ھەيدەيدىغان شوپۇر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ دوستىغا ئۆزىنى ساقلىشىنى، مېنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئاندىن يولغا چىقىشىنى تاپىلاپ، كامىلنى شۇ يەردە قويۇپ قايتىپ چىقىپ نىمشقىدۇر ھاراق ئىچىپ باققۇسى كېلىپ كوچا دوقمۇشىدىكى بوتكىدا ئولتۇرۇپ بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ مېنى ئۇدۇل ھېلىقى شوپۇر دوستىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. شوپۇر ۋە كامىل بىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن.

— ئۇنىڭ كۆزىدىن تامچە ياش ئاققۇزغان كۆڭلۈك مەن سېنى بوش قويۇۋەتمەيمەن، — دېدى ئۇ بىز ماشىنىغا چىقىپ بولغاندا كامىلنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

— ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش چىقارغان كۆڭلۈم مەن ئۆزۈمنىمۇ كەچۈرمەيمەن ئاداش، خاتىرجەم بولغىن، — دېدى كامىلمۇ ئۇنىڭ قولىنى سەممىيلىك بىلەن سىقىپ تۇرۇپ.

كامىل ئىككىمىز ئۇنىڭغا رەھمىتىمىزنى ئېيتىپ يولغا چىقتۇق.

ماشىنا ھايالشىمايلا بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يولغا كەلدى. مەن تۇغۇلۇپ — ئۆسكەن مەھەللەمگە، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كۆز يەتكۈسىز توقايلىقلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز خىياللارغا ئەسىرا بولماقتىمەن.

ئاشۇ توقايلىقلاردا باللىقىمنىڭ غۇبارسىز، شوخ كۈلكىلىرى ۋە باللىق دوقمۇشىدىن يا شىلىق بۇسۇغىسىغا ئاتلىغان مەزگىللىرىمدىكى نۇرغۇن ئەستىلىكلەر سىڭگەن. مېھىر مايسىلىرىمىز بىخ

سـوْرگەن، مۇھەببىتىمىزنىڭ يالقۇنلىرى گۈلخانغا ئايلانغان دەملەر ئۆتكەن. ئەنە ئىككى بالا يالاڭئاياغ پۇتلىرىدىن توپا توزۇتۇپ پادىلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆتمۈشتىكى كامىل ۋە كامىلەلەرغۇ؟ ئۇلارمۇ كىيىن ماڭا ئوخشاش ئاشۇ توقايلىقتا مەيۈسلىنىپ قارىغاندا يەنىلا بىر جۈپ كامىل ـ كامىلەلەر مۇشۇ يولدىن توپا توزىتىپ ئۆتەر ـ ھە؟! سول تەرەپتىكى ئۆستەڭدە بىر توپ باللار چۇقىرىشىپ سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىشىۋاتىدۇ. ئۇلار نىمىدىگەن بىغۇبار ـ ھە؟ ئۇلارمۇ بىر كۈنلەردە بىزگە ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولارمۇ؟ باللار، مۇشۇ بېغەم، شادلىقڭلارغا تازا قېنىۋېلىڭلار. مەڭگۈ چوڭ بولماڭلار! بىز كۆرگەن كۈننى كۆرمەڭلار ئىلاھىم!...

نەچچە ۋاقتتىن بېرى مۇشۇ مەھەللىدىن، چوڭلارنىڭ ئىسكەنجىدىن قوتۇلۇپ رەھىمسىز پۇتۇكلەرنى يىرتىۋېتىپ باش ئېلىپ كىتىشنى تىلىگەن ئىدىم. مانا ھەققى يولغا چىقىۋىدىم، يەنىلا كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم. ئانام، دادام، ئاسىيە ھاجىملار بۇگۈن كەچكىچە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇلار قانداق ئويلار؟ نىمە ئىشلار بولۇپ كىتەر ـ ھە؟ رەھىمجانغۇ مەرتلىك بىلەن بىزنى يولغا سېلىپ قويدى. لېكىن، ئۇ بىز كەتكەندىن كىيىن چوقۇم تېخىمۇ بىئارام بولدى. ئەتە ـ ئۆگۈنلا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ «ئالماقچى بولغان قىزى باشقىلار بىلەن قېچىپ كىتىپتۇ» دىيىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ئاجىز جىسمى تېخىمۇ پۈچۈلىنىپ كىتىدۇ ـ ئەلۋەتتە. مەن ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغانلىرىنى، تۆلىگەن بەدەللىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇلۇپ قالمايمەن. ئۇنى مەڭگۈ ئۆز ئاكام دەپ بىلىمەن. ئاللا نىسىپ قىلسا، كىيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا چوقۇم ياخشى جاۋاپ قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ يالغۇز باللىقىنى بىلىندۈرمەي ئاكا ـ سىڭىل بولۇپ ئۆتىمەن...

شۇنداق قىلىپ يولغا چىقىپ ئىككى كېچىدىن كىيىن چۈش مەزگىلىدە ئۈرۈمچىگە يىتىپ كەلدۇق. كامىل يولدا كەلگۈچە خىلىلا چىقىشىپ، دوست بولۇشۇپ قالغان شوپۇرغا ھەربىر كەلگەندە بىز بىلەن كۆرۈ شۈپ تۇرۇ شنى ئېيتىپ، قۇچاغلىشىپ تۇرۇپ خوشلاشتى. ئۇ شوپۇرمۇ بىزگە ئاسانلىق تىلىدى ۋە بۇ شەھەردە باشقىلارغا ئاسان ئىشەنمەسلىكىمىزنى، ھەرۋاقىت سەگەكلىك بىلەن كۈن ئېلىشىمىزنى جېكىلەپ خوشلاشتى.

كامىلنىڭ قولىدىكى ئادرىس بويىچە 4 ـ كۆۋرۈك دەيدىغان جايدىكى كۆكتات توپ تارقىتىش بازىرىغا بېرىپ روزى كوماكنى ئىزدىدۇق. ئۇنى تېپىشقۇ ئانچە تەسكە چۈشمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەھۋالى بىز ئويلىغاندەك ئۇنچە ياخشى ئەمەس ئىكەن.

ئۇ كوندۇزلىرى كۆكتاپ توپ سېتىش سودىگەرلىرىگە ياردەملىشىپ ماشىنىدىن مال چۈشۈرۈش، سېتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشىپ بەرسە، ئاخشاملىرى ئاشۇ بازاردىكى كۆكتات ساقلايدىغان لەمپىلەردە باشقىلارنىڭ ماللىرىغا قاراپ بېرىپ ياتىدىكەن.

ـ ئۇكام مىنى پاناھ تارتىپ كەلگىنىڭلارغا رەھمەت، ـ دېدى ئۇ بىزنى شۇ بازاردىكى تۆت تەرىپى رەخت بىلەنلا توسۇلۇپ، ئوتتۇرىسىغا ئىككى شىرە قويۇلغان ئاددى ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ـ ئەمدى ئۆزۈڭلارمۇ كۆردۈڭلار، مېنىڭ تۇرغان تۇرقۇم مۇشۇ شۇ. سىلەرنى باشلىغۇدەك بىرەر ئۇۋاممۇ يوق. ئۈرۈمچى دېگەن بۇ شەھەردە ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، لېكىن شۇ ئۆي دېگەن نەرسىنى تاپماق، تاپسىمۇ ئىجارىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولماق تەس. مەندەك بويتاقلارغا ئاسانلىقچە ئىجارە ئۆيمۇ تېپىلمايدۇ. ئەمدى سىلەر بېشىڭلارغا كۈن چۈشۈپ بۇ يەرگە كىلىپسىلەر. خالىساڭلار مۇشۇ يەردە بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتتۇۋېلىشىڭلارغىلا ياردەم قىلالايمەن. گەپنى ئوچۇق قىلسام ئۇكام، سىلەر مەندەك بوك يېتىپ، بوك قوپۇپ بولالمىغۇدەك سىلەر. مېنىڭ مەسلىھەتىم يېنىڭلاردا يەتكۈدەك پۇل بولسا ئاۋال ئۆيدىن بىرنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئاندىن بۇ بازاردا توپ ئېلىپ پارچە سېتىپ يۈرۈپ تىجارەتنىڭ ئېپىگە كىرىشىۋېلىڭلار.

كامىل ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى. بىز تاماقتىن كېيىن بازارغا يېقىن ئەتراپتىن ئۆي ئىزدەشكە باشلىدۇق. لېكىن، ۋاقىتلىق يېتىپ تۇرغۇدەك بىرەر ئېغىز ئۆي تېپىشمۇ شۇنچە تەس ئىكەنكى، بۇ يەرلىكلەر بىزدەك جەنۇپتىن كەلگەنلەرگە پەقەتلا ئىشەنمەيدىكەن. سىپايىراق مۇ ئامىلىمۇ قىلمايدىكەن. قاراڭغۇ چۈشكەندە ھارغىن پۇتلىرىمىزنى ئاران سۆرەپ بازارغا قايتىپ كەلدۇق. روزى كۇماك بىزنى بىر دۆۋە سامساقنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ قاياقلارغىدۇر ياتقىدەك يەرنىڭ ئېپىنى قىلغىلى كەتكەن ئىدى. بازاردىكى تىجارەتچىلەر بىر ـ بىردىن تارقاپ كېتىشكە باشلىغاندا ئۇ قېشىمىزغا كىلىپ «ھاشىمجانلارنىڭ لاپىسىدا بۇگۈن ياتىدىغان ئادەم يوقكەن، ئۇ سىلەرنىڭ ئۇنىڭ مېلىغا قارىغاچ شۇ يەردە تۈنەشىڭلەرگە قوشۇلدى»» دېدى ۋە بىزنى ئۇ لاپاسقا باشلاپ باردى. ھاشىمجان دېگەن كىشىنىڭ لاپسىغا نەچچە ماشىنا كاۋا چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بىر چېتىدە بىر تال كونا ياغاچ كارىۋات قويۇلغان ئىكەن. ئۇ ئادەم بىزگە بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن، كېچىدە ھوشيارراق بولۇش ھەققىدە ئەسكەرتمە بېرىپ لاپاسنىڭ ئوتتۇرىسىنى يىرتىپ چىقىرىۋالغان ئىككى يېرىدىن تىشىپلا قۇلپا سېلىنىدىغان ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىپ چىقىپ كەتتى. روزى كۇماك دېگەن كىشى «ھە، ئۇكام بۇ يۇرتتا خەقكە گەپ قىلىپ ئىشەندۈرمەكمۇ تەس. ماۋۇ ھاشىمجان سىلەرنى ئىشەنچىكمۇ؟ دەپ بەك سوراپ كەتتى. بولسا مۇشۇ لوبەنىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ سودىسىغا ياردەملىشىپ، بىرەر ئۆي تېپىلغۇچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ

تۇرار سىلەر ـ ھە؟!»دېدى. كامىل ئۇنىڭغا «ماقۇل» دېگەن ئە شارىدە باش لىڭ شىتقاندىن كېيىن ئۇ «مەنمۇ مۇشۇ ياندىكى لاپاستا بىرەر ئىش بولسا توۋلارسىلەر» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ـ بۇ يەرگە كىلىپلا سېنى تەس كۆنگە قويىدىغان بولدۇم كامىلە، ـ دېدى كامىل كۆزلىرىنى ئەتەي مەندىن قاچۇرۇپ تۇرۇپ، ـ ســـەن ئاۋۇ كارىۋاتتا يېتىپ ئارام ئالغىن، مەن ماۋۇ يەردە ياتاي، ـ ئەتىلەتىن بىزگىمۇ بېشىمىزنى تىققۇدەك بىرەر ئۆي تېپىلىپمۇ قالار.

بىز لامپا ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان كىچىك لامپۇچكىنىڭ يورۇقىدا بىردەم بىر ـ بىرىمىزگە تەســـەللى بولىدىغان، ئۈمىتلەندۈرىدىغان ســـۆزلەرنى قىلىشـــىپ، مەن كارىۋاتتا، كامىل يەرگە قالايمىقان تاشلاپ قويغان تاغارلارنى رەتلەپ سېلىپ ئۇستىدە ياتتۇق، سەپەر ھاردۇقى ۋە بوگۈن ئۆي ئىزدەپ يۈرۈپ يەتكەن ھاردۇقنىڭ تەســـىرىدە كونا، كىرلىشـــىپ كەتكەن كۆرپە ئۈســـتىدە بىردەملا ئىزىلىپ ئۇخلاپ كېتىپتىمەن.

چۈشـۈمدە دادامنى كۆرگەن ئىدىم، لېكىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەچكە چۈشـۈمدە دادامنىڭ نىملەرنى دېگىنىنى ئەسلىيەلمىدىم.

بۇ يەردە ھەرقانداق جايدىكىدىن بۇرۇنراق بىر كۈنلۈك ئىشـــلار باشـــلىنىپ كېتىدىكەن. يېرىم كېچىدىن ســـەللا ئاشـــقاندا بۇ بازار كارامەت جانلىنىپ كېتىدىكەنكى، باشـــقا پارچە ســـېتىش بازارلىرىدىن مال سېتىۋېلىشقا كەلگەن تىجارەتچىلەر، ئا شىپۇزۇل ـ رېستورانلىرىغا كۆكتات ئالغىلى كىلىدىغانلار تۇشـمۇ ـ تۇشـتىن كىلىپ ماشـىنا، ھارۋا، ئۈچ چاقلىق موتىتسـىكىلىتلىرىغا ھەر خىل كۆكتاتلارنى توشـــقۇزۇش بىلەن ئالدىراش بولســـا، بۇ يەردىكى تىجارەتچىلار يىراق ـ يېقىندىكى يېزىلاردىن كېچىلەپ يۆتكەپ كىلىنگەن ماللارنى تالىشىپ ئۆتكۈزىۋېلىش ۋە خېرىدارلىرىغا سېتىش بىلەن تاڭ ئاتقۇچىلا ھېرىپ ھالى قالمايدىكەن. كامىل ھاشـــىمجان لوبەنگە ياردەملىشـــىپ چوڭ گىردا مال ئۆلچەش بىلەن ئالدىراش بولسـا، مەن چۈشـۈرۈلگەن ماللارنى رەتلەش ۋە چۈشـۈرۈش، سېتىش جەريانىدا تاغارلىرى يىرتىلىپ، كۆلا ـ چىگە باغلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن كۆكتاتلارنى رەتلەش بىلەن تاكى چۈشكىچە شۇنداق ئالدىراش ئۆتتۇق.

ـ ھە ئۈكىلىرىم ئەمدى قوســاقنى ئازراق ئەســتەرلىۋالايلى، ـ دېدى ھاشــمجان بىزگە رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشــىتىپ قاراپ، ـ بۇ ســودىدا ئەتىگىنى ناشــتا جايىدا بولمايدۇ. ھەركۈنى مۇشــۇ چاغلاردا ناشــتا قىلىپ كۆنۈپ كەتكەن بىز، لېكىن ســىلەرنىڭ قوســقىڭلار تازا ئاچقاندۇ ـ ھە؟! دۇكاننى تاشـــلىغىلى بولمايدۇ، شـــۇڭا ئاۋال ئىككىڭلار بېرىپ تاماق يەپ كىلىڭلار، ســـىلەر كەلگەندىن كيىن مەن باراي.

بىز ئۇنىڭغا ئاۋال بېرىپ غىزالىنىپ كىلىشنى ئېيتىپ خېلى تەكەللۇپ قىلساقمۇ ئۇ «ئاۋال سىلەر بېرىڭلار» دەپ چىڭ تۇرىۋالغاچقا، كامىل لاپاس ئىچىگە كىرىپ چاپىنىنى ئېلىپ چىققاندىن كىيىن بىللە ئاشپۇزۇل تەرەپكە ماڭدۇق.

ـ ھەي ئۇكىلىرىم، دەپ توۋلىدى، ـ ھاشىم لوبەن مېڭىشىمىزغىلا، ـ مانا ماۋۇ پۇلغا تاماق يەڭلار، بوگۈن ئوبدان ئەسقاتتىڭلار، مۇشۇنداقلا يېقىن تۇرۇشۇپ بەرسەڭلار ياتاق ـ تامىقىڭلارنى كۆتۈرگەندىن سىرت يەنە قاراپ تۇرمايمەن.

بىز ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقاندىن كىيىن ئۇ كامىلنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي قولىدىكى پۇلنى كامىلنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

كامىل نەچچە قەدەم مېڭىپلا چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ چىرايى تاتارغان ھالدا جايىدا تۇرۇپلا قالدى.

ـ نىمە بولدى كامىل، ـ دىدىممەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ تەشۋىشلىنىپ.

ـ پۇل يوق تۇرىدۇ كامىلە! ئۆيدىن ئېلىۋالغان پۇل يوق!

ـ نىمە؟! نىمە دەيدىغانسىز؟ ياخشىراق قاراپ بېقىڭە؟

ـ ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرغاندا يانچۇقۇمدا بار ئىدى. كىيىن مال چۈشۈرگەندە بەك تەرلەپ كىتىپ چاپاننى لاپاسنىڭ ئىچىگە ، سەن ياتقان كارىۋاتتىكى كۆرپىنىڭ تىگىگە تىقىپ قويغان ئىدىم.

ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە نىمە دىيىشىمىزنى بىلەلمەي قاراپ تۇرغاندا روزى كوماك يېنىمىزغا كىلىپ:

ـ ھە ئۇكام ئىشلار قانداراق؟ ھاشىمجاننىڭ يېنىغا كۆنۈپ قالغىدەكسىلەرمۇ؟ چۈشتىن كىيىن مىنىڭ قىلىدىغان باشقا ئىشىم يوق، شۇڭا سىلەرگە ئۆي ئىزدەپ باقاي دەيمەن. سىلەر ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار. ۋاي نىمە بولدى سىلەرگە؟ ھاڭۋېقىپلا تۇرىسىلەرغۇ؟ بىرەر ئىش بولدىما؟ ھاشىمجان گېپى قوپالراق ئادەم، سىلەرگە بىر نەرسە دەۋالمىغاندۇ ـ ھە؟ بوپتۇ ئۇكام مۇساپىرچىلىقتا ئازراق سەۋر قىلمىساقمۇ خەقنىڭ ئاغزىدىن نان ئېلىپ يىيەلمەيدىغان گەپ.

كامىل ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كىيىن ئۇ بىزگە چەكچىيىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كىيىن بېشىدىكى شەپكىسىنى ئېلىپ يۈزىنى ئېيتىپ يەردىلا بادا شقاننى قۇرۇپ ئولتۇردى. ۋەبىر ھازادىن كىيىن : «بوپتۇ ئۇكىلىرىم، بولغۇلۇق بولۇپ بوپتۇ. بۇ بازارنىڭ ئوغرىسى ئەزەلدىنلا بەك يامان. تۇنۇگۈنلا بىرەر ئۆي تۇتۇۋالغۇچە پۇلۇڭلارنى مەن ساقلاپ بېرەي دەيمىكىن دەپ، سىلەرنى

خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن دەپ دىمىگەن ئىدىم. «دۆ غېرىپنى ئۇرۇپتۇ، ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى»دەپ، ئاشۇ نائىنساپ ئوغرىنىڭ جاجىسىنىمۇ خۇدايىم بېرەر. «مېلى بارنىڭ مېلىغا، جېنى بارنىڭ جېنىغا» دەپتىكەن، جېنىڭلار تىنىڭلاردىلا بولسا خۇدانىڭ سىلەرگىمۇ ئېيتقان كۈنى باردۇر. يۈرۈڭلار تاماق يەيلى، ـ دىدى.

چۈشتىن كېيىن كۆكتات توپ تارقىتىش بازىرىنىڭ يېنىدىكى تاش ئۆستەڭنىڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قانداق قىلىش ھەققىدە خېلى ئويلاندۇق. ھاشىمجان لوبەننىڭكىدە نەچچە كۈن ياردەملىشىپ ئۇنىڭدىن ئازراق ياردەم سوراپ، ئاندىن ئۆي ئىزدەش قارارىغا كەلدۇق. ئۆيدىن ئايرىلىپ چىققان ئىكەنمىز، بىزنى ئەكىلىپ قويغان شوپۇر ئېيتقاندەك ناھايىتى سەگەك تۇرۇشىمىزغا ۋە جاپا ـ ئۇۋالچىقلارغا چىدىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن، تۇنجى قەدەمدىلا بىخۇتلىقىمىز تۈپەيلى قۇرۇق قول، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراشلىق ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. كامىل توختىماي ئۆزىنى ئەيىپلەيتتى. مىنىڭ كۆڭلۈممۇ شۇنچە يېرىم بولسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭغا چاندۇرماي تەسەللى بېرىپ، ئۇلا يېنىمدا بولسىلا مىنىڭ ھەممىگە كۆنۈپ كېتىدىغانلىقىمنى، بۇ كۈنلەرنىڭمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى ئېيتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتىم.

ـ بولغۇلۇق بوپتۇ ئۇكام، ـ دىدى ھاشىمجان لوبەن كەچتە لاپاس ئىچىدە ئولتۇرۇپ كامىلنىڭ گەپلىرىنى تىڭشىغاندىن كېيىن، ئانچە پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە، ـ بۇ يۇرتتا ئادەم نىمىگە كۆنمەيدۇ؟ زىيان تارتىپمۇ كۆنۈپ كېتىسەن. مەنمۇ بۇرۇن ياندىكى مۇۋە ـ چىۋە توپ تارقىتىش بازىرىدا باشقىلارغا ياردەملىشىپ بېرىپ ئىش باشلىغان. ئىشلىرىمۇ نەچچە يىلغا قالماي خېلى ياخشى بولۇپ قېلىۋىدى، غۇلجىدىن ئەكەلگەن ئۈچ ماشىنا ئالمىنى تېخى ماشىنىدىن چۈشۈرمەي تۇرۇپلا بىر «دەتتىكام»دا ئۇتتۇرۇۋېتىپ «ناسۇۋال قاپاقتا نان بارمۇ؟»دەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم. يا يۇرتقا قايتالمايمەن. ئاخىرى مۇشۇ بازاردا باشقىلارنىڭ سامسىقىنى ئۆرۈپ يۈرۈپ ئىككى تاغار كۆدىگە چۈشلۈق پۇل قىلىپ يەنە سودامنى باشلىۋالدىم. بەزىدە زىيان تارتىپ نەچچە كۈن قوپالماي ياتقان ۋاقىتلىرىممۇ بار. مانا ھازىر ھەرھالدا قەرزلەرنى تۈگۈتۈپ يامان ئەمەس كىتىپ بارىمەن. خوتۇن ـ بالىلىرىمنىمۇ ئەكىلىپ مۇشۇ يەردىن ئۆي تۇتۇپ بەردىم.

روزى كوماك بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىمىزنى ۋە ئەمدىكى ئويلىغانلىرىمىزنى ئۇنىڭغا بىرەر قۇر چۈشەندۈرۈپ قويغاندىن كېيىن ئۇ:

ـ ئۇكام ئەمدى سىلەرمۇ ياشكەنسىلەر. نىكاھسىز بۇنداق يۈرسەڭلار قاملاشمايدۇ. بولۇپمۇ بۇنداق سودا قىلىدىغان يەر دېگەندە تاھارەتسىز يەرگە دەسسەپ سالساق ئىش ـ ئوقەت كەينىگە دەسسەيدىغان گەپ، ـ دىدى ماڭا قاراپ بىر ھىجىيىپ قويۇپ.

خىجىللىقتىن يۈزلىرىم ئوت ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن روزى كوماك ۋە كامىلنىڭ ئالدىدا شۇنچە ئۇيالدىمكى، كامىل دەرھال باشقا ياققا قارىۋېلىپ ئۇنىڭغا بىزنىڭ نىكاھسىز ھەرگىزمۇ باشقىچە نىيەتتە بولمايدىغانلىقىمىز ھەققىدە تولىمۇ بىئەپ ھالەتتە چۈشەنچە بەردى.

ھاشىمجان لوبەن، ئەمسە ھازىرچە كامىلە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ يەڭگىسىگە ياردەملەشكەچ بالىلارغا قارىشىپ بېرىپ تۇرسۇن، - ئايال كىشى دېگەن سودىغا ئارىلىشىپ يۈرسىمۇ، بۇ يەردە يېتىپ يۈرسىمۇ ئانچە قاملاشمايدۇ. سەن مېنىڭ يېنىمدا سودىغا ياردەملەش، مەن ئۆيىنىڭ ئامالىنى قىلغاندىن كېيىن نىكاھىڭلارنى ئوقۇتۇپ قوياي. ئۇنىڭغىچە سەنمۇ ئۆز ئالدىڭغا بىرەر ئىش قىلغۇدەك بولۇپ قالىسەن، - دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كامىل ئىككىمىز تەڭلا بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق. نىمىشقىكىن كامىلدىن ئايرىلىپ ھاشىم لوبەنلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇشقا پەقەتلا كۆڭلۈم تارتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاشىم لوبەننىڭ ساپسېرىق قاش-كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى كۆپ-كۆك كۆزلىرى ماڭا ھەر بىر قادالغاندا كۆڭلۈم قانداقتۇر بىر شۈملۈكنى سەزگەندەك ئەندىكىپ كېتەتتىم.

ھاشىمجان لوبەن دىلغۇل بولىۋاتقانلىقىمنى پەملەپ، - ئۆيىمۇ بۇ يەرگە ئانچە يىراق ئەمەس. كېلىپ-كېتىپ تۇرمامسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى ئاشخانىلارنىڭ تاماقنى ئۆزىڭىزمۇ بىلدىڭىز. كامىلنى يوقلىغاچ ئانچە-مۇنچە ئۆي تاماقنى ئەكىلىپ بەرسىڭىزمۇ تېخى ياخشى ئەمەسمۇ؟ - دېدى. مەن كامىلغا قاراپ قويۇپ ئۈنچىقماي ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ كامىلغا سوئال نەزىرىدە قاراپ تۇردى.

كامىل نىمە دېيىشىنى بىلمەي بىردە ماڭا، بىردە روزى كوماككا قارىۋىدى ،روزى كوماكمۇ ھاشىم لوبەننىڭ سۆزىنى قوللاپ « مەيلى ئۇكام، بۇمۇ ھاشىمجان لوبەننىڭ ياخشى كۆڭلى، قىز بالا بۇ يەردە جاپا تارتىپ قالىدۇ ھەم قىز بالا دېگەننىڭ ئىشى جىق خەق، قولايسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ھاشىمجان لوبەننىڭ ئايالى بىلەن گۇڭگۇر-مۇڭگۇر بولۇشۇپ ھەمرادارچىلىقتا ئۆيىنىڭ خۇلقىنى كۆرۈپ ئولتۇرسا تېخى ياخشى، - دېدى.

- رەھمەت سىلەرگە، دېدى كامىل تەڭقىسلىقتا، - ھېلىمۇ سىلەرنى كۆپ ئاۋارە قىلدۇق، مەسلىھەتلىشىپ ئەتىگىچە جاۋابىنى بېرەيلى.

ھاشىمجان لوبەن ۋە روزى كوماكلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كامىل:.

- ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارساڭ قانداق بولار؟ قىسىلىپ قالارسەنمۇ؟ پۇلىمىز يېتىپ كەتمىگەن بولسا ئاۋال ئۆيىنىڭ غېمىنى قىلىۋالغان بولساق...

ـ ئەنسىرىمەڭ كامىل، ـ دىدىممەن ئۇنىڭ ئىلاجسىزلىقىغا قاراپ تۇرالماي، سۆزىنى بۆلۈپ، ـ ئەتە كەچتە سىز مىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپىرىپ قويۇڭ. مەن نەچچە كۈن شۇ يەردە تۇرۇپ تۇراي، سىز تېزرەك پارچە سېتىشنى ئۆگۈنۈڭ، ئاندىن ھالقامنى سېتىپ ئۆز ئالدىمىزغا ئىش قىلايلى.

ئەتىسى كەچتە كامىل بىلەن ھاشىمجان لوبەنگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق.ئۇنىڭ ئۆيى كۆكتات توپ سېتىش بازىرىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئىجارىگە ئېلىنغان ئۆي بولۇپ، ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىمىزگىلا ئۇنىڭ ئىككى قىزى يۈگرەپ كىلىپ دادىسىغا ياماشتى. ئارقىدىن ئۇنىڭ سىمىزغىنە كەلگەن، ئادەمگە ئۆچى باردەكلا شۈبھىي بىلەن چەكچىيىپ قارايدىغان ئايالى چىقىپ بىزگە سەل ھەيرانلىق بىلەن سەپسېلىپ قارىۋېتىپ ئاددىيلا سالام قىلىپ ئۆيىگە باشلىدى. ئۆينىڭ ئىچى خېلى ياخشى سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ شۇنچە قالايمىقان ئىدىكى، كىيىم ـ كېچەكتىن تارتىپ چىنە ـ قاچىقۇچە ھەممە يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. باللارنىڭ خېلى چوڭ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان بەدبۇي پۇراق دىماقنى ئېچىشتۇراتتى.

ھاشىمجان لوبەن چاي دەملىگىلى ماڭغان ئايالىنىڭ ئارقىدىن كىرىپ كىتىپ بىر ھازادىن كىيىن چىقتى ۋە ئايالىغا « مانا ساڭا ھەمراھتىن بىرنى ئەكەلدىم خوتۇن. بۇ بايا ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەنلەر شۇ. بېشىغا كۈن چۈشمەيدىغان كىم بار دەيسەن؟ بۇلار بىرەر ئىشنىڭ پىشنى تۇتۇپ، ياتقۇدەك جاي راسلىۋالغۇچە بۇ سىڭلىمىز ساڭا ھەمرادارچىلىق قىلىپ تۇرسۇن. بۇ ئىنىمىز لاپاستا ماڭا ياردەملىشىدۇ» دىدى.

ئايال بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىيىقىدا كۈلۈپ باش لىڭشىتىپ قويۇپ ئاشخانا ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. ھاشىمجانمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ كىتىۋىدى، كامىل قۇلىقىمغا «بۇمۇ بىر ئېغىزلا ئۆيكەن قىستىلىپ قالارسەنمۇ؟ ئۇنىڭدىن لاپاستا ياتقىنىمىز ياخشىراق ئىكەندۇق» دىدى.

نىمە ئىلاج؟ ھازىر بىزنىڭ يەنە قانداق تاللاش ھوقۇقىمىز بولسۇن؟ ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا تۇتىۋاتقان بولسىمۇ ئۇنىڭغا چاندۇرماي مىيىقىمدا كۈلۈپلا قويدۇم.

ـ بۇگۈن ئاچا ـ سىڭىل ئىككىڭلار ئەركىن ـ ئازادە مۇڭدىشىپ يېتىڭلار، ـ دىدى ھاشىمجان لوبەن چاپىنىنى كىيگەچ، ـ مەن كامىل بىلەن لاپاسقا بېرىپ ياتاي.

ـ ھە، «ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا» بولمىسۇن يەنە؟ ـ دىدى ئايال ئۇنىڭغا ھومىيىپ، ـ پۇتلىرى قىچىشىپ باشقا ياققا كىتىپ قالسىلا مەن بىلمەيدىغان لاپاس ئەمەس ھە ـ ئۇ؟

ـ توۋا دىگىنە خوتۇن، ـ دىدى ھاشــــمجان لوبەن بىزدىن خىجىل بولۇپ ئايالىغا يىلىنغاندەك قىياپەتتە، ـ قاچانلىققىمۇ ئەشنەرسەن ھە ماڭا؟ مەن نىمە كويدا، سەن نىمە ئويدا؟ تىرىكچىلىك قىلىپ سىلەرنى ياخشى باقمەن دىمسەمغۇ، مىنىڭمۇ مۇشۇ ئۆيدىن چىقماي ياتقۇم بار.

ھاشىمجان لوبەن سۆزىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا كامىل بىلەن چىقىپ كەتتى. مىنىڭ كامىلنىڭ ئارقىدىن بىللە چىقىپ ئۆزىتىپ قويغۇم كەلدىيۇ، يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

ـ ئاۋۇ بالا راست سىزنىڭ ئىركىڭىزمۇ ـ يە؟ ـ دىدى ئايال ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كىيىن ماڭا قاتتىق تەلەپپۇزدا. ئۇنىڭغا «ياق بىز كىچىكىمىزدىن ۋەدىلەشــــكەن بىر جۈپلەردىن ئىدۇق، ئۆيدىكىلەر قوشۇلمىغاچ بۇ يەرگە كەلدۇق» دەپ چۈشەندۇرۇپ يۇرۇشنى خالىمىدىم ۋە «ھەئە» دەپلا جاۋاپ بەردىم.

ـ ھە ئەمدى دەيمىنا. بۇرۇنمۇ بۇ ئادەم «نەۋرە ئىنىمنىڭ ئايالى، بۇ يەرگە كىبىــــەل داۋالاتقىلى كەپتۇ» دەپ سىزدەك بىرسىنى باشلاپ كەپتىكەن. مەن ئاخماق ئۇ بىرنىمىنىڭ قوسقى پولتىيىپ چىققۇچە ھىچنىمىنى بىلمەي يۇرۇپتىمەن.

ئۇ ئايال ئىبرى بۇرۇن باشــــلاپ كەلگەن قىزنىڭ كىيىن قوســــاق كۆتۈرگىنىنى كۆرگىنىنى، سۈرۈشتۈرسە قوساقتىكى ئىرىنىڭ بالىسى بولۇپ چىققىنىنى، ئىرى ئۇ ئايال بىلەن سىرتتا بىر ئۆي تۇتۇۋالغىنىنى، ئۇ ئايالنى ئىزدەپ بىرىپ چاچلىرىنى يۇلۇپ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتكىنىنى، كىيىن ئۇ ئايالنىڭ يوقاپ كەتكىنىنى، لىكىن ئىرى بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ھازىرمۇ ســــىرتتا ئۆيى بارلىقىدىن گۇمان قىلىدىغىنىنى. . .سۆزلەۋاتاتتى.

ئۇنىڭ «ســـىزدەك بىر قىزنى» دىگەن ســـۆزى ۋە كىيىنكى ئاشـــكارا بىشـــارەتلىرى مەندىن گۇمان قىلىۋاتقىنىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئورنۇمدىن تۇرۇپلا «مىنى نىمە كۆرۈۋاتىسەن؟كىملەرگە ئوخشـــتىۋاتىســـەن؟ ئىرىڭنىڭ تۆت تال پۇلىغا ھەممە ئايال بويسـۇنىدۇ دەپ ئويلامســەن؟ بىلىپ قوي مەن پاك قىز! ئىرىڭدەك نىملەرنى كامىلنىڭ ئىلىۋەتكەن تىرنىقىغا تەڭ قىلمايمەن!» دەپ رەددىيە بىرىپ، تەستىكىگە بىرنى سىلىپ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكۈم كەلگەن بولسىمۇ بوغۇزۇمغا كەپلىشــپ قالغان ئاچچىقنى، كۆزلىرىمگە يامرىغان يىشـــمنى زور غەيرەت بىلەن يۇتۇپ، لىۋىمنى چىشلەپ ئولتۇردۇم.

ئايال ھەربىر ئىغىز سـۆزىدە ماڭا دوق قىلىپ چىقىۋالغاننى ئازدەپ، ھە ياتســلا خىنىم، دەپ بىر يوتقاننى چۆرۈپ تاشـلاپ بىرىۋىدى، ئىچى ـ ئىچىمدىن يىغا تۇتتى. يوتقانغا بىشـمنى تىقىپ يىتىپ ئۇنسىز ياشلىرىمنى توختىتالماي قالدىم.

شۇ كۈنى كېچىچە باسقان غېرىپلىق مىنى شۇنچە ئەزدىكى بۇ دۇنيادا ئۆزۈمنى شۇنچە يەككە ـ يىگانە ھىس قىلدىم. خۇددى كامىلنى ئەمدى قايتا كۆرەلمەيدىغاندەك تەشۋىشتە تاڭنىڭ تېزرەك ئېتىشىنى تىلەپ ئۇيقۇسىز چىقتىم.

ـ ھە؟! نىمە بىر كۈن بولمايلا لاپا سىقا بارغىلىرى كىلىپ كەتتى؟ ـ دىدى ئايال چۇ شىلۇك تاماقتىن كىيىن كامىلنىڭ يېنىغا بېرىشىنى ئېيتىپ ئىشىك تۈۋىگە كىلىشىمگىلا، ـ ئالدىرىمىسىلىچۇ كەچتە كۆرگىلىرى كىلىپ كەتكەن ئادەممۇ كىلىدۇ مۇشۇ ئۆيگە!

ـ نىمە دەۋاتىدىلا؟ دىدىممەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئانچە ئاڭقىرالماي، ـ كامىلنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئەكىلىپ يۇيۇپ بېرەي دىگەن ئىدىم...

ـ ئوھوش...! نەگە بارسىڭىز بارمامسىز؟ سىز بىلەن كىمنىڭ كارى؟! ئاۋۇ پالاكەتكە دەپ قويۇڭ ئەمدى ئۆيدە سىزنى بار دەپ باھانە قىلىپ ئۆزى سىرتتا قونۇپ يۈرۈيمەن دەپ خام ـ خىيال قىلمىسۇن. كەچتە كەلمىسە مەن بېرىپ كۆرگۈلىكىنى كۆرسىتىمەن! سىزمۇ ئاۋۇ بىرنىمىڭىزگە دەپ ۋاقتىدا ياتقۇدەك يەرنىڭ ئېپىنى قىلىڭ «ئۆزۈم پاتمىغان كامارغا، غەلۋىر باغلاي كۆتۈمگە» دىگەندەك تۇتۇپ بەرگەن ئۆيى مۇشۇ، يەنە تېخى كوچىدا ئۆي تاپالمىغانلىكى قىز ـ چوكاننىڭ ھەممىسىنى ئەكىلىۋالغۇسى بار ئۇ پاقا مەرۇقنىڭ!

ئۇنىڭ ئاغزى يومۇلماستىنلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

لاپاس ئالدىغا كىلىشىمگە بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ھاشىمجان لوبەن مىنى كۆرۈپ سەت ھىجىيىپ «ھە سىڭلىم، قانداق ئۆيدە ياخشى ئۇخلىدىڭىزمۇ؟» دەپ ئالدىمغا كەلدى. مەن يىنىكلا باش لىڭشىتىپ قويۇپ كامىلنى ئىزدەپ ئەتراپقا قارىدىم.

ـ كامىلنى كۆرگۈڭىز كىلىپ تۈزۈك ئۇيقۇڭىزمۇ كەلمىگەندەك قىلىدۇ ـ ھە؟چىرايىڭىزمۇ بۆلەكچىلا تۇرىدۇ، ـ دىدى ئۇ ساپسېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ تېخىمۇ سەت كالچاراپ ـ يىگىتىڭىز باراتجانلارنىڭ مېلىنى چۈشۈرۈشۈپ بەرگىلى كەتكەن. ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ كىلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغۇم كەلمەي بازارنىڭ ئىچىنى ئارىلاپ كامىلنى ئىزدەشكە باشلىدىم. كامىل بازارنىڭ ئارقا ئىشىكى تەرەپتىكى بىر سودىگەرنىڭ مېلىنى چۈشۈرۈشۈپ بېرىۋاتقان ئىكەن. ئۇ ئالدىراشچىلىقتا مىنى كۆرمىدى. مەن ئۇنىڭ ئېغىر تاغارلارنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، يۈدۈپ لاپاس ئىچىگە توشۇۋاتقىنىغا قاراپ تۇردۇم. ئۇنىڭ پىشانە ـ چېكىلىرىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان تەر مايكىسىنىڭ ئالدىنى ھۆلدىۋەتكەن ئىدى.

ئۇ ئاخىرقى تاغارنى لاپاس ئىچىگە ئەكىرىۋېتىپ چىققاندىن كېيىن يېڭى بىلەن تەرلىرىنى ئېيتقاچ ئەتراپقا قارىدى ۋە مېنى كۆرۈپ ھارغىن چىرايىغا زەررىچە خۇشاللىق يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى يورۇپ، مەن تەرەپكە ماڭدى. ئەلۋەتتە مەنمۇ ئۇنىڭ كۈلۈپ باققاندىكى چىرايىدىن لەززەت تېپىپ كېچىدىن يۆتكەن ئاچچىق-ئازارلىرىم نەلەرگىدۇر غايىپ بولۇپ، ئۆزۈمنى شۇنچە يېنىك سەزدىم.

بازارنىڭ يېنىدىكى تاش ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا «كامىل بىز ئۆز ئالدىمىزغا بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتايلى، بۇ ھاشىم لوبەننىڭ ئۆيىدە پەقەت تۇرغۇم يوق، سىزمۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرماڭ» دېدىم ۋە ئاخشامدىن بولۇنغان گەپ-سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرىپ يىغلاپ سالدىم.

- ماقۇل كامىلە، مەنمۇ كېچىدىن سىنىڭدىن ئەنسىرەپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدىم. ھاشىم لوبەننىڭ ئايالىنىڭ تۇرقى كۆز-ئالدىمغا كەلسىلا سېنى خۇددى بىر ئالۋاستىنىڭ قولىغا تاپشۇرغاندەك بىئارام بولدۇم. بۇ ھاشىم لوبەن دېگەنمۇ نىيىتى دۇرۇس ئادەم ئەمەسكەن. ئاخشام ئۆيىدىن چىقىپلا مېنى لاپاسقا بېرىپ تۇر، دەپ قويۇپ يوقاپ كەتكەن. سەھەردىكى سودىغا ئۇلگۇرۇپ ئۆلگۈدەك مەست ھالەتتە كېلىپ خاقىراپ ئۇخلىدى. سودىنى ئۆزۈم يالغۇز قىلىپ چارچىغانىنىڭ ئۈستىگە «سودىنىڭ پۇلى كەمدەك قىلىدۇ» دېگەن ئىدى بۇ ئۇۋالچىلىققا چىدىيالماي قالدىم، - دېدى.

بىز بازار ئىچىدىن روزى كوماكنى ئىزدەپ تاپتۇق ۋە بىزنى زەگەرخانىغا باشلاپ بېرىشىنى، ھالقامنى سېتىپ ئۆز ئالدىمىزغا سودا قىلىش نىيىتىگە كەلگىنىمىزنى ئېيتتۇق. ئۇ ئادەممۇ بولغان ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئېغىر ئۇھسىنىپ قويۇپ باشقا گەپ قىلماي بىزنى زەگەرخانىغا باشلاپ باردى.

كۆكتات توپ سېتىش بازىرى ئۈرۈمچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان تاش ئۆستەڭنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، بەزى تۇرغۇدەك ئۆينىڭ ئىپىنى قىلالمىغان تىجارەتچىلەر ئۆستەڭ بويىنى بويلاپ لاپاسلارنى تىكىپ پاناھلانغۇدەك ماكان تۇتۇشقان ئىدى. بازارنىڭ تۆت تەرىپىنى چۆرىدەپ تىكىلگەن لاپاسلاردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا ئۆيى بارلار ئىدى. بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ مەيداندا بولسا ئازغىنە ماللىرىنى ئالدىغا دۆۋىلەپ قويغان ئۇششاق تىجارەتچىلەر بولۇپ ئەتىگىنى ئالغان ماللىرىنى تىزىشىپ پارچە سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدايتى.

- ئۇكىلىرىم، - دەپ گەپ باشلىدى روزى ئاكام بىزنى بازارغا قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، - ئەتىگىنى مالنى ئامال بار مەن ئېلىشىپ بېرىمەن، شۇنداقتىمۇ سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي، ئەرزان

بەردى دەپ ناچار ماللارنى تۇتۇپ سالماڭلار. سۇلىشىپ قالغان، ئوخشىماي قالغان كۆكتاتلارنى سېتىشمۇ تەس، پايدىسىنى كۆرۈشمۇ تەس. شۇڭا سەل قىممەترەك بولسىمۇ ياخشى كۆكتاتلاردىن ئېلىڭلار. مال ئالغاندىمۇ مال ئىگىسىگىمۇ قاراپ ئېلىڭلار، نىيىتى دۇرۇس ئەمەس، بەك گىجىك، پىخسىق ئادەمنىڭ ماللىرىنىمۇ ئالماڭلار. ئۇنداقلاردىن نەپ تەگمەيدۇ.

كەچتە ئۆستەڭ بويىغا لاپاس تىكىپ تۆت بالىسى بىلەن بىرگە تۇرىدىغان، كۈندۈزى بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پارچە كۆكتات سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىغان، ھەممە كىشى «قارا خوتۇن» دەپ ئاتايدىغان، پاتەمخان ئاچىنىڭ لاپىسىدا تۈنىدۇق.

پاتەمخان ئاچا بىز بىلەن بىر يۇرتلۇق بولۇپ، ئېرى قىمار ئويناپ ئۆي-زېمىنلىرىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەننى ئاز دەپ باشقىلارغا پىچاق تىقىپ قويۇپ تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن يۇرتتا تۇرغۇچىلىكى قالماي چۆچۈرىدەك ئۇششاق بالىلىرىنى ئېلىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن. باشتا باشقىلارغا ياردەملىشىپ بېرىپ يۈرۈپ، بىر تال تاغار، بىر پارچە سۇلياۋ، بىر تال كېسەك تاپسىمۇ يىغىپ يۈرۈپ، كۆكتات ئەكىلىدىغان ماشىنىلارنىڭ چۆرىسىگە تارتىلغان بادرىلارنى سوراپ يىغىپ مۇشۇ لاپاسىنى ياسىۋالغان ئىكەن. يازنىڭ پىژغىرىن ئىسسىقلىرىدا ئوچۇقچىلىقتا ئولتۇرۇپ سودا قىلىۋەرگەچكە ئاپتاپتا كۆيگەن تېرىسى قارىداپ كەتكەچكە بازاردىكىلەر ئۇنى « قارا خوتۇن» دەپ چاقىرىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىكەن.

پاتەمخان ئاچىنىڭ بالىلىرى يېرىم يالىڭاچ، يالاڭئاياغ ، يۈزلىرى قاچانلا قارىسا قاسماق، جۈغلىرى كىچىك بولسىمۇ قوساقلىرى پومپىيىپ چىققان ھالەتتە بازارنىڭ ھەممە يېرىدە چېپىپ ئويناپ يۈرىشەتتى. بازارغا كەلگەن خېرىدار ۋە ساياھەتچىلەر بۇ بالىلارنى كۆرسە ھەيران قالماي، سۆرەتكە تارتىۋالماي قالمايتتى. پاتامخان ئاچا ئۆزى ئوڭلۇق، ئوچۇق-يورۇق ئايال بولۇپ، ئۆزىمۇ مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى خېلى تارتقان بولغاچقا بىزگە بەكلا ياخشى مۇئامىلىدە بولغان بولسىمۇ لاپاسىنىڭ كىچىكلىكى ۋە يەرگىلا سېلىنغان بىر پارچە كىگىزدىن باشقا ياتقۇدەك جاي بولمىغاچقا، كامىل ئىشىك سىرتىغا بىر پارچە بورىنى سېلىپ ياتقان بولسىمۇ بىز ئۇلارنى قىستاپ قويغىنىمىزدىن خىجىل بولدۇق.

ئەتىسى سەھەردە بىز پاتەمخان ئاچا ۋە روزى ئاكىلارنىڭ ياردىمىدە تۆت تاغار كۆدە سېتىۋېلىپ، پاتەمخان ئاچىنىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا جايلىشىپ تىجارىتىمىزنى باشلىۋالدۇق. تاغارغا قاچىلانغان كۆدىلەرنى بىر-بىرلەپ تۆكۈپ، تازىلاپ، تەكشى رەتلەپ باغلامغا ئايرىپ، پاتەمخان ئاچىنىڭ تارازىسىدا ئۆلچەپ ساتتۇق. باشتا خېرىدار توۋلاش، ئۇلارنىڭ ھەرخىل سوئاللىرىغا

جاۋاپ بېرىش قاتارلىق كەسپى ئىشلاردا سەل قىنالغان بولساقمۇ بارا ـ بارا پاتەمخان ئاچىنىڭ ياردىمىدە بۇ ئىشلارغىمۇ خېلىلا كىرىشىۋالدۇق.

هاشىمجان لوبەن پات ـ پات بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. بەزىدە قاملاشمىغان تېتىقسىز چاخچاقلىرىنى قىلىپ سەت ھىجىيىپ قويۇپ، بىز ئىنكاس قايتۇرمىغاندىن كېيىن غايىپ بولاتتى. بەزىدە ئۇنىڭ يىراقتىن بىزگە دىققەت قىلىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. نىمىشقىكىن ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن بىرەر شۇملۇقنى ھامان سىزىپ تۇراتتىم.

ـ ئۇ كام، دىدى بىر كۈنى ئۇ يېنىمىزغا كىلىپ پەمىدۇر تىزىۋاتقان كامىلنى نوقۇپ تۇرۇپ، ـ مۇ شۇنداق يۇرۇۋەرمەكچىمۇ سىلەر؟ ماۋۇ پىيا «توپ تارقىتىش بازىرى» دېگەننىڭ ئىگىسىنى يوق، بىز نىملا ئىش قىلساق ھېچكىمنىڭ كارى يوق، دەپ قالدىڭلارما؟ بۇ دېگەن سودا قىلىدىغان يەر! ھەممىمىز پاكىز يەر دەسسەپ، ئۆزىمىزگە ئىگە بولۇپ يۇرمىسەك بولمايدۇ! سىلەرگە دىمىگەن بىلەن نەچچەيلەن سىلەردىن نارازى بولىشىۋېتىپتۇ «يا نىكاھ ئوقۇتۇپ، پاكىز يۇرۇ شىسۇن، ياكى ماۋۇ بازاردىن يوقالسۇن»دەيدۇ دىدى ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن.

ـ ماقۇل ئاكا، ـ دىدى كامىل ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ، بىزمۇ ماۋۇ قولىمىزدىكى مال تۈگىگەندە نەچچىڭلارنىڭ گۇۋاھلىقىدا نىكاھىمىزنى ئوقۇتىۋېلىشنى ئويلىشىۋاتىمىز.

ـ ھە ئۇنداقتا ياخشى! لېكىن، نىكاھىڭىزنى ئوقۇتارسىلەر، نەدە تۇرماقچىسىلەر؟ نىكاھ ئوقۇتقان كۈنى تالادا ياتامسىلەر؟ ھى ھى ھى، ـ ئۇ تولىمۇ يىرگىنىشلىك ھالدا سەت ھىجايدى.

ـ «تىرىككە ئۆي تېپىلىدۇ، ئۆلۈككە گۆر» دەپتىكەن، ـ دىدى كامىل جاۋابەن، بىزگىمۇ ياتقۇدەك يەر چىقار. ئۆستەڭ بويىغا لاپاس تىكىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمىز.

ئۇ «ھىم» دەپ دىمىقىنى قېقىپ قويۇپ يوقالدى.

ـ مۇشۇ ئادەم كۆزۈمگە پەقەت سىغمايدۇ، ـ دىدى پاتەمخان ئاچا ھاشىمجان لوبەن يىراقلاپ كىتىشىگە، ـ نەچچە يىلدىن بېرى بۇنىڭ قولىدىن بىرەر ئادەمگە ياخشىلىق كەلگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. نىيىتى قارا نىمە بۇ! ئادەم چېقىشتۇرىدىغان، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان ھەممە ئىش مۇشۇنىڭدىنلا چىقىدۇ. مەن دەسلەپتە كەلگەندە تۆت كۈن سېپسېپ كەتكەن پىيازلىرىنى ئاقلىشىپ بەرسەم بىر تىيىن بەرمىگەننى ئازدەپ «قولى ئەگرىكەن، يۇرتىدا خەقنىڭ پۇلىنى ئېلىۋېلىپ قايتۇرماي ئېرى بار تۇرۇپ قېچىپ چىققان خۇتۇنكەن» دەپ ئارقىمدىن گەپ تارقىتىپ تاس قالغان بۇ يەردىكىلەرنى كۈشكۈرتۈپ منى قوغلىۋەتكىلى. ئىشقىلىپ ھوشيار تۇرۇڭلار، قېرىشىپلا قالساڭلار بۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كىلىدۇ، ـ دىدى.

بىزمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەرقانداق چاغدا سەگەك تۇرمىساق بولمىغۇدەك دەپ ئويلىدۇق. مىچۇەن تەرەپتىن بىر ماشىنىغا يېسىۋېلەك بېسىپ كەلگەن خۇيزۇنىڭ كۆكتات ئاستىغا سالغان كونا يوتقىنىنى سوراپ ئېلىپ، ئۈستەڭ بويىغا ئاپىرىپ، پاختىسىنى ئاپتاپقا يېيىپ، ئەستە ـ تاشلىرىنى ئۈستەڭدە يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن كەچلىكى مەيداندا، مېلىمىزنىڭ يېنىغىلا سېلىپ، ئۈستىمىزگە قايسى كۈنى بىر كىرلىك ساتقۇچى مۇشۇ بازارغا ئەكىلىپ ساتقان پاختا رەخت ئەدىيالنى يېيىپ يېتىپ تىجارىتىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.

ـ ئاپام ھەممە ئادەمنىڭ بىردىن يۇلتۇزى بولىدۇ. بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتسە شۇنىڭ يۇلتۇزى ئاسماندىن ساقىيدۇ، ـ دەپ ھەر بىر ئاقار يۇلتۇزنى كۆرگەندە ئايەت ئوقۇيتتى  دىدىممەن كېچىدە ئاسمانغا قاراپ ياتقىنىمىزدا تېزلىك بىلەن ئېقىپ، كۆزدىن يوتكەن ئاقار يۇلتۇزغا قاراپ. ـ قايسى يۇلتۇزلار بىزنىڭدۇر ھە؟!

ـ ئاۋۇ ھەممىدىن يورۇق يۇلتۇز چوقۇم سېنىڭ، ـ دىدى كامىل ئاسماندىكى ئەڭ نۇر چېچىپ تۇرغان يۇلتۇزنى ئىشارە قىلىپ.

ـ ۋاي مېڭىڭە ھەي؟ قانداقسىگە ئەڭ يورۇق يۇلتۇز مىنىڭ بولسۇن؟ ـ دىدىممەن كۈلۈپ كېتىپ.

ـ چۈنكى باشقا يۇلتۇزلارنىڭ ئىگىلىرى ئۆيىنىڭ ئىچىدە بولغاچقا تازا نۇر چاچالمايدۇ. سەن سىرتتا، مۇشۇنداق ئوچۇقچىلىقتا بىر يىگىتنىڭ يېنىدا ئوت بولۇپ يېنىپ ياتقاچقا، سېنىڭ يۇلتۇزۇڭ ھەممىدىن يورۇق بولىدۇ ـ دە؟!

ـ ئۇنداقتا يورۇق يۇلتۇزدىن ئىككىسى بىر يەردە بولۇشى كېرەكتىغۇ؟ دىدىممەن.

ـ كۆرەمدىڭمۇ يېنىمدىكى بىر يېنىپ ـ  بىر ئۆچۈپ تۇرغان خىرە يۇلتۇزنى؟ ئۇ يېنىمدىكى يورۇق يۇلتۇزغا ياخشىراق پاناھگاھ تېپىپ بىرەلمەي، ئاشۇ ئوچۇقچىلىقتا قويغىنى ئۈچۈن خىجىلچىلىقتا قىزىرىپ ـ تاتىرىپ تۇرىدۇ، ـ دىدى كامىل ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك بوش ئاۋازدا.

ـ ئىملا بولسۇن، يېنىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن يېنىپ تۇرىدىغان بىر يۇلتۇز بولغاچقىلا ئاۋۇ يۇلتۇزمۇ ئاشۇنداق نۇر چېچىپ تۇرالايدۇ. ئۇنىڭسىز ئۇ يورۇق يۇلتۇزمۇ بەخت ئىسسىقىدىن تويۇنغان ھالدا پۈتكۈل جاھانغا كۈلۈپ باقالمىغان بولاتتى، ـ دىدىممەن.

ـ سېنى ئويلىغىنىمدەك ياخشى كۆڭلەرگە ئېرىشتۈرۈشۈم كېرەك ئىدى، ـ دىدى كامىل يەنە خۇرسىنىپ، ـ مىنى دەپ مۇشۇ جاپالارغا قېلىۋاتىسەن.

ـ ئۇنداق دىمەڭ كامىل، ـ دىدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ـ سىزنى دەپلا ئەمەس ئۆزۈمنى، ئۆزۈمنىڭ خاھىشىنى دەپ، ئۆز رازىلىقىم بىلەن بۇ سەپەرگە ئاتلاندىم. ھېلىمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ پۇشايمىنىم يوق. بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كىتىدۇ. يېنىمدا سىزلا بولسىڭىز مەن ھەممىگە كۆنۈپ كىتەلەيمەن.

ئەتىسى چۈشلەردە روزى ئاكام يېنىمىزغا كىلىپ بىزگە يېقىنلا جايدىن بىر ئىغىز ئۆي تاپقانلىقىنى ئېيتىۋىدى. كامىل ئىككىمىز ھېيتلىق ئالغان كىچىك باللاردەك شاتلىقتا قېن ـ قېنىمىزغا پاتماي قالدۇق ۋە روزى ئاكىغا تەكرار رەھمىتىمىزنى بىلدۈرۈپ، بازاردىن يانغاندا بىللە بېرىپ ئۆينى كۆرمەكچى بولۇپ كىلىشىۋالدۇق.

چۈشتىن كىيىن تازا قايناق بازاردا سودا قىلىۋاتاتتۇق. ئۇچىسىغا ئادەتتىكى كىيىملەرنى كىيىۋالغان نەچچە كىشى كىلىپ ساقچى كېنىشكىسىنى كۆرسىتىپ كامىلنى «ئاخشام بۇ يەردىكى بىر سودىگەرنىڭ ماللىرى يۇتۇلۇپ كىتىپتۇ. سىېنىڭ شۇ ئەتراپتا يۈرگىنىڭنى كۆرگەنلەر بار ئىكەن، بىز بىلەن يۈر!» دەپ ئالدىغا سىلىپ ماڭدى.

بىشىمدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇنى قويىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم ۋە ئۇلارغا «نىمىشقا ئەھۋالنى ئېنىقلىماي تۇرۇپلا ئادەم تۇتىسىلەر؟كامىل باشقىلارنىڭ مېلىغا قول ئۇزارتىدىغانلار ئەمەس» دەپ يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ كامىلغا ئېسىلىۋالدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى «بىزمۇ شۇ ئەھۋالنى ئىگەللەيمىز دەپ كەلدۇق. ئۇنىڭدىن سورايدىغان بەزى گەپلەر بار» دىدى قوپاللىق بىلەن. كامىل «ئەنسىرىمە، ھېچ ئىش بولمايدۇ، قورسىقىمنىڭ ئاغرىشى يوق، ھېلىلا قايتىپ كىلىمەن. روزى ئاكامنى ئىزدىگىن» دىدى ۋە مىنىڭدىن ئەنسىرەپ كەينىگە تەكرار قاراپ «ئەنسىرىمە،ئەنسىرىمە جۇمۇ!» دەپ قويۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى.

تۇرغان جايىمدا روھىم چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك قانچە ئۇزۇن ئىسىمنى يوقىتىپ تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ئولىشىۋالغانلارنىڭ ئارىسىدىن روزى ئاكام ئالدىراش چىقىپ يېنىمغا كەلدى ۋە «نىمە ئىش بۇ؟ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى؟» دەپ سورىدى جىددىيلىشىپ. مەن بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىۋېتىپ غايىپ بىر ۋەھىمىنىڭ تۇرتكىسىدە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ كەتتىم.

ـ ئاھاي، ھەي سىڭلىم يىغلىماڭە، يىغلىماي گەپ قىلىڭ دەيمەن، ـ دىدى روزى ئاكام تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، ـ ھەممە ئىش ھامىنى ئايدىڭلاشماي قالمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ، جان بېقىۋاتقان يۇۋاش مۇساپىرغا قارا سۇۋاپ، بىكاردىنلا چېقىشتۇرغان شۇ مۇناپىقنىڭمۇ خۇدايىم ئۆزى

جاجىسىنى بېرىدۇ.توۋا دەيمەن، بۇ بالا ھېچكىمگە يامانلىق قىلمىسا يە؟ ياكى بىرەرسىنىڭ يەۋەتقان ئېشىنى تارتىۋالمىسا؟ مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى تارتقىلى قويسا بولمامدۇ بۇ خەق؟ يىغلىماي تۇرۇڭ. مەن بازارلىق ساقچىخانىغا بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقاي. ـ دەپ ماڭدى روزى ئاكا.

مەنمۇ كۆكتاتالارنىڭ ئۈستىگە بىر تال تاغارنى تاشلاپ قويۇپلا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بازارلىق ساقچىخانىنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

ساقچىخانىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىمىزگىلا چوڭ زالنىڭ ئىشىكى تۈۋىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان بىرەيلەن بىزنى توسۇۋېلىپ ئىچكىرىگە كىرگىلى قويمىدى. روزى ئاكا ئۇنىڭغا ئەھۋالنى يېنىش ـ يېنىشلاپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇ:«مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭلار، تېخى بىر تەرەپ قىلىنمىدى» دېدى قوپاللىق بىلەن. روزى ئاكام ھەر بىر ساقچى ئىشىكتىن كىرسە ياكى چوڭ زالنىڭ چۆرىسىنى بويلاپ قاتار تۇرغان ئىشخانىلاردىن بىرەر سى چىقسىلا ئالدىغا يۈگرەپ بېرىپ كاملىنى سورايتى. نىمە ئىش بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرەتتى ۋە ئوخشاشلا «ساقلاپ تۇرۇڭلار» دېگەن سۆزدىن ئامالسىزلىنىپ يېنىمغا كىلىپ ئولتۇراتتى. مەن بۇ دۇنيادىكى بىردىن بىر ھىمايىچىمدىن تۇيۇقسىزلا ئايرىلىپ قالماسلىقىمنى ئاللادىن تىلەپ، ئىچى ـ ئىچىمدىن قىيان كەبى بېسىپ كىلىۋاتقان يىغامنى توختىتالماي، بۇ ئىشلارنىڭ تىگىگە يىتەلمەي تىتىلداپ ئولتۇراتتىم.

ـ يىغلىماڭ سىڭلىم، دەپ قوياتتى روزى ئاكام پات ـ پات ماڭا تەسەللى بېرىپ، خاتىرجەم قىلىشقا ئورۇنۇپ، ـ يىغا دىگەن يىغا چىللايدۇ. يەنە بىر ئاز ساقلاپ باقايلى.

خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى بولۇپ قالغاندا ئەڭ ئىچكىرىدىكى ئىشخانىدىن بىرەيلەن چىقىپ:

ـ كاملىنىڭ ئۆيىدىكىلەر بۇ ياققا كىرىڭلار، ـ دىدى.

روزى ئاكام بىلەن ئىككىمىز دەرھاللا ئۇ ساقچى ئىشارەت قىلغان ئىشخانىغا كىردۇق. ئىشخانىدىكى ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىككى مۇزچىراي ساقچى بىزگە مۇنداقلا قاراپ قويغاندىن كىيىن:

ـ سىلەر كاملىنىڭ نىمىسى؟ ـ دەپ سورىدى .

ـ ھە، مەن ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىسى بولىمەن. بۇ ياق ئۇنىڭ ئايالى بولىدۇ، ـ دىدى روزى ئاكام ئۇلارغا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ جاۋاپ بېرىپ.

ـ بىرەيلەن ئۇنىڭ ئاخشــــام مال يۇتكەن لاپاس ئەتراپىدا يۈرگىنىنى كۆرگىنىنى مەلۇم قىلغاندىن ســرت، ئۇنىڭ بىر قىزنى ئالداپ ئېلىپ قېچىپ كىلىپ، قانۇنســىز بىرگە تۇرىۋاتقانلىقىنى تەكرار ئىنكاس قىلغان ئىدى. قارىغاندا ئۇ قىز ســىز ئوخشــايســىز؟ نەدىن كەلدىڭلار؟ دەپ ســورىدى ساقچى مەندىن.

ـ ھە...ھە...بىز XX دىن كەلگەن. رەسمىيەتلەرنى پات يېقىندا بېجىرمەكچى ئىدۇق، ـ دىدىم مەن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

ـ نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىدى ساقچى يەنە.

ـ يىگىرمە بىرگە، ـ دەپ جاۋاپ بەردىم مەن يەرگە قاراپ تۇرۇپ، ئۆز ئىختىيارىم بىلەن.

توۋا ساقچىخانا دېگەننىڭ شۇنچە مەرى سوغۇق ۋە مۇدھىش سۈرلۈك بولىدىكەنكى، ئادەمنى سۈر بېسىپ تىللىرىمۇ كالۋالىشىپ كىتىدىكەن. سۈرلۈك ساقچىلارنىڭ قوپال سۇئاللىرى خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى.كىملىكلىرىمىزنى قايتا ـ قايتا كۆرگەندىن كىيىن:

ـ سىلەر قايتىڭلار بىز ئۇنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرگەندىن كىيىن يا قويۇپ بېرىمىز، ياكى يۇقىرىغا يوللايمىز، خەۋىرىمىزنى كۈتۈڭلار، ـ دىدى.

روزى ئاكام ئۇلارغا يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ، كاملىنىڭ توغرا نىيەتلىك بالا ئىكەنلىكىنى، ئۇنى قويىۋەتســە ئۇلارنىڭ ياخشــىلىقىغا ئۆزىنىڭمۇ قاراپ تۇرمايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاۋاتاتتى، ئىشــىك چىكىلىپ ياشــراق بىر ســاقچى كىرىپ كەلدى ۋە ئاخشــامقى يۇتكەن ماللارنى ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ تۇتۇلۇپ كىلىنگەنلىكىنى ئېيتتى. ئولتۇرغان ئىككى ســــاقچى بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇپ چىقىپ كىتىشتى ۋە ئالاھەزەل ئىككى سائەتلەردىن كىيىن قايتىپ كىرىپ بىزگە كاملىنىڭ ئوغرلىق جىنايىتى گۇماندارلىقىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى، لېكىن بىزنىڭ قانۇنســــىز بىرگە تۇرىۋاتقىنىمىزنى ھەل قىلىشـــــقــا، ۋاقىتلىق نوپۇس بېجىرىشــــمىزگە ۋە بۇنــدىن كىيىن بىرەر خـــاتــالىق ئۆتكۈزمە سلىكىمىزگە كېپىل بولغۇدەك، مۇقىم كە سپى ۋە تۇرالغۇ سى بولغان بىرەر سىنىڭ بۇ يەرگە كىلىپ كېپىل بولمىسا ئۇنىڭ ھازىرچە قويۇپ بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

روزى ئاكامنىڭ مۇقىم خىزمىتى، تۇرالغۇ ئادرى سى بولمىغانلىقى ئۈچۈن كېپىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىكەن. ســــاقچىلارغا يىلىنىپ، ئېيتمىغانلىرىمىز قالمىغان بولســـمۇ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۇ سوغۇق ئىشىكلەردىن ئىلاجىسىز قايتىپ چىقتۇق. ئەمدىكى بىردىنبىر ئامال ساقچىلار

ئېيتقانداق بىرەر ھامىنى تېپىپ كېلىپ كاملىنى ئېلىپ چىقىش ئىدى. لېكىن، بۇ يەردە ئەمدى كىمنىمۇ ئىزدەرمىز؟

روزى ئاكام بازارنىڭ ئالدىغا كەلگۈچە ئۈنچىقمىدى ۋە سىمنوت تاختايىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ موخۇركىسىنى يۆگەپ، كۆچەپ نەچچە تارتقاندىكىن كېيىن ھۆتىلىپ تۇرۇپ:

ـ بۇ ئىشلارنى تېرىغان ئادەمنىڭ مەقسىدىمۇ بىزنى يالۋۇرتۇپ، ئۆزىنى تونۇتۇشىبوپتۇ. «ئىگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ» دىگەن گەپ بار، ـ دىدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا بىر قارىۋېتىپ ، ـ ھاشىمجان لوبەننى ئىزدەيلى، ـ دىدى.

ـ ھاشىمجان لوبەن؟ ئۇنىڭ بۇ ئىش بىلەن قانداق ئالاقىسى باردۇر؟ كاللامغا چاقماق تېزلىكىدە كەلگەن بۇ سوئالغا يەنە شۇنچە تېز جاۋاپ تاپقاندەك بولدۇم ۋە لاسسىدە ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭ نەچچە قېتىم دارتىملاپ « ھازىر باللا يول تېپىپ كەتتى. بىزدەك ئاكىلىرىغا ھاجىتى چۈشمەيدۇ، شۇڭا قارارغا كۆزىمۇ يوق» دېگەندەك تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىپ، «سىزدەك چىرايلىق قىزلار بىزنىڭ خوتۇنلاردەك تاۋار كۆرپە ئۈستىدە يېتىشقا ئەڭ لايىق ئىدى...ئىسىت...ئىسىت توپىغا مىلىنىپ كىتىۋاتىدۇ ـ دە» دەپ تىللىرىنى تامشىتىپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە بىزاڭلىق بىلەن چەكچەيگىنىدە ئالىيىپ قويۇپ ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىغاندىن كېيىن زەھەرخەندىلىك بىلەن سەت ھىجاراپ قويغانلىقىنىڭ نەتىجىسى مۇشۇكەندە؟

ئامالسىزلىقنىڭ ئارقىسىدا باغلانغان ئېغىر گەۋدەمنى سۆرەپ روزى ئاكامغا ئەگىشىپ ھاشىمجان لوبەننىڭ لاپىسىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. لاپاس ئىشىكىگە سېلىنغان قۇلۇپنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بۈگۈن لاپاستا ياتمىغانلىقىنى پەملەپ ئۇنى ساقلاپ ئولتۇردۇق. ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەرەپ ـ تەرەپتىكى تىجارەتچىلەر ئويغىنىشىپ لاپاسلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىشىپ بىر ئازدىن كېيىنلا باشلىنىپ كىتىدىغان سەھەرلىك بازارنىڭ تەييارلىقلىرىنى باشلىۋەتتى.

قېرىشقاندەك ھاشىمجان لوبەن بۈگۈن كېچىكىپ كەلدى. ۋە لاپاسنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاچ بىزگە «ھە، بۇ يەردە تۇرۇپ كىتىپسىلەرغۇ؟ بۈگۈن مىنىڭ يوقلۇقمنى چاندۇرماي دۇكىنىمغا قاراپ ئولتۇردۇڭلارما؟» دەپ قويۇپ بىر گەپ باشلاپ بولغۇچە لاپاس ئىچىگە كىرىپ كەتتى. روزى ئاكام ئۇنىڭ ئارقىدىن لاپاس ئىچىگە كىرىپ، بولغان ئىشلارنى بىرەر قۇر ئېيتقاندىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ كىلىشتىكى سەۋەبىمىزنى ئېيتتى.

ـ ھە شۇ، بىز لازىم بولمىساق بۇ تەرەپكە قاراپ قويۇشقىمۇ ۋاقتىڭلار يېتەمتى؟ ـ دىدى ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن.

مەن لاپاسنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ تۇراتتىم. روزى ئاكام ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ماللىرىنى لاپاس سىرتىغا يۆتكىشىپ بەرگەندىن كېيىن «ئۇكام بىر ياخشىلىق قىلىپ قويساڭ، بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار. بۇ بىچارىلەرنىڭمۇ بۇ يەردە بېشىنى سىلىغۇدەك ئۆرۈق-تۇغقانلىرى يوق» دەپ يىلىنىۋىدى، هاشىم لوبەن: «مەن شۇ بېشىنى سىلاي دەپ، ياتىدىغانغا يەر، يەيدىغانغا ئاش بەرسەم، ئۆزلىرىچە قوچاغلىشىپ ياتقىلىرى كېلىپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا هېچكىمنى كۆزگە ئىلىشماي، تاهارەتسىز يۇرگەننىڭ ئاقىۋىتى بۇ. تويسۇن!» دىدىخۇددى بىز ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنچە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ۋەز ئوقۇپ.

بۇ ئاهانەتتىن پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا ئاڭلىماسقا سېلىپ تۇردۇم. روزى ئاكام ئۇنىڭغا خېلى يالۋۇرىۋىدى، ئۇ ئاخىرىدا «كېپىل بولۇش دىگەن كىچىك ئىش ئەمەس. كېيىن بىرەر ئىش بولسىلا بۆلارنىڭ ئورنىدا مەن جاۋاپكار بولىدىغان گەپ» دەپ ماڭا بىر قارىۋېتىپ، «بوپتۇ بۆلار قىلغاننى مەن قىلماي، چۈشتىن كېيىن سودا بېسىققاندا ساقچىخانىغا بېرىپ باقلى» دىدى.

بىز ئۇنى ساقلىغاچ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تونۇگۇن قالغان ماللارنى روزى ئاكام بىلەن بىر ئامماللارنى قىلىپ سېتىپ تۈگىتىپ يەنە هاشىم لوبەننىڭ لاپىسىنى ئالدىغا كىلىۋىدۇق، ئۇ روزى ئاكامنى بازاردىن ئىككى بېكەت يىراقلىقتىكى ئا شخانىغا كۆكتات ئاپىرىپ بېرىپ كېلە شىنى ئۇنىڭغۇچە ئۆزىنىڭمۇ بۇ يەردىكى ئىشلىرىنى تۈگۈتۈپ ساقچىخانىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىككى تاغار كۆكتاتنى ئۈچ چاقلىق ۋېلە سىپىتكە ئارتىپ يولغا سالدى. مەن پاتەمخان ئاچىنىڭ يايمە سى تەرەپكە بېرىپ ئولتۇرۇپ تۇرماقچى بولۇپ مېڭىۋىدىم هاشىمجان لوبەن «خېنىم! خاپا بولمىسىلا ماۋۇ لاپاس ئىچىدىكى شۇپەكلەرنى بىر تازىلىشىپ بەرگەن بولسىلا ئىشىمۇ بالدۇرراق تۈگەيتى. يىگىتلىرىنىڭ قېشىغىمۇ تېزرەك بارالايتۇق» دىدى تەنە قىلىپ.

مەن بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن ئۈنچىقماي لاپاس ئىچىگە كىرىپ قولۇمغا سۈپۈرگىنى ئالدىم. يەردىكى چېچىلىپ ياتقان كۆكتات شوپۇكلىرىنى چىگە تاغارغا قاچىلاۋاتاتتىم ساغرامغا تەككەن قولدىن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. ها شىم لوبەن سىرىق چە شلىرىنى چىقىرىپ سەت هجىيىپ قويۇپ قولىنى تارتماستىن، نىمىدىگەن ئەۋرىشىم بەللەر بۇ؟ دەپ هجىيىپ تۇراتتى، «تارت قولۇڭنى!» دەپ ۋاقىرىدىم ئەلەم بىلەن.

- ۋاي ۋۇي نىمدىن ئۆركۈيسەن؟ هېچكىم تۇتمىغان بەللەرمىدى - بۇ؟ مۇشۇنداق ياۋايىلىق قىلمىغان بولساڭ بۇ كۈنگىمۇ قالمايتىڭ، - دىدى ئۇ .

ـ ۋۇ ئادەم قېلىپىدىن چىققان مەرەز! دىگىنىمچە ئۇنى پۇتۇن كۈچۈم بىلەن ئىتتەردىم. ئۇ ياندىكى تاغارلارنىڭ ئۇستىگە چۇشكەندىن كىيىن «بۇ دۇنيادىچۇ بىكارغا ئىش يوق. ئاۋۇ هارامتامىقىڭنى ئېلىپ چىقمەن دەيدىكەنسەن. مىنىڭ گېپىمگە كۆنىسەن. بولمىسا نەگە بېرىپ كىمنى ئىزدىسەڭ ئىزدە!» دىدى ئورنىدىن تۇرغاچ.

ـ ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ سەندەك هايۋاننىڭ ئالدىغا كەلمەسمىنا، ـ دەپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىۋىدىم ئۇ قۇچاقلىرىنى يېيىپ ئالدىمنى توستى ۋە « ئۇنداق قىلماڭ كامىلە سىزگە كۆيۈپ قالغىنىم گۇناهمۇ؟ سىزنى كۆرگەندىن بېرى گېلىمدىن غىزامۇ ئۆتمەيدۇ. ماڭا ماقۇللا دىسىڭىز مەن كامىلنى ئېلىپ چىقمەن. سىلەرگە ئۆي تېپىپ بېرىمەن. تۇرمۇشىڭىزدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن» دەپ يىلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ شۇنداق سەسكەندىمكىن بار كۈچۈم بىلەن ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئاچچىقتىن يېرىلىپ كىتەي دىگەن جىسمىمنى سىرتقا ئاتتىم.

كۈچلۈك بىر قولنىڭ چاچلىرىمنى قاماللاپ تۇتىشىدىن چۆچۈپ ۋاقىرىۋەتتىم.

ـ ۋۇ پاسكىنا!

چاچلىرىم يۇلۇنغاندەك ئاغرىقتىن يۇمۇلۇپ كىتىۋاتقان كۆزۈمنى كۈچەپ ئېچىپ چۆچۈپ كەتتىم. ئالدىمدا هاشىم لوبەننىڭ بەتبەشىرە خوتۇنى مىنى يەۋەتىدىغاندەك ئەلپازدا هۆرپىيىپ تۇراتتى.

ـ قاپىقىم بىكارغا تارتماپتىكەن هە؟ كېچىدىن ئوينىشىپ تويماي كۈندۈزىمۇ قوغلىشىپ يۈرۈشتىڭما ۋۇ هايۋانلار؟! بۈگۈن سېنى ئويندىغاندەك تويغۇزىمەن! ئۇ ئۇدۇل كەلگەن يېرىمگە تېپىپ مىنى يىقىتقاندىن كىيىن ئۈستۈمگە مىنىۋېلىپ ئۇرۇشقا باشلىۋىدى، پۈتۈن بەدىنىم چىدىغۇسىز ئاغرىپ بەللىرىم ئۇنىڭ ئېغىر تىنىنىڭ بېسىمىدىن سۇنۇپ كىتىدىغاندەك چاراسلاپ كەتتى.

هاشىم دىگەن ئىپلاس لاپاس ئىچىدىن يۈگرەپ چىقىپ ئايالىنى تارتىۋىدى. ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ياندىكى گىرنىڭ تېشىنى ئېلىپلا ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى. ئۇ بېشىدىن ئوخچۇپ چىقىۋاتقان قاننى ئالقىنى بىلەن توسۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

بېشەم خوتۇن قولىدىكى گىر تېشىنى ماڭا ئاتماقچى بولىۋىدى، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەنلەر ئارىسىدىن پاتەمخان ئاچا تېزلىكتە چىقىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالدى، ـ ئىگە ـ چاقىسى يوق دەپ بۇنچە بوزەك قىلىشماڭلار، ـ دىدى پاتەمخان ئاچا ئۇ خوتۇنغا ۋاقىراپ تۇرۇپ، ـ خۇدالىق جاهان بۇ؟!

ئۇ خوتۇن پاتەمخان ئاچىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ «بۇلارنىڭ خۇداسى بولسا مىنىڭ يوقمىكەن؟ ئېرىمنى كېچە ـ كۈندۈز ئۆيگە بارغۇزماي سولىۋالسا مەن قاراپ تۇرامدىكەنمەن؟ مانا بۇگۈن نەق ئۇستىدىن چۈشۈپ تۇتۇۋالغىنىم يالغانمىكەن؟ بۇگۈن بۇ ئالۋاستىنى نەمۇ ـ نەدىن كېلىپ خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزماقچى بولغىنىغا تويغۇزىمەن!

توۋا بۇ جاھاندا بۇنداقمۇ تۆھمەت ـ بالالار بولىدىكەن دىسە؟ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ھەيرانلىقتا ئۆزۈمنى نىمە دەپ ئاقلىشىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا ئەتراپقا يىغىلغان تىجارەتچىلەرمۇ تۇشمۇ تۇشتىن مىنى تىللاشقا باشلىدى.

ـ ئەسلىمۇ نومۇسنى بىلمەيدىغان نىمىكەن بۇ. بىر ئەركىشى بىلەن مۇشۇ مەيداندىلا قۇچاغلىشىپ ياتىدۇ ، ـ ھايا دىگەن نەرسە يوق.

ـ توۋا قىز بالا تۇرۇپ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى.

ـ نۇمۇسنى بىلسە ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ بىر سولتەكنىڭ ئارقىدىن قېچىپ كېلەرمىدى؟

ـ ۋاي شۇ! تونۇگۇن ئېرىنى تۇتۇپ كەتسە بۇگۈن خەقنىڭ دۇكىنىدا يۈرۈپتىغۇ مانا؟ بۇنداق نىملەرچۇ كىم بەش موچەن بەرسە «ياق» دىمەي كەينىدىن ماڭىدۇ.

ـ ...

توۋا!!! مەن بۇ كىشىلەرگە نىمە يامانلىق قىلغان بولغىيدىم؟ قاچانلاردا بۇلار ماڭا بۇنچە ئۆچ بولۇشۇپ كەتكەندۇ؟ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن ئېغىر كۈنلەردە قالسامۇ ئۆزۈمگە يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش قىلىپ باقمىغان ئىدىمغۇ؟ كامىل بىلەن مەيداندا يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرگىنىمىز راست. لېكىن بىز تېخى شەرىئەتكە مۇخالىپ ئىش قىلىپ سالمىغان ئىدۇققۇ؟ مەن تېخىچە ئېپپېتىم بىلەن يۈرگەن بىر قىزغۇ؟ ئاھ خۇدا بۇ ھەقىقەتنى كىم چۈشىنەر؟ كىم بىزگە ئىشىنەر؟

ـ بولدى قىلىڭلار!!! ـ بار كۈچۈم بىلەن ۋاقىرىدىم. ئەتراپتىكىلەر سۆزلىرىنى توختىتىپ ماڭا ھەيرانلىقتا قاراشتى.

ـ مەن ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزمىدىم. كامىل ئىككىمىز ئەخلاققا مۇخالىپ ھېچ ئىش قىلغىنىمىز يوق! بىز پاك! ئۇنى ساقچىلارغا ھاشىم لوبەن تۇتۇپ بەردى. ئامالسىز ئۇنىڭ ئالدىغا كامىلنى قۇتقۇزىۋېلىش ھەققىدە ياردەم سوراپ كەلسەم، ماڭا بولمىغۇر تەلەپ قويدى. مەن ئۇنىڭ تەلىپىگە كۆنمەي بۇ يەردىن كىتىش ئۈچۈن ماڭغىنىمدا ئۇنىڭ خوتۇنى كېلىپ مىنى قارىلىدى. ئۇنىڭ ئاخشام ئۆيىگە قايتمىغىنىنىڭ مەن بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق! مەن ئاخشام كېچىچە روزى ئاكام

بىلەن ساقچىخانىدا يۈردۈم. ئىشەنمىسەڭلار روزى ئاكام ماڭا گۇۋاھ بولالايدۇ! سىلەرگە مىڭ چۈشەندۈرسەممۇ بىكار ئوخشايدۇ. شۇنچە ئادەم پاتقان بۇ چوڭ بازارغا مەن پاتمىغان بولسام بۇ يەردىن كېتەي. لېكىن مىنىڭ ئۈستىمدىن بۇنداق تۆھمەتلەرنى توقىماڭلار! - ئاۋازىمنى بولىشىغا قويۇۋېتىپ يىغلاپ تۇرۇپ قانچىلىك سۆزلىگىنىمنى بىلمەيمەن. ئەتراپتىكىلەر بىر - بىرلەپ تارقاشقا باشلىدى. ھاشىم دېگەن ئىپلاسنىڭ خوتۇنىمۇ بىرنىملەرنى دەپ غودۇراپ قويۇپ ئېرىنى شىپاخانا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

يۈگرەپ چوڭ يولغا چىقىپ، بۇ ئازارچىلىقتىن، خورلۇق - ئاھانەتتىن يىراقلاپ كېتىش ئۈچۈن بار كۈچۈم بىلەن يۈگۈردۈم.

كۆزلىرىمدىن ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىمنى باياتىن ھاشىمنىڭ بېشىدىن چىققان قان چاچراپ كەتكەن يەڭلىرىمگە سۈرتكەچ يۈزلىرىممۇ قان يۇقى بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك يولدا ئۇچرىغانلار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ كېتىۋاتقان، كىيىملىرى، يۈز - كۆزلىرى توپا - لاي ۋە قان يۇقى بولۇپ كەتكەن ماڭا قاراپ ھەيرانلىقتا ياقىلىرىنى چىشلىشەتتى.

شۇ ھالەتتە نەگە بېرىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي مەقسەتسىز يۈگرەپ كېتىۋېتىپ بىر نەرسىگە قاتتىق سوقۇلغىنىمنىلا بىلىمەن پۈتۈن ئالەم قاراڭغۇلىشىپ، تىنىم ئاستا - ئاستا ئارام تېپىشقا باشلىدى.

كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا ئاپئاق كىرلىكلەر قاپلانغان بالنىست كارۋىتىدا يېتىپتىمەن. پۇت - قولۇمنى مىدىرلاتقۇدەكمۇ كۈچۈم يوق، ھالسىز ھالەتتە ئىكەنمەن. ئاستا بېشىمنى بۇراپ يان تەرىپىمگە قارىدىم. كۆز ئالدىمدا ماڭا قاراپ ئۈنسىز كۆز يېشىنى تۆكۈۋاتقان بىر تونۇش سىمانى كۆرگەندەك بولدۇمىيۇ، كۆزلىرىم يەنە ئىختىيارىمسىز يۇمۇلۇپ كەتتى.

پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ كۆزۈمنى ئېچىپ بايىقى سىمانى قايتا كۆرۈشكە تىرىشساممۇ نەچچە تونىنا ئېغىرلىقتىكى نەرسىدە باستۇرۇپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرىمنى ئېچىشقا پەتلا ماغدۇرۇم يەتمىدى. مەن نېمە بولغاندىمەن؟ بۇ دوختۇرخانىدەك قىلىدۇ، ماڭا زادى نېمە بولغاندۇ؟ ماڭا قاراپ ئولتۇرغان كىم بولغىيتى؟ ئەجەپلا تونۇشقۇ؟كامىل نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ مەن بۇنداق يېتىپ قالغىلى قانچىلىك ۋاقىت بولغاندۇ؟ دېگەندەك خىياللار تېزلىك بىلەن كاللامدا ئالمىشىپ، ئاجىز نىرىپلىرىمنى ھالسىرتاتتى.

- كامىلە! جېنىم ئاداش كۆزۈڭنى ئاچقىنە؟

بۇ ئاۋاز تونۇشلىغۇ؟! بايىقى غوۋۋا تونۇش سىما بىلەن بۇ ئاۋازنى بىرلەشتۈرۈپ يېنىمدا ئولتۇرغىنى، تىترەك ئاۋازدا ئىسمىمنى چاقىرىۋاتقىنىنىڭ شەكىلە ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردۈمىيۇ شۇنچە كۈچەپمۇ يەنىلا ئېغىر قاپاقلىرىمنى يېرىپ، كۆزلىرىمنى ئاچالمىدىم. «شەكىلە، جېنىم دوستۇم قانداق بولۇپ بۇنچە چوڭ شەھەردە مۇشۇ هالدا ئۇچرىشىپ قالغاندىمىز ـ ھە؟ سەن قانداق بولۇپ مىنىڭ يېنىمدا بولۇپ قالدىڭ؟ شۇ تاپتا ماۋۇ جانسىز كالپۇكلىرىمنى مىدىرلىتالىسام، كۆزلىرىمنى ئاچالىسام ئىدىم، مىنى باسقان بۇ كۈلپەتلەرنى ساڭا سۆزلەپ بەرسەم، بويىنۇڭغا ئېسىلىپ قانغۇچە يىغلىۋالسام قانچىلىك يىنىكلەپ كىتەر ئىدىم ھە؟!»

ـ ئەنسىرىمەڭلار، خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى، ـ دىگەن سۆزنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم ۋە كۆزلىرىمنى كۈچەپ ئاچتىم. ئاق خالاتلىق دوختۇر بىلىكىمدىكى تەكشۈرۈش ئەسۋابىنى يىغىشتۇرغاچ يېنىمدىكىلەرگە تەسەللى بېرىۋاتاتتى. ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە خىرە كۆرۈنىۋاتقان ئاجىز كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، شەكىلەگە قاراپ ئۈنسىز ئۈمچەيدىم. كۆزلىرىمىز بىر ـ بىرىگە تويماي قارا شتى. بۇ قارا شلارغا مىڭلىغان سۇئاللار ۋە سېغىنىشلار سىڭگەن ئىدى. توختاۋسىز ئېقىۋاتقان ياشلىرىم قۇلاقلىرىمنى بويلاپ پەسكە ساقىپ، ياستۇقۇمنى ھۆلدەۋاتاتتى.

ـ كاملىنى. . .كاملىنى قۇتقۇزىۋېلىڭلار، ـ دىدىم زور غەيرەتتە ئېغىز ئېچىپ.

ـ كامىل؟ئۇ نەدە؟ ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ ـ دەپ ئەنسىزلىك بىلەن سورىدى شەكىلە تېخىمۇ يېقىن كىلىپ.

ـ ئۇ تۆتىنجى كۆۋرۈكتىكى مۇە ـ چۇە، كۆكتات توپ تارقىتىش بازىنىڭ يېنىدىكى ساقچىخانىدا. . .يەرلىك بىرەرسى كېپىل بولسا قويۇپ بېرىلەتتى، ـ دىدىم مەن ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى زەئىپ ئاۋازىم بىلەن بىرەر قۇر سۆزلەپ بەردىم.

ـ بولدى قالغان گەپلەرنى سەل ئەسلىڭگە كەلگەندە دىيىشەيلى، ـ دىدى شەكىلە ۋ ەيېنىدا بىزگە ئېنچىل قاراپ نىمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغان كىشىگە «يۈرۈڭ بىز بېرىپ كىلەيلى» دىدى.

ئۇ سېستىرانى چاقىرىپ ماڭا ياخشى قاراپ قويۇشنى جېكىلىگەندىن كيىن چىقىپ كەتتى.

كىشىلىك ھايات ئىنسانىنى قايسى قىسمەتلەرگە دۇچار قىلسۇن يەنىلا بىر چىقىش يولى ئاتا قىلىدىكەن. مۇ شۇنداق ھالدا شەكىلەنى ئۇچرىتىپ قالغىنىمدىن سەل تە سەللى تاپقان بولسامۇ ماڭا قاراڭغۇ بولغان ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، كاملىنىڭ ئەھۋالى يېرىم بىھۇش نېرۋىلىرىمنى تېخىمۇ ھالسىرىتاتتى. شۇنچە كۈچەپمۇ بەدىنىمنى پەقەتلا مىدىرلىتالمىدىم. ئوڭ پۇتۇمنىڭ گىپىس بىلەن قاتۇرۇلۇپ ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. سېستىرا قىزدىن بىلىشىمچە، مەن تۈنۈگۈن

كەچتە بىھوش ھالەتتە دوختۇرخانىغا ئەكىلىنگەندىن كېيىن شــــەكىلە مىنىڭ ســـىڭلىم ئورنىدا رەسمىيەتلەرگە قول قويغاچقا جىددى ئوپىراتسىيە تاڭ ئاتارغا يېقىن تاماملىنىپتۇ. داس سۆڭەكىم ۋە ئوڭ پۇتۇم سۇنغاندىن سىرت بۆرىكىمۇ زەخىملىنىپتۇ...

شەكىلەلەر ئىشىكتىن كىرىشكە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كامىلنىڭ كىرمىگىنىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا سۇئال نەزىرىدە قارىدىم.

ـ ئاداش كامىلنى ئەتىگەن قويۇۋېتىپتىكەن، ـ دىدى شــــەكىلە ماڭا يېقىن كىلىپ، ـ ئۇ نەلەرگە بارىدۇ؟ سىلەر نەدە تونۇشقانسىلەر؟

مەن ھــازىرچە تۇرغۇدەك يېرىمىز يوق، بــازار مەيــدانــدا يېتــپ ـ قوپۇپ يۈرۈپ تىجــارەت قىلىشقانلىقىمىزنى شەكىلەگە ئېيتتىم ۋە تېز بازارغا بېرىپ روزى ئاكامنى ئىزدەپ كامىلنى سۈرۈشتۈپ بېقىشنى ئۆتۈندۇم. شەكىلە ماقۇل بولۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەنسىزلىك بىلەن ئىشىككە تەلمۈرۈپ ياتتىم. ناركوزنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئەس ـ ھوشۇمنى يىغالماي خىياللىرىم قالايمىقانلىشــــىپ ئۇيقۇ باســـاتتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن. ئىشــكىنىڭ ئېچىلغىنىنى ئاڭلاپ تېزلىكتە كۆزلىرىمنى ئاچتىم. ئىشــكتىن شــەكىلە بىلەن ھېلىقى كىشىدىن باشقا روزى ئاكام كىرىپ كەلدى. كامىل يەنە يوقمۇ؟!

روزى ئاكام يېنىمغا كىلىپ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ئېسىقلىق پۇتۇمغا قاراپ ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، تونۇگۈن ھاشــــىمجان لوبەن بۇيرىغان كۆكتاتلارنى جايىغا ئاپىرىۋېتىپ قايتىپ كىلىپ ھا شىملارنىڭ لاپ سىنىڭ تاقاقلىق تۇرغىنىنى، بازاردىكىلەردىن بولغان ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن مىنى ئەتراپتىن خېلى ئىزدەپمۇ تاپالماي ساقچىخانىغا كەلسە ئۇ يەردىمۇ يوقلىقىمنى، ساقچىلارنىڭ 24 ســــائەت ئىچىدە كىيىمل بولغۇچىنى تېپىپ كامىلنى ئېلىپ چىقىپ كىتىڭلار دىگىنىنى، ئاخشـــــامدىن بېرى بىر تەرەپتىن مىنى ســــۈرۈشـــتۈرگەچ بىر تەرەپتىن كىيىمل بولغۇدەك ئادەم ئىزدىگىنىنى، بۈگۈن ئەتىگەندە بازاردىكى باراتجاننى كىيىمل قىلىپ كامىلنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن بارغىنىدا ســــاقچىخانىدىكىلەرنىڭ كامىلنى ھازىرلا قويۇۋەتكەنلىكىنى بىلىپ بازارغا بېرىپ ئۇنى سۈرۈشتۈرسە ئۇنىڭمۇ بازارغا كىلىپ پاتەمخان ئاچىدىن روزى ئاكامنى ۋە مىنى سۈرۈشتۈرۈپ بولغان ئىشلارنى بىلگەندىن كېيىن مىنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكىنىدىنى خەۋەر تېپىپ، ھەر ئىككىلىمىزنىڭ نەدىلا بولساق يەنە شۇ يەرگە قايتىپ بېرىشىمىزنى جەزىملەشتۈرۈپ ساقلاپ ئولتۇرغىنىنى ئېيتتى. كامىل نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ئۇ مىنىڭدىن قانچىلىك ئەنسىرىگەندۇ ھە؟ ـ دىدىم مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە.

ـ ئەنسىرىمەڭ سىڭلىم، ـ دېدى روزى ئاكا، ـ بۇ قىز مېنى ئىزدەپ بېرىپ سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئېيتقاندىن كېيىن پاتەمخانغا سىز تۇرۇشلۇق دوختۇرخانىنىڭ ئادرېسىنى يېزىپ، كامىل كەلسە بېرىپ قويۇشىنى تاپىلاپ قويۇپ كەلدۇق. كامىل چوقۇم يەنە ئۇ بازارغا بېرىپ پاتەمخاندىن سىزنى سۈرۈشتۈرىدۇ. بەلكىم بۇ چاققا خەۋەر تېپىپ بولۇپ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقاندۇ.

ناركوزنىڭ تەسىرى ئاستا ـ ئاستا يوقىغانسېرى كۆيۈشۈپ ئاغرىۋاتقان ئاجىز بەدىنىمنىڭ ئاغرىق ئازابىغا كامىلنىڭ تېخىچە بىرەر خەۋىرىنى بىلەلمىگىنىم قوشۇلۇپ مېنى ئەنسىزلىك قوينىغا تاشلاپ ئازاپلايتى.

شەكىلە ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ ھالىمدىن خەۋەر ئالاتتى. ھېلىقى ئادەممۇ پات ـ پات كېلىپ مەندىن ئەھۋال سورىغاندىن سىرت شەكىلە بۇيرىغان لازىمەتلىكلەرنى ئەكىلىپ بېرىپ تۇراتتى.

ـ ئۇ ئادەم كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم مەن شەكىلەدىن چايدان كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان كىشىنى ئىشارەت قىلىپ.

ـ ئاداش دەپ كەلسەم گەپ بەك جىق، ـ دېدى شەكىلە بىر ئاز جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، ـ ئاۋال ئازراق ياخشى بولىۋالغىن. ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار. كامىلنى تاپقاندىن كېيىن، سەن ساقايغاندىن كېيىن بىز يۇرتقا قايتىپ كېتەيلى. بۇ ئادەم تۇرىدىغان يەر ئەمەس ئىكەن. بۇ يەرگە نۇرغۇن غايە ـ ئىستەكلەر بىلەن كەلگەن كىشىلەر ئاستا ـ ئاستا ئىرادىسىنى يوقىتىدىكەن. بارچە گۇمراھلىقنىڭ مەنبىيى مانا مۇشۇ بىز ئارزۇ قىلغان سىرتقى كۆرۈنۈشى ئىنتايىن گۈزەل، لېكىن قات ـ قېتىغا رەزىللىك سىڭىپ كەتكەن شەھەردىكەن. بۇ يەردىن ساپ ھاۋانى تاپقىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش، ساددا ـ ئاقكۆڭۈل سىمالارنىمۇ تاپماق تەسكەن. رەڭگارەڭ تۇرمۇش قاينىمىغا غەرق بولۇپ ئەس ـ ھوشىڭنى يىغقىنىڭدا ھەممىدىن مەھرۇم بولىدىكەنسەن. بولۇپمۇ بىز بۇ ئاددى كاللىمىز بىلەن بۇ يەردە ياشاشقا پەقەتلا ماس كەلمەيدىكەنمىز. يۇرتقا كېتەيلى ئاداش! ئۆيۈڭدىكىلەرمۇ ئەمدى تەقدىرگە تەن بەرگەندۇ؟ كامىل بىلەن ئاشۇ ساپ تۇپراقتا خاتىرجەم تۇرمۇشىڭنى باشلىغىن. مەنمۇ...ماڭىمۇ خۇدايىمنىڭ ئېيتقىنى باردۇر...

شەكىلەنىڭ مۇڭ باسقان كۆزلىرىدىن غەزەپ، ئاچچىق ئەلەم ئۇچقۇندىلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم ۋە ئۇنىڭ يارىلىرىنى تاتىلىغۇم كەلمەي تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان «پەرھاتچۇ؟ سىلەر بىرگە ئوقۇشقا كەتكەنىغۇ؟ سەن مەكتەپتىن چېكىندىڭما؟» دېگەن سوئاللىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم.

كەچتە ئىشتىن ئەنسىز ئېچىلىپ چىرايىنىڭ ئۆڭكىسىلى ئۆچكەن روزى ئاكام كىرىپ كەلدى ۋە نىمە دېيىشىنى بىلمەي بىر هازا تۇرىۋالغاندىن كېيىن مىنىڭ ئۇزۇلدۇرمەي سورىغان سوئاللىرىمغا جاۋاپ بەرمەستىن كارىۋات يېنىدىكى ياغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ روهى چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئىلاجسىزلىق چىقىپ تۇرغان نەزىرىنى يەردىن مىڭتەستە ئۈزۈپ ماڭا لەپپىدە بىر قارىدىيۇ يەنە يەرگە قاراپ تۇرۇپ:

ـ كامىل . . . ئۇ . . . هاشىم لوبەنىنى ئىزدەپ بېرىپ . . .

ـ نىمە؟ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتىمۇ؟ تېز دەڭە روزى ئاكا، كامىلغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ئۇ هازىر نەدە؟ ـ دېدىم مەن بوغۇزۇمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بىئارامچىلىقتا نەپسىممۇ يېتىشمەي قالدى.

ـ ساقچىخانىدىكەن، ـ دېدى، روزى ئاكام بېشىنى كۆتۈرمەستىن.

ـ ئاھ خۇدا! يەنە نىمە كۆرگىلىكىمىز باردۇر ـ هە؟ كامىل ها شىمنى نىمە قىلىپتۇ؟ ئېغىر ئەمە ستۇ؟ تېز دىسىڭىزچۇ روزى ئاكا؟!

ـ شۇ هاشىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئاچچىقىدا پىچاق تەڭلىگەن ئوخشايدۇ . . . لېكىن . . . لېكىن ئەنسىرەپمۇ كەتمەڭ . . . چوڭ ئىشمۇ بولماس . . .

بېشىمدىن كىرگەن ئاغرىق پۇتۇن بەدىنىمنى زىمىستان سوغۇقىدەك ئاچچىق چېقىپ پۇتۇمنىڭ ئۇچىغا بارغاندەك بىر خىل ئارامسىزلاندىم. شۇ هالەتتە يەنە بىر كېچە ـ كۈندۈز گاهى هوشسىز، گاهى نىملەرنىدۇر دەپ جۆيلۈپ، ۋاقىراپ يېتىپتىمەن.

شەكىلە ماڭا كۆپ تە سەللى بەرگەندىن سىرت ھېلىقى كىشىدىن كامىلنى قانداقلا بولمىسۇن قۇتقۇلدۇرىۋېلىشنى ئۆتۈنەتتى. ئۇ كىشىمۇ قانچىلىك پۇل كەتسىمۇ كامىلنى ساقچىخانىدىن ئېلىپ چىقىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ چىقىپ كەتكەنچە ئەتىسى كەچتە پەيدا بولدى.

كامىل بازارغا كەلگەندىن كېيىن پاتەمخان ئاچىدىن، مىنىڭ يىغلاپ يۈگۈرگىنىمچە چوڭ يولغا چىقىپ كەتكىنىمنى، شۇنىڭدىن بېرى پاتەمخان ئاچىنىڭمۇ مىنىڭ دېرىكىمنى قىلالمايۋاتقىنىنى بىلگەندىن كېيىن مىنى ئىزدەپ كىتىۋاتسا شىپاخانىدىن بېشىنى قايتا تاڭدۇرۇپ قايتىپ چىقىۋاتقان هاشىملارغا ئۇچراپ قاپتۇ. «كامىلەگە بىرەر ئىش بولۇپ قالدىغان بولسا ھەرقايسىڭنى بوش قويۇۋەتمەيمەن» دەپتىكەن، هاشىمنىڭ خوتۇنى ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن مىنى قارىلاپ تىللاپتۇ. كامىل ئۇ خوتۇننىڭ كاچىتىغا بىرنى سالغاندىن كېيىن ياقىسىغا ئېسىلغان هاشىم بىلەن

ئۇرۇ شۇپ كىتىپتۇ. جىدەل جەريانىدا غەزىپىنى با سالمىغان كامىل يول ياقىسىدا تاۋۇز سېتىۋاتقان هارۋىدىكى پەچاقنى ئېلىپ هاشمغا تىقىماقچى بولغاندا هاشم بىلىكى بىلەن پەچاقنى توسۇۋاپتىكەن، پىچاق ئۇنىڭ بىلىكىگە كىرىپ كىتىپتۇ. نەق مەيدانىغا يىتىپ كەلگەن ساقچىلار ئۇلارنى ئاجرىتىپ ساقچىخانىغا ئاپىرىپتۇ...

ــ سىز بەكمۇ ئەنسىرەپ كەتمەڭ، ــ دىدى ئۇ كىشى ماڭا تەسەللى بېرىپ، ــ مەن يولىنى مېڭىۋاتىمەن. بىر ئۇستەل بۇيرۇتۇپ قويدۇم. كەچتە مۇناسۋەتلىك كىشىلەرنى چاقىرىپ بۇ ئىشنىڭ يولىنى قىلىمەن.

ئۇ ئادەم هەركۈنى دېگۈدەك كامىلنىڭ يولىنى مېڭىپ چاپمىغان يىرى قالمىغان بولسىمۇ هېچبىر نەتىجە سى چىقاي دىمىدى. كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئۆتىۋەردى. 20كۈندىن ئاشقاندا شەكىلە يۆلەپ قويسا ئاران ئولتۇرغۇدەك بولدۇم. لېكىن بەل ـ پۇتلىرىمغا ئازراقمۇ جان كىرەي دىمەيتى. دوختۇرلارنىڭ دىيىشىچە، مىنىڭدە ئەزەلدىن قان ئازلىق كېسىلى بولغاچقا، هەم شۇ كۈندىكى هادىسدە خېلى كۆپ مىقداردىكى قېنىم ئېقىپ كەتكەن بولغاچقا، ئوپىراتسيىدە قان بېرىلگەن بولسىمۇ هازىرقى بەدىنىمنىڭ ئاجىزلىقى، كەيپىياتىمنىڭ تۇراقسىزلىقى سەۋەپلىك ئەسلىگە كىلىشىم بەك ئاستا بولىۋېتىپتۇ. سۇنغان ئۇستىخانلىرىمنىڭ ئەسلىگە كىلىشىمۇ بەك ئاستا، بۆرەكتىكى زەخمىمۇ ياللۇغلىنىشقا باشلاپتۇ.

كامىلغا سوت ئېچىلىدىغان كۈنى شەكىلەنىڭ ياردىمىدە هاسا تايىقىغا تايىنىپ سوت مەيدانىغا باردىم. كامىلنىڭ ساقال ـ بۇرۇت باسقان ياداڭغۇ چىرايىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي بوقۇلداپ يىغلىدىم. ئۇمۇ مىنىڭ هالىتىمگە قاراپ «مىنى كەچۈر كامىلە» دىيەلىدى ۋە ئاچچىق ياشلىرى تۆكۈلىۋاتقان كۆزلىرىنى مەندىن ئۆزمەي، قىيالمىغان هالەتتە سوت مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە بۇ خەۋەر بارغاندىن كىيىن ئاكىسى يىتىپ كەلدى ۋە كامىلغا ئاخىرقى سوت ئېچىلغان كۈنى سوت مەهكىمىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا مەن بىلەن تۇنجى قېتىم يىنىك باش لىڭشىتىپ خوشلىشىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. كىيىن شەكىلەدىن ئاڭلىشىمچە ئۇ شەكىلەنى ئىزدەپ بۇ ئىشلارنىڭ جەريانىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ ۋە «كامىل ئۆزىگىمۇ، بىزگىمۇ قىلدى. ئۇ كەتكەندىن كىيىن ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسدا چوڭ جىدەل چىقىپ ئانام بالىنىستا، دادام ۋە كامىلەنىڭ دادىسى سولاقخانىدا يېتىۋاتىدۇ. كامىلەنىڭ ئانىسى قىزىنى ئىزدەپ مۇ شۇ شەهەرگە كىتىپتىكەنمىش» دەپتۇ. دەرد ئۈستىگە دەرت، ئازاپ ئۈستىگە ئازاپ قوشۇلدى. بىچارە دادام نىمە كۈنلەرنى كۆرىۋاتقاندۇ؟ ئاپام مىنى ئىزدەپ بۇ شەهەرگە كەپتۇ. ياق! بۇ هالدا ئۇنىڭ بىلەن

كۆرۈشسەم بولمايدۇ! مەن كاملىنى ساقلايمەن. مەيلى كىم بىلەن كۆرۈشەي،چوقۇم كامىل بىلەن بىرگە تۇرۇپ كۆرىشىمەن. مەيلى يۇرتقا قايتاي چوقۇم كامىل بىلەن بىرگە قايتىمەن.

شەكىلە ۋە دوختۇرنىڭ يالۋۇرۇش، ئەسكەرتمىلىرىگە قۇلاق سالماستىن شۇ كۈنىلا بالنىستىن قايتىپ چىقتىم. روزى ئاكامنى چاقىرتىپ ئەگەر ئاپام ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ قالسا بىزنىڭ هازىرقى ئەھۋالىمىزنى ھەرگىز دېمەسلىكنى، مىنىڭ نەدىلىكىمنىمۇ دېمەسلىكنى ئۆتۈندۈم، ھەمدە شەكىلەنىڭ تۇرۇشلۇق ئۆرنىنى، مىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرىدىغانلىقىمنى روزى ئاكامدىنمۇ سىر تۇتتۇم.

شەكىلە تۇرىۋاتقان ئۆي 5-قەۋەتتە بولغاچقا پۇتلىرىمنى ھەر بىر پەلەمپەيگە يۆتكىگەندىكى ئاغرىق ئازابىدىن مۇنچا-مۇنچاق تەرلىرىمنى ئاقتۇرۇپ يۇرۇپ، شەكىلە ۋە ھېلىقى ئەرنىڭ ياردىمىدە خېلى مۇشكۈلدە چىقتىم.

شەكىلەنىڭ تۇرىۋاتقان ئۆيى شەھەرنىڭ ئۆيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان، ئاۋات رەستىلىرىنىڭ بىرىدە بولۇپ، خېلى ياخشى سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بىر يۇرۇش ئۆي ئىدى.

- بۇ ئۆينىڭ ئىجارىسىمۇ خېلى قىممەتتۇ-ھە؟ سەن بۇ ئۆيدە يالغۇز تۇرىۋاتامسەن؟ -دەپ سورىدىمەن ھېلىقى ئەر شەكىلە بۇيرىغان لازىمەتلىكلەرنى ئالغىلى سىرتقا چىقىپ كەتكەندە.

- ھەئە 500 يۈەن دىدى، -شەكىلە ۋە، -ئۇ ھەپتىدە بىرەر ئىككى قېتىم كىلىدۇ. قالغان چاغدا ئۆزۈم يالغۇز تۇرىمەن...

ئۇنىڭ كۆزىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ قارىدىم. ئۇ كۆزلىرىنى مىنىڭدىن ئېلىپ قېچىپ، قولىدىكى چاي ئىستاكىنى ماڭا سۇنغاندىن كىيىن كىرىسلوغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ سۆز باشلىدى.

- كاملە، بۈگۈن مەن ساڭا ھەممىنى ئېيتىپ بېرەي دوستۇم، ھېلىمۇ بۇ ئازاپ-ئوقۇبەتلەر يۇرەك-باغرىمنى تىتۇشسىز يەپ قۇرتىپ بولاي دىگەن ئىدى. مۇشۇ باھانىدە ئىچىممۇ بوشاپ قالار. سېنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مەندىن نۇرغۇن ئەشلارنى سورىماقچى، ھازىرقى ھالىتىمنىڭ تىگىگە ياتمەكچى بولغىنىڭ ماڭا ئايان.

ساڭا نەچچە قېتىم چۈشەندۈرمەكچى بولغان بولساممۇ ھازىرقى ئەشلىرىمنى ساڭا ئېيتىشقا تىلىم كۆيگەندىن سىرت سېنىڭ مىنىڭ قىلمىشلىرىمنى قوبۇل قىلالماي ھازىرقى ئازاپلىرىڭنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ ياغ چېچىلىشىدىن ئەنسىرىدىم...ئىمتاھاندىن نىمىشقا پەرھاتنىڭ ئۆتۈپ، كاملىنىڭ ئۆتەلمىگىنىنى بىلگۈڭ بارمۇ؟ -دىدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، -ئەسلىدە

كامىل ئىمتاھاندىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتكەن، پەرھات بولسا ئاق قەغەز تاپشۇرغان ئىكەن. پەرھاتنىڭ دادىسى ھوقۇقىغا تايىنىپ كامىلنىڭ ئورنىغا پەرھاتنى ئالماشتۇرىۋەتكەن ئىكەن. مەنمۇ بۇ ئىشنى كېيىن پەرھات مەستلىكىدە ئېيتىپ سالغاندىن كېيىن بىلدىم.

شەكىلە ئېغىر ئۇھسىنىپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ پەرھات ئىككىمىزنىڭ بىرگە ئۇنىۋېرسىتقا ئوقۇشقا كەلگەندىن كېيىنكى خۇشاللىقىم ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى.ئۇ دەسلىۋىدە ماڭا «مۇھەببىتىمىزنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن» دەپ تەلەپ قىلغان ئېپپىتىمنى ئۆزۈمچە ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چىن مۇھەببىتىمگە ئىشەندۈرۈش، مۇشۇ ئارقىلىق ئۇنى ئۆزۈمگە تېخىمۇ چىڭ باغلاپ تۇرۇش دېگەن ئەخمىقانە خىياللىرىمنىڭ نەتىجىسىدە ئۇنىڭ تەلىپىگە قۇشۇلدۇم. ئۇ رازىمەنلىك بىلەن مېنى سۆيگەن ۋە مېنى مەڭگۈ قوغداش، مۇھەببىتىمىزگە مەسئۇل بولۇش ھەققىدە تۈگىمەس ۋەدىلەرنى بەرگەن، ماڭا خېلى كۆڭۈل بۆلگەندەك قىلغان بولسىمۇ بارا ـ بارا مەندىن ئۆزىنى تارتىشقا باشلىدى. كېيىن بىلسەم ئۇ پاراللىل سىنىپتىكى ئۇرۇمچىلىك پاتىمە ئىسىملىك بىر قىز بىلەن ئارىلىشىۋېتىپتۇ. پاتىمە تولىمۇ ھاكاۋۇر ۋە ياسانچۇق قىز ئىدى. ئۇنىڭ دادىسىمۇ قايسىبىر شىركەتنىڭ خوجايىنى بولغاچقا تولىمۇ پۇلدار كىشى ئىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ مەكتەپتىكى ھەرقانداق قىزغا قارىغاندا بەكرەك ياسىنىپ، چاچلىرىنى ھەرخىل ياسىتىپ، مودا كىيىملەرنى كىيىپ، چاقىرغۇسىنى يېنىغا ئېسىپ غادىيىپ يۈرەتتى.

پەرھاتنى نەچچە قېتىم ئىزدەپ يالۋۇردۇم، ئۇ باشتا ئىككىمىزنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى ئېيتىپ چۈشەندۈرۈپ تۇرىۋالغان بولسىمۇ كېيىنچە كۆز ئالدىمدىلا قولتۇقلىشىپ يۈرىيدىغان بولدى. قىزبالا ئۆز ئىززىتىنى ئۆزى ساقلىمىسا باشقىلارنىڭ ئالدىدا قىلچە قىممىتى قالمايدىكەن ئاداش، پەرھاتقا ئىشىنىپ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمغا پۇشايمان قىلدىم. قىزلىق ئېپپىتىمنىڭ ئاشۇنداق بىر ئىنسان تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ تاشلانغىنىدىن ئۆرتەندىم. ئۇنى بۇنداقلا باشقىلارغا ئۆتۈنگۈم كەلمىدى. نېمىشقا ئۇ بۇنداق ئاسانلا قۇتۇلغۇدەك؟ مەن نېمىشقا بۇنچە قۇربانلىق بەرگىنىمنىڭ بەدىلىگە يەنە خورلۇق تارتقۇدەكمەن؟مەيلى نېملا بولمىسۇن ئۇنى قېشىمغا قايتۇرۇپ كېلىشكە بەل باغلىدىم. ئۇنى تەكرار ئىزدەپ يالۋۇردۇم، ئۇنۇمى بولمىغاندىن كېيىن تەھدىت سالدىم، تىلىمۇ تەككۈزدۈم. ھېچقايسى كار قىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مېنى«سەھرالىق مەتو، يا تۇرقۇڭ يوق، يا خۇلقۇڭ يوق» دەپ تىللىشى يۈرەك ـ باغرىمنى مىڭ پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشتۇردى. قىشلىق تەتىلدە ئۇنىڭ يۇرتقا قايتمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن مەنمۇ قايتماسلىق قارارىغا كەلدىم. ئاپاملارغا تەتىلدە ۋاقىتلىق خىزمەت تېپىپ

ئىشــــلمەكچى بولغىنىمنى يوْرتقا يازلىق تەتىلدە بارىددىغانلىقىمنى ئېيتىپ خەت ســــېلىۋەتتىم. ۋاقىتلىق خىزمەت تېپىپ ئىشلەپ ئوْستىۋېلىشىمنى ئانچە ـ موْنچە ئوڭشاش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. يەنە بىر ياتاقدىشىم ئىككىمىز كىيىم ـ كېچەك دوْكىنىدىن ۋاقىتلىق خىزمەت تاپتوْق. لېكىن دوْكان خوجايىنى «دوْكاندىن بىرموْنچە مال يوْتتى، سىلەر توْلەيسىلەر» دەپ ئوننەچچە كوْن ئىشلىتىپ ھەق بەرمىگەننى ئازدەپ تاس قالدى بىزنى مەكتەپكە ئىزدەپ كىلىپ شـــــەرمىســـــاز قىلغىلى. پەرھاتنىڭ مەكتەپكە يېقىن يەردىن ئوّي ئىجارىگە ئېلىپ توْرغىنىنى ئاڭلىدىم. ئوْنىڭ ئاشــوْ پاتىمە بىلەن بىرگە توْرىۋاتقىنىنى ئېنىق بىلىپ توْرساموْ ئوْ قانجوْق ئوّيىدىن چىقالمىغان بەزى كوْنلەردە پەرھات مىنى چاقىرتسا غورۇر، ئەخلاق دىگەنلەرنى، ئوْنىڭغا بولغان نەپرىتىمنى بىر چەتكە قايرىپ قويوْپ ئوْنىڭ ئوّيىگە بېرىپ كىرلىرىنى يوْيوْپ، ئوّيلىرىنى تازىلاپ بەردىم. بىر كوْنى ئوْنىڭ ئوّيىگە تۈيۈقســــىز بېرىپ ئوْ ئىككىســـــىنىڭ ناشـــــايان ئىش قىلىۋاتقان يېرىگىلا كىرىپ قالدىم. «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كوْچلوْك» دېگەندەك پاتىمە مىنى تىلغا ئالغوْسىز سوّزلەر بىلەن ئاھانەتلىگەندىن ســرت پەرھاتتىن مىنىڭ بىلەن زادى نىمە موْناســۋەتتى بارلىقىنى ســوراپ ئوّيىنى بېشــغا كىيىپ ئوْروْشتى. مىنى ئەڭ ئازاپلىغىنى پاتىمەنىڭ تىل ـ ئاھانىتى ئەمەس بەلكى، پەرھاتنىڭ ئوْنىڭغا يان بېسىپ مىنى تىللاپ ئوّيىدىن قوغلاپ چىقىرىشى بولدى.

ياتاققا كىلىپ ئوّزوْمنى كارىۋاتقا ئېتىپ ئاۋازىمنى قويوْۋېتىپ يىغلىدىم. پاتىمەنىڭ مىنى تىللىغاندىكى غەلىبە قىلغوْچىلارغا خاس مەغروْر ھالىتى، پەرھاتنىڭ ماڭا مەنســــىتمەســــلىك بىلەن قاراپ مازاق قىلىشى، خوْددى ئىشلىتىپ بولغان تازىلىق قەغىزىنى سىرتقا ئاتقاندەك مىنى ئوّيىدىن قوغلاپ چىقىرىشــــى، ئوْلارنىــڭ مەســــخىرىلىــك كوْلكىلىرى...كوّز ئـــالــدىمــدىن نېرى كەتمەيتى. «كوّتوْرەلمىســـــەڭ ســــاڭگىلىتىۋال» دېگەندەك بوْ دەرت ـ ئازاپلارغا، مىنى رەھىمســـــىز ئالقىندا موْجوْۋاتقان ئىقتىســـــادى قىيىنچىلىقلارغا ياندىشــــىپ ئوْنىڭ پەيــــكەش قىلمىشــــىنىڭ شاھىدىنىڭ بەدىنىمگە ماكانلاشقانلىقى مەلوْم بولدى.

ئوّزوْمنى كــاچــاتلاپ، چــاچلىرىمنى يوْلوْپ، ئوْلوْغ ئــاللادىن بوْ ئەرزىمەس جېنىمنى بىراقلا ئېلىشــــىنى تىلەپ نالە قىلىپ يىغلىدىم. نىملا بولمىســــوْن بوْ مەينەت تىنىمدىكى گوْناھىمنىڭ شاھىدىنى تېزرەك يوقتىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن، ھەر ئايلىق توْرموْش پوْلوْمنى ئوّزلىرى يىمەي ـ ئىچمەي دىگىدەك تېجەپ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىۋاتقان ئانامغا «تەتىلدە ۋاقىتلىق خىزمەت تېپىپ ئوّز توْرموْشــــوْمنى ئوّزوْم قا مدايمەن» دىگەن توْروْغلوْق قا نداقموْ يەنە «پوْل ئەۋەتىپ بەر» دىيەلەيمەن؟ يەنە بىر قېتىم تەۋەككوْل قىلىپ پەرھاتنى ئىزدەپ باردىم ۋە ئارتوْق گەپ قىلمايلا ئەھۋالنى ئوْچوْق ئېيتىپ ئوْنىڭدىن قورســقىمدىكى ھامىلىنى چوْشــوْروْشــكە ئازراق پوْل بېرىشــىنى

ئۆتتۇندۇم. ئاھ خۇدا!! كۆز ئالدىمدا تۇرغان بۇ مەخلۇقنى قانداقلارچە ئالدىنىپ كەتكەن بولغۇيتتىم ھە؟ مۇشۇنداق بىر نىجىسنىڭ جىسمىدىن نىمىلەرنى كۈتكەن بولغىيدىم؟ ياق! ئۇنى ھېچقانداق جانلىققا ئوخشىتىشقا بولمايدۇ! چۈنكى بىز ئىنسانلاردىن نەچچە يۈز ھەسسە تەپەككۇرسىز بولغان ھايۋانلار جىنىدا ئۆز نەسىلىدىن تانمايدىغۇ؟ ئۇ ماڭا پۇل بېرىش، يول كۆرسىتىش، تەسەللى بېرىش تۇرماق «كىمدىن تاپقان بولساڭ شۇنى ئىزدە! مەندە پۇل يوق!» دېگىنىچە ئالدى-كەينىگە قارىماي كىتىپ قالدى.

ئارقا-ئارقىدىن كىلىۋاتقان ئاۋاپ-خورلۇقلار، كەينىگە سوزۇلۇشقا بولمايدىغان زۆرۈر مەسىلىلەر، تۈرلۈك قىينچىلىقلار مىنى ھالسىراتتى. بىلىسەڭ دوستۇم، قورسىقى ئاچ، ئىلاجسىز كىشىلەردە، ئەس-يادىنى يوقاتقان دەرتمەنلەردە نورمال كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقىل ۋە تەپەككۇر بولمايدىكەن. غەمسىز كىشىلەرنىڭ دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىشى ئاسان بولغىنى بىلەن ھەممە ئادەم بېشىغا كەلمىگۈچە بۇ تۇرمۇشنىڭ بۇنچىۋالا مۇرەككەپلىكىنى ھىس قىلىپ يىتەلمەيدىكەن...

شەھىرلەنىڭ كۆزلىرىدىن توختاۋسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارغا قاراپ، مەنمۇ كۆز-ياشلىرىمنى توختىتالماي قالدىم. ئۇ قەغەز قولياغلىققا ياشلىرىنى سۈرتكەچ ئادەمنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئەزگۈدەك ھېقىقداپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

-ئەتىسى ھېلىقى دۇكاندا بىللە ئىشلىگەن دوستۇم بىر رېستۇراندىن ۋاقىتلىق كۈتكۈچىلىك خىزمىتى تاپقانلىقىنى ئېيتىپ مىنى بىرگە ئېلىپ باردى. ئۇ كۈنلەرنى ئويلىسام ھازىرمۇ ئۆزۈمنى توختىتىۋالالمايمەن كاملە. رېستۇراندىكى ھەر خىل قورۇملارنىڭ پۇراقلىرى دىمىقىمغا ئۇرۇلسىلا كۆڭلۈم ئايىنىپ قەي قىلغۇم كىلەتتى. باشقىلارنىڭ گۇمانىنى **قوزغاپ** قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈمدىكى ئاشۇ ئىپادىلەرنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتىم. ئىشلەپ ئۆزۈنغا بارماي رېستوران خوجايىنىنىڭ ماڭا ئالاھىدە دىققەت قىلىۋاتقىنىنى سىزىپ قالدىم. باشتا ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈردۇم. لېكىن تۇرۇپلا ئۆزۈمنىڭ يەنىلا باشقىلارنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىگە، دىققەت-ئېتىۋارىغا، ياردىمىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىمنى ھىس قىلىپ قالاتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ياخشىلىقلىرىغا، ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈشلىرىگە سوغۇق بىلەن جاۋاپ بەردىم.

ئەتىل توشۇپ ئوقۇش باشلىنىشقا نەچچە كۈنلا قالغاندا بېشىمغا تاغ يىقىلىشقا باشلىدى. بۇ يەردە ئە شلىگىنىمىزگە تېخى بىر ئاي تو شمىدى. لېكىن ئوقۇش باشلاشتىن بۇرۇن قورسىقىمدىكى بالىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىشىم كېرەكتە؟!

ـ كىچىككىنە قىزنى بېسىۋالغان نىمەئانچە ئېغىر غەمدۇ بۇ؟ ـ دىدى بىر كۈنى رېستۇراننىڭ ئارقا زالىدا تەخسىلەرنى تىزىۋاتقاچ ئۆز خىياللىرىمغا بەنت بولۇپ ئۇنىڭ كىرگىنىنىمۇ سەزمىگىنىمنى خېلىدىن كۈزىتىپ تۇرغان خوجايىن.

مەن دەرھال ئۆزۈمنى ئوڭشاپ ئۇنىڭغا قاراپ سۇسلا باش لىڭشىتىپ قويۇپ تەخسىلەرنى ئىشكاپقا تىزىشقا باشلىدىم.

ـ بىرەر قىيىنچىلىقىڭىز بولسا ماڭا دەڭ، ـ دىدى ئۇ ماڭا يېقىنلاپ كىلىپ، ـ قاچانلا قارىسام غەمكىن يۈرۈيسىز. بىلمەن بۇ شەھەردە سىزنىڭ باشقا يېقىنراق ئادىمىڭىزمۇ يوق، شۇڭا خالىسىڭىز سىزنى سىرتلارنى ئايلاندۇرۇپ، ئوينىتىپ كىلەي. ماۋۇ بىچارە قاپاقلىرىڭىزمۇ ئېچىلىپ قالار.

مەن ئۇنىڭغا «رەھمەت، ھاجىتى يوق» دەپ قويۇپ يەنە ئۆز ئىشىمغا مەشغۇل بولىۋەردىم.

ـ بۇ شەھەرنىڭ قىشى بەك سوغۇق بولىدۇ، قارىسام قېلىنراق كىيىملىرىڭىزمۇ يوقكەن. مەڭ ماۋۇ بۇ ئايلىق ئىش ھەققىڭىزنى ئالدىن بېرەي. ئۇقۇش باشلىغۇچە ئۈچىڭىزنى بىرەر قۇر ئوڭشىۋېلىڭ، ـ دىدى ئۇ يانچۇقىدىن ھەميىنىنى ئېلىپ ئۇنىڭدىكى پۇللاردىن ئازراق ئايرىپ ماڭا ئۇزاتقاچ.

نەچچە كۈندىن بىرى ئىچىمنى مۇشۇك تاتىلاۋاتقاندەك ئاراملسىزلاندۇرغان، كېچىلىرى تۈننى تاڭغا ئۇيقۇسىز ئۇلاتقان غەملىرىمنىڭ نىجاتچىسى ئاشۇ پۇللارغا قاراپ كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز نەچچە تامچە ياش چىقىپ كەتتى. بۇ ھالىمدىن تولىمۇ ئوڭايسىزلاندىم ـ دە، دەرھال باشقا ياققا قارىۋالدىم. نىمىشقىكىن شۇ تاپتا ئۇ ماڭا شۇنچە يېقىن بىلىندى. ئۇنىڭغا ھەممە دەردىمنى تۆكۈپ يىغلاپ بەرگۈم كىلىپ قالدىيۇ، يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتىۋېلىپ»رەھمەت» دەپ تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن ئۇنىڭ قولىدىكى پۇللارنى ئالدىم.

ئەتىسى ئۇنىڭدىن «بازارغا چىقىپ سودىلىق قىلىمەن › ›دەپ رۇخسەت سوراپ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا باردىم. دوختۇرلارنىڭ سوغۇق نەزەردە ماڭا گۇمان بىلەن قارىشى، قوپاللىق بىلەن سوئال سوراشلىرى جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ «ئۆزۈمنىڭ شورى» دەپ لىۋىمنى چىشلەپ ئۇلارغا ماسلاشتىم. دوختۇرنىڭ «سىزدە قان ئازلىق ئالامەتلىرى باركەن، تىنىڭىزمۇ ئاجىزكەن، نەچچە كۈن بالنىستا يېتىپ ئاندىن ئوپراتسىيە قىلغۇزىشىڭىز كېرەك» دېگەن ئەسكەرتملىرىگە يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ «ھەرقانداق ئاقىۋەتكە ئۆزۈم ئىگە» دەپ قول قويۇپ بېرىپ

يۈرۈپ بەدىنىمدىكى بۇ زەردە گۆشىنى سوغۇق ئەسۋاپلار ئارقىلىق پارچىلىتىپ تىتما قىلىپ تاشلىدىم.

ئوپىراتسىيەدىن كېيىن مېنى نەچچە سېستىرا يۆلەپ يۈرۈپ ماڭ تەستە كۆزنىتىش ئۆيىگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. چۈش كۆرۈۋاتامدىم،خىيال سۈرۈۋاتامدىم ۋە ياكى راست ئىشلار بولىۋاتامدۇ ماڭا نامەلۇم، پەرھاتنى كاچاتلاپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ «نىمىشقا؟ نىمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟»دەپ يىغلاۋاتقۇدەكمەن. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن ئاققان قان پۈتۈن بەدىنىمگە چاچراۋاتقۇدەك، ئۇ قانلارنى ھەرقانچە قىلىپمۇ، سۈرتۈپمۇ، يۇيۇپمۇ چىقىرالمىغۇدەكمەن...

كۆزنىتىش ئۆيىدە قانچە ئۇزۇن ياتقىنىمنى بىلمەيمەن. مىڭبىر تەستە غەيرەتكە كېلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. پۈتۈن جاھان پىقىراپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. يەنە بىر ئاز ئولتۇرىۋالغاندىن كېيىن ئاستا سىرتقا قاراپ ماڭدىم. قەدىمىمنى ھەر بىر يۆتكىگىنىمدە خۇددى بۇلۇت ئۈستىدە لەيلەۋاتقاندەك ئۆزۈمنى دەڭ سىيەلمەيتىم. كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا نەپرەت بىلەن قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرغانسىرى پۈتلىرىم خۇددى مەست ئادەمنىڭكىدەك باشقۇرۇشۇمغا بويسۇنمايۋاتاتتى. شۇنداق مەسخۇش ھالەتتە كېتىۋاتقىنىمدا بېشىم پىررىدە قايغاندەك بولدى. كېيىن نىمە ئىشلار بولغىنىنى بىلمەيمەن. كۆزۈمنى ئېچىپ كۆرگىنىم ئاسما ئۇكۇل بوتۇلكىسى بولدى. دوختۇرخانا كارۋىتىدا يېتىپتىمەن. ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپقا قارىدىم. ئاھ خۇدا! نىمە سەتچىلىك بۇ؟! يېنىمدا رېستوران خوجايىنى مۆگدەپ ئولتۇراتتى.

ئۇ مېنىڭ ھوشۇمغا كەلگىنىمنى كۆرگەندىن كېيىن سېستىرانى چاقىرىپ سۇلياۋ خالتىدىكى ئىچ كىيىملەرنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ ئالماشتۇرۇپ قويۇشىنى ئېيتىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇ نومۇس، خىجىلچىلىقلاردىن ئۆيۈلۈپ يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولدۇم.

ـ بولدى ئارتۇق گەپ قىلماڭ، ـ دىدى ئۇ، مەن تىترەپ تۇرغان كالپۇكلىرىمنى مىدىرلىتىپ سۆز باشلاپ بولغۇچە، ـ ئاۋال ساقىيىڭ. ئىنساننىڭ بېشىغا نى قىسمەتلەر كىلىدۇ. مەن بىلىمەن، سىز ياخشى قىز...بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كىتىدۇ.

مەن يۈزلىرىمنى يانغا بۇراپ يېتىپ ئىچ ـ ئىچىمدىن تىلىقىپ يىغلىدىم.

دوختۇرخانىدا بىر ھەپتە يېتىپ خېلى ئەسلىمگە كەلدىم. ئۇ مېنىڭ ھالىمدىن كۈندە نەچچە رەت كېلىپ خەۋەر ئالاتتى. كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، مېنى خۇشال قىلىشقا تىرىشاتتى. كېيىن بىلدىمكى ھېلىقى كۈنى مەن دوختۇرخانىدىن چىققاندىلا ئۇ ماشىنا ھەيدەپ

كىتتۈۋېتىپ مېنى كۆرۈپ قالغان ۋە مېنى ماشىنىدىغا چىقىرىپ ياتاققا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ماشىنىنى مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ توختىتىشىغا مەن يىقىلىپ چۈشكەن ئىكەنمەن.

ئىنسان تەبىئەتىدىنلا مېھىر ـ مۇھەببەتكە كۆيۈنۈشكە مۇھتاج بولىدىكەن. بولۇپمۇ مۇۋۇشىنداق يات بىر شەھەردە ئەلەملەر يۈرەكنى چۇلغاپ، يالغۇزلۇق باغرىنى ئەزگەندە كىملەرنىڭدۇر ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئىستەيدىكەن. يالغۇزلۇقتىن قورقىدىكەن.

بارا ـ بارا رىستۇران خوجايىننى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ بىر يۆلەنچۈككە ئېرىشكەنلىكىمنى ئويلىسىاملا خاتىرجەملىك ۋە رازىمەنلىك بىلەن قانائەتلىنەتتىم. قىسقىسى ئۇ ماڭا ئۆزۈم خالاپ نابۇت قىلىشىغا يول قويغان ھېلىقى ئېپلاستىن ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرنى بېرەلەيتتى. بىلمەن ئۇنىڭ ئائىلىسى، خوتۇن ـ باللىرى بار. ياش ـ دېمەتىمىزدىمۇ زور پەرق بار. لېكىن ئۇ بۇ قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈشۈم ئۈچۈن كۆۋرۈك بولالايدۇ. پەرھاتنىڭ، پاتىمەنىڭ ئالدىدا بۇرۇنقىدەك تۆگۈلۈپ يۈرمەسلىكىمگە تۈرتكە بولالايدۇ. قىينىچىلىقنىڭ، ئىلاجىسىزلىقنىڭ، يالغۇزلۇقنىڭ، خورلۇقنىڭ ئالقانلىرىدا بۇرۇنقىدەك مۇجۇلمايمەن.

ئوقۇش باشلىغان كۈنى ئۇ ئېلىپ بەرگەن يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىپ، روھلۇق ھالدا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئاتلاۋېتىپ ئۆزۈمنى شۇنچە يېنىك ھېس قىلدىمكى، خۇددى تەتىل جاريانىدا قايتا تۇغۇلغاندەكلا ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ، كارىدوردا دوقۇرۇشۇپ قالغان پەرھاتنىڭ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغاندىكى تۇرقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەملا ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇشال بولۇپ كىتەتتىم. ئەينەك ئالدىغا كېلىپ بۇرۇنقى غەمكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان سارغۇش چىرايىمنىڭ بارغانسىرى نۇرلىنىپ كىتىۋاتقىنىدىن سۆيۈنەتتىم.

«ئادەم سەتى ئەمەس كىيىم سەتى» دېگەندەك ئۇستىبۇيىشىمغا قىممەت باھالىق كىيىملەر ئارتىلىپ، گاز ياغلىقىم نەلەرگىدۇر تاشلىنىپ چاچلىرىم چىرايلىق ياسىتىلىپ، چانمىغۇدەك سۇس گىرىم قىلىپ يۈرىۋېدىم، بۇرۇن ماڭا ئانچە قاراپمۇ قويمايدىغانلار باشقىچە نەزەردە ھەۋەس قىلىشقا، دىققەت قىلىشقا باشلىدى. باشقىلارنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقىنىنى، ئۆزىگە ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقىنىنى سەزگەندە ئۆز گۈزەللىكىدىن سۆيۈنمەيدىغان قىزلار بولمىسا كېرەك. غەمسىزلىكمۇ، كۆڭۈلنىڭ ئارامىمۇ ئاجايىپ ھوزۇرلۇق ئىشكەن كاملە. بۇرۇن ساۋاقداشلارنىڭ نەزىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، مۆرىتىدە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالماي قورۇنۇپ يۈرەتتىم. ئۆزۈمنى ھەمىشە باشقىلاردىن تۆۋەن چاغلايتتىم. پاتىمەنىڭ پەرھاتنى تارتىۋېلىشى ئۆزۈمنىڭ

ھەقىقەتەن باشقىلارغا يېتەلمەيدىغانلىقىمنىڭ ئىسپاتىنى كۆزۈمگە ئىلىپ مىنى چۈشكۈنلۈك ئورىكىگە ئىتتىرگەن ئىكەن. تاشقى قىياپىتىم ئۆزگەرگەنچە ئىچكى مىجەزلىرىمدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. بۇرۇنقىدەك يەرگە قاراپ تولۇپ ماڭماي، مەيدەمنى تىك تۇتۇپ، قىممەت باھالىق ئاياغلىرىمنى يەرگە قەستەن قاتتىقراق ئۇرۇپ، رېتىملىق ئاۋاز چىقىرىپ ماڭىدىغان بولدۇم. توۋا دەيمەن، بۇرۇن ئۇچرىغانلارغا مەن ئاۋال سالام قىلساممۇ ئانچە ئىرەنشىمەيدىغان، سالىمىمنى كۆرمەسكە سېلىپ مەغرۇر ئۆتۈپ كېتىدىغانلار مانا ئەمدى، ماڭا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھىجىيىپ ئاۋال سالام قىلىدىغان، ماڭا يېقىنلىشىشقا ئۇرۇنىدىغان، مېنىڭ ئەھۋاللىرىمغا بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ قېلىشقان ئىدى.

رېستوران خوجايىنى بىلەن مەكتەپتىن يىراقراق جايلاردا كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى مەكتەپتىكىلەرگە بىلدۈرمەسلىككە تىرىشقان بولسامۇ، بىر قېتىم ئۇ مىنى ئەكىلىپ قويغاندا مەكتەپ دەرۋازىسىدا تۇرغان پەرھاتنىڭ ماڭا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۆزۈمچە ئۇنىڭ مېنىڭ ئىسىل ماشىنىدىن چۈشكەندىكى ھالىتىمنى كۆرۈپ قالغىنىدىن مەغرۇرلۇق ھىس قىلدىم. ئۇنىڭ ئالدىدىن يېڭىلا بۇدرە قىلىنغان چاچلىرىمنى بارماقلىرىم بىلەن ئارقىغا تاراپ قويۇپ، كۆز قىرىمنىمۇ سالماستىن ئۆتۈپ كەتكىنىمدە ئۆزۈمدىن تولىمۇ رازى بولغان بولسامۇ نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىشىنى ئۈمىد قىلىپ قىلدىم.

نەچچە كۈن ئۆتكەندە پەرھات بىلەن مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا يەنە بىر قېتىم يۈزمۇيۈز دوقۇرۇ شۇپ قالدۇق. ئۇ ماڭا بىرنىمىلەرنى دىمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمىللىۋىدى، مەن پەرۋا سىز ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتىم.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە مەكتەپتە پەرھاتنىڭ ھاراق ئىچىپ جېدەل تېرىپ، مەستلىكىدە ھاراق بوتۇلكىسى بىلەن بىرەيلەننىڭ بېشىنى يېرىۋەتكەنلىكى، يارىلانغۇچىنىڭ دوختۇرخانىغا ئۆلگۈرمەيلا قازا قىلغانلىقى، پەرھاتنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالدى.

تالاي كېچە يىغلاپ، قارغىغان، يۈرۈكۈمدە ئۇنىڭغا نىسپەتەن قىلچىمۇ مۇھەببەت قالمىدى دەپ جەزىملە شتۈرۈپ، نەپرەتلىنىپ يۈرگەن ئا شۇ ئادەمنىڭ چۈ شۈپ قالغان ھالىتىنى بىلگەندىن كىيىن يەنىلا چىن يۈرۈكۈمدىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئاسايىشلىق تىلىدىم. ئۇنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ ئىچ- ئىچىمدىن ئۆكسۈپ يىغلىدىم. مەن پەقەت ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ پاتمەدىن قېلىشمايدىغانلىقىمنى ئىسپاتلاپ كۆرستىپ قويۇش ئۈچۈن يا سىنىپ يۈرۈ شكە ئەھمىيەت بەرگەن ئەمە سىمىدىم؟ ئەمدى

مەن كىمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، كىملەرگە ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ياشايمەن؟ ئەمدى يەنە بەدەل تۆلىشىمنىڭ نىمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟

شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن ھايات ماڭا يەنە بىر قېتىم تولىمۇ ئەھمىيەتسىز بىلىندى. مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا رېستوران خوجايىنىغا ئەمدى كۆرۈشمەسلىكنى ئېيتىپ ئۇنىڭ ماڭا ئېلىپ بەرگەن چاقىرغۇ ۋە ئالتۇن ئۈزۈكنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشۈم ھەققىدىكى ئىلتىجالىرىغا قۇلاق سالماستىن ياتاققا قايتىپ كىردىم.

بىلەمسەن كاملە؟ ماڭا دائىم كەلگۈلۈك كەلسە قوشلاپلا كېلىدۇ. ئەتىسى ساۋاقدىشىمنىڭ يالۋۇرۇپ تۇرىۋېلىشى بىلەن مەكتەپ ئۇدۇلىدىكى ئاشخانىغا چىقىپ تاماق يەپ قايتاشىمىزدا دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ئىككى ئايال تۇيۇقسىزلا مىنى چېچىمدىن تۇتۇپ سۆرىگەنچە، يەردە دومىلىتىپ تاكى ئۆزلىرى ھېرىپ توختىغۇچە ئۇردى. بىلسەم ئۇلارنىڭ بىرسى رېستوران خوجايىنىنىڭ ئايالى، يەنە بىرسى سىڭلىسى ئىكەن. ئەتىسى يېرىلغان قاپاقلىرىم، كۆكىرىپ، ئىششىپ كەتكەن يۈزلىرىمدىن ئۇيۇلۇپ دەرسكە چىقمىدىم. ئۇنىڭسىزمۇ پۈتۈن بەدىنىم كۆيۈشۈپ ئاغرىپ ئورنۇمدىن تۇرغۇدەك ھالىم يوق ئىدى .چۈشتىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن مىڭ تەستە ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئۇ خوتۇن مىنى شۇنچە ئۇرغاننى ئازدەپ مەكتەپ رەھبەرلىرىنى ئىزدەپ نەچچە ۋاقىتتىن ئېرىنىڭ كەينىگە مەخسۇس ئادەم سېلىپ توپلىغان سۈرەت ۋە مېھمانخانا، ياتاق تالونى. . .دىگەندەك نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ مەكتەپ تەرەپنىڭ بۇ ئىشنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىشىنى، بولمىسا سوتقا ئەرز سۇندىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھەممە تۈگىدى! پەرھاتنىڭ ۋەقە سادىر قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان پاتىمە بىلەن بىر كۈندە مەكتەپتىن قوغلاندىم.

ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ «مەكتەپتىن قوغلاندىم» دەپ يۇرتقا قايتايمۇ؟ مەن بۇ ھالدا قايتىپ بارسام بىچارە ئاپامنىڭ شۇنچە ئۈزۈندىن بېرى مەندىن كۈتكەن ئارزۇلىرى ئۈمىتسىزلىنىپ، مەيۈسلۈك ياشلىرىنى تۆكىشىنى، مەھەللىدىكىلەرنىڭ مەسخىرىلىك تەنە ـ تاپىلىرىنى، ھەرخىل پەرەز، ئۆسەكلىرىنى كۆرگۈم، ئاڭلىغۇم يوق.

چامىدىنىمنى سۆرەپ ئۈرۈمچىنىڭ مېھرى سوغۇق، ئەمما تولىمۇ گۈزەل كوچىلىرىدا مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈردۈم. ئادەمگە يەككە ـ يىگانىلىقتىن ئارتۇق ئازاپ بولمىسا كېرەك. شۇ تاپتا ماڭا يول كۆرسەتكۈدەك، تەسەللى بېرىپ، ھاياتلىق چىقىش يولۇمنى كۆرسىتىپ بەرگۈدەك، مىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى، ھازىرقى باش قېتىنچىلىقىمنى ھەققى چۈشەنگۈدەك بىرەر دىلكەشىمنىڭ بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم ـ ھە؟!

خەلق مەيدانىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر كېچە ئويلىنىپ چىقتىم. يېرىم كېچىدە ئەتراپىمنى ئەگىپ يۈرگەن ئىككى بالا سالامغا ئەسەبىيلىك بىلەن ۋاقىراپ جاۋاپ بېرىشىمدىن چۆچۈپ، ئەجەبلەنگىنىچە كىتىپ قالدى. قىزلار پەقەت ئوغۇللارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشى ئۈچۈنلا يارالغانمۇ؟ مۇھەببەت ئۈچۈن پەقەت قىزلارلا قان-ياشلىق بەدەل تۆلىشى كېرەكمۇ؟ قىزلار يوقاتلىرىنى مەڭگۈ ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدىكەنمۇ، يىگىتلەر قىلغۇلۇقنى قىلىپ، ئۆز نەپسىنى قاندۇرغاندىن كېيىنلا قانداق ھۆكۈم چىقىرىشقا قابىل ئىكەن. خالىسا سېنى كولدۇرلىتىپ ئۆز مەككارلىقىدىن كۆرەڭلەپ يۈرىشىدىكەن. خالىسا سېنى خۇددى كونا چاپاننى چۆرۈپ تاشلىغاندەك تاشلىۋېتىپ، يەنە كىملەرنىدۇر قاپقىنىغا دەسسىتىش پىلانى بويىچە كىتىپ قالىدىكەن. قاراشتا شۇنچە ئىسىل سۈپەت، سالاپەتلىك كۆرۈنگەن، ئائىلىسى بار ئەرلەرنىڭمۇ پىنھانلاردىكى رەزىللىكلىرى ئۈچۈن ئۆز سالاھىيىتىنى ئۇنۇتقان ھالدا ھەقىقەتنى ئاشكارىلاپ، كۈچۈكلەشلىرىنى ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغانلار، قايىل بولىدىغانلار، ئۇنىڭ ئەخلاقىغا ئىشىنىدىغانلار كۆرسە ئىدى-ھە؟ خوتۇن-باللىرى بىلسە ئىدى-ھە؟ نېمىشقا ئاشۇ رەزىل ئەرلەر ئۈچۈن ئاياللارلا بەدەل تۆلەيدۇ؟ ئەرلىرى كېچىچە ئۆيگە كىرمىسە ئۇنى خىزمەت ياكى سودا ئۈچۈن جاپا چىكىۋاتىدۇ دەپ بىلىپ كۆزىنى يۇمماي، تاماقنى تەكرار ئىسسىتىپ ساقلايدىغىنىمۇ يەنە شۇ ئايال. سىرتتا ئۇنىڭغا ئاشنا بولۇپ ئۇنىڭدىن كىچىككىنە ماددى نەرسە ياكى مەنپەئەت كۈتىدىغىنى، شۇ ئېرىشكەن كىچىككىنە ساختا ئىمتىيازلىرى ئۈچۈن خورلۇقلارغا، ئاھانەتلەرگە ئۇچرايدىغىنى يەنىلا بىر ئايال! ياق، مەن نېمە ئۈچۈن بۇنداقلا يۈرتقا قايتقۇدەكمەن؟ بۇ ھالىم بىلەن بىرەرسى بىلەن توي قىلسامۇ ئۇنىڭ سوئال-سوراقلىرىغا قايسى يۈزۈم بىلەن جاۋاپ بېرىمەن؟ ئۆمۈر بويى بېشىمنى تىك كۆتۈرەلمەي، خورلۇق، ئۇۋالچىلىق تارتىشىم ئېنىق تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلىپ ئۆزۈمنى ئۆمۈرلۈك خورلۇق باياۋانىغا سۈرگۈن قىلغۇدەكمەن؟ مەن چىن دىلىمدىن سۆيگەن يىگىت مېنى ئالدىدى. ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىم توپەيلى ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە پايدىلانغان ئەردىن ئېرىشكەنلىرىمدىن تارتقان ئاھانەتلىرىم، تۆلىگەن بەدەللىرىم كۆپ بولدى.

نېمىشقىكى ماڭا دۇنيادىكى ھەممە ئەرلەر ئوخشاشتەكلا بىلىنىدۇ. پەقەت بەزىلىرىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ بايقىيالماي قالغىنىلا راست. مەن نېمىشقا دائىم زىيانلانغۇچى بولۇپ ياشىغۇدەكمەن؟ مەن بارلىق ئەرلەردىن نەپرەتلىنىمەن، ئۇلاردىن ئۆچ ئالىمەن. ئۇلارنى قەستەن قىيناپ، ئاۋارىچىلىقلارغا ئىتتىرىپ ئۆز كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ ياشايمەن. شۇنداق! مەن شۇنداق قىلىشىم كېرەك. ئۇنىڭسىزمۇ مېنىڭ قولۇمدىن باشقا نېمە ئىش كەلسۇن؟...

ئەتىسى خىزمەت ۋاقتى بىلەن رېستوران خوجايىنىغا تېلېفون قىلدىم. ئۇ ھايالشمايلا قېشىمغا كەلدى ۋە بۇ ھالىتىمگە قاراپ ئارتۇقچە گەپ قىلمايلا مېنى ياتاقتا ئورۇنلاشتۇردى. يۇيۇنۇپ ـ تارانغاندىن كېيىن ئۇ ئەكىرگەن تاماقلارنى يېگەچ ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋاللارنى ئېيتىپ ئىچىم بوشىغۇچە يىغلىدىم. ئۇ ئايالنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. توۋا دەيمەن، ئېرىنىڭ بىر ستودېنت قىز بىلەن مەخپىي ئارىلىشىپ يۈرگىنىنى سەزگەن بىر ئايال ئېرىگە ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقىنىنىمۇ بىلدۈرمەستىن ئاچچىقىنى مەندىن چىقىرىۋېلىپ يەنە «مەن خوجايىنىنىڭ خانىمى» دەپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. بەلكىم ئۇمۇ ئائىلىسى، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلەش قارارىغا كەلگەندۇ، ياكى بۇنداق ئىشلار بۇرۇنمۇ بولۇنغان بولغاچ ئۇمۇ كۆنۈپ كەتكەندۇ. رېستوران خوجايىنى ماڭا كۆپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ تەسەللى بەرگەندىن كېيىن قولۇمغا بىر تۇتام پۇلنى تۇتقۇزۇپ «بىرەر قۇر يېڭى كىيىم سېتىۋېلىڭ، مەن چىقىپ بىرەر ئۆيىنىڭ ئېپىنى قىلاي، مېھمانخانىدىمۇ تۇرىۋەرسەڭ ياخشى بولمايدۇ» دەپ چىقىپ كەتتى.

نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ مۇشۇ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ، مېنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. مەنمۇ ئىلگىرىكىدەك ئۇنىڭ بەرگىنىنى«رەھمەت» دەپ ئېلىپ ئولتۇرماي، جىقراق بېرىشىنى تەلەپ قىلىدىغان، ئالتۇن،كىيىم ـ كېچەك دېگەننىڭ غەلۋىسىنى ئايىماي قىلىدىغان بولدۇم. ھەمدە يۈرتتىكى ئاپامغىمۇ«دەرستىن سىرت خىزمەت قىلىۋاتىمەن» دەپ ئانچە ـ مۇنچە پۇل ئەۋەتىپ تۇردۇم. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن بىر قېتىمدا ئانچە كۆپمۇ ئەۋەتمەيتتىم.

پەرھاتقا ئالتە يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن ئايدا بىر بېرىپ ئۇنىمۇ يوقلاپ تۇرىۋاتىمەن. ئۇ مېنى كۆرسىلا يۈم ـ يۈم يىغلاپ كەچۈرۈم سورايدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىغا قاراپ يەنىلا ئىچىم سىرىلىپ كىتىدۇ. ئۇنى ھەر بىر يوقلاپ قايتقىنىمدا نەچچە كۈنگىچە قولۇم ئىشقا بارمايدۇ. ئۇنىڭغا ئۇنى مۇشۇ شەھەردە تۇرۇپ ساقلايدىغىنىمنى، ئۇ جازا مۇددىتىنى تۈگىتىپ چىققاندا ئۇنىڭ بىلەن يۈرتقا قايتىپ بىرگە ياشايدىغانلىقىمنى تەكرار ئېيتىپ ۋەدە بەردىم. مانا بۇ خەتلەر ئۇنىڭ ماڭا يازغانلىرى، ـ دىدى شەكلە بىر تۇتام خەتنى ماڭا ئۇزىتىپ، ـ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىگە توۋە قىلىپ يىغلايدۇ. «مېنى ئاشۇ نارەسىدە بالامنىڭ قىساسى تۇتتى» دەپ نالە قىلىدۇ. ئەمدى نىمە ئامال؟ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولاتتىمۇ؟ بىر ھىساپتا ئۇنىڭ سوغۇق تاملار ئىچىگە سولانغىنىمۇ قىلمىشلىرى ھەققىدە ياخشىراق ئويلىنىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى دەپ ئويلايمەن. ئەگەر ئۇ يەنىلا مەكتەپتە بولسا بېشىنى سىلكىپ ئويلىنىشقا ۋاقىت ئاجرىتالماي پاتمەگە باغلىنىپ يۈرگەن، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ باي قىيىنئاتىسىنىڭ ياردىمىدە ياخشى

خىزمەتكە ئېرىشىپ، پاتىمە بىلەن توي قىلىپ مۇشۇ شەھەردە قالغانمۇ بولاتتى. نىمىلا بولسۇن، ئاپامغا ھازىرچە ئوقۇۋاتىمەن دەپ، كېيىنچە ئۇرۇمچىدە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم دەپ ئۇنى ساقلاش قارارىغا كەلدىم.

ـ ئۇنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرەمسەن؟ ـ دەپ سورىدىم مەن شەكىلەنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا.

ـ بىلمەيمەن، بۇرۇن ئۇنى ھەقەقەتەن چىن يۈرىكىمدىن سۆيەتتىم. كېيىن بۇ مۇھەببەت نەپرەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ھازىر يەنىلا ئۇنىڭدىن ئۈمىتلىنىپ يا شاۋاتىمەن. تۇنجى قەدەمنى خاتا باسقان ئىكەنمەن، بۇنىڭغا ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقىلا ئەمەس، ئۆزۈمنىڭمۇ ئەقىلسىزلىقى سەۋەپچى، ـ ئەمدى مەڭگۈ ئاشۇ خاتالىقىم ئۈچۈن بەدەل تۆلىشىم كېرەك...

شەكىلە بىلمىگە يۆلەنگەن يا ستۇقنى ئوڭ شاۋاتقاندا ھېلىقى كىشى بىرمۇنچە لازىمەتلىكلەر ۋە نەچچە خىل تاماقلار سېلىنغان يالتىراق خالتىلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ بىزنىڭ كۆزلىرىمىزگە قاراپ يىغلىغىنىمىزنى بىلدى بولغاي «مەن قايتىپ ئەتە كىلەي سىلەرمۇ ياخشىراق مۇڭدىشىۋېلىڭلار» دەپ قولىدىكى نەرسىلەرنى چاي شىرەسىگە قويۇپ ئىشىك تۈۋىگە بارغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ :«مۇڭدىشىڭلار دىسەم كۆڭۈلسىزلىكلەرنى سۆزلىشىپ يىغلاپلا ئولتۇرماي، خۇشال ـ خورام ئولتۇرۇڭلار جۇمۇ؟ كاملە ساقايغاندا سىلەرنى ئەڭ ياخشى جايلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كۆڭلۈڭلەرنى تازا ئېچىپ قويىمەن» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ـ ئاۋال بىر ساقىيە ئاداش، ـ دىدى شەكىلە ئۇنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن تاماقلارنى شىرەگە تىزغاچ، ـ ئويناپمىزلا دىسەڭ ئۇنىڭسىزمۇ ئوينىتىدىغانلار ئاز ئەمەس.

ـ نىمە؟ يەنە باشقىلىرىمۇ بار ئوخشىمامدۇ، ـ دەپ سورىدىم مەن ئەجەپلىنىپ.

ـ ئەلۋەتتە ئاداش، مەن نىمىشقا بۇ قېرىغىلا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغىلا ئىتائەت قىلىپ، ئەھدە قىلىپ كەتكۈدەكمەن؟ ۋاقتى چىقسا كۈندە بىر كىلىدۇ، چىقمىسا ھەپتە ـ ھەپتىلەپ يوق. مەن ئۇنىڭ ھەقلەپ ئالغان خوتۇنىمىدىم يا ئۇنى ساقلاپ، يولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان؟ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن ئۆزۈمنى ياساپ، ئۆزۈمنىڭ كۆڭلى تارتقانلار بىلەن ئىچ ـ پۇشۇغۇمنى چىقىرىپ يۈرىۋاتىمەن. ماڭا كۆزى چۈشۈپ كۈچۈكلىنىپ كىتىۋاتقان ئەرلەرنى كۆرگىنىمدە گاھ نەپرەتلىنىسەم، گاھ مەمنۇن بولۇپمۇ قالىمەن، قەستەن ئۇلارنى ھەرخىل سەۋەپلەر بىلەن قىيناپ ئۇلارنى ئامالسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىنىمدا ئۇلارنىڭ ئىلاجسىز، بىچارە قىياپىتىگە قارىغىنىمدا ئىچ ـ ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كىتىمەن. نىمە ئۈچۈن ئا ياللارلا بەدەل تۆلىشى كېرەككەن؟ ئۇلارمۇ ئاخماق بولۇشىنىڭ، ئالدىنىشىنىڭ تەمىنى تېتىسۇن. خوتۇنى «ئون يۇەنگە پايپاق ئېلىپ بېرىڭ» دىسە ھۆركىرەيدىغان

ئەرلەر سىرتتا شۇنچە مەرتلىشىپ كېتىدۇ. خوتۇنىغا چىراي ئاچقۇسى كەلمەيدۇيۇ، سىرتتىكى ئاياللارغا شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتكۈچە ھجىيىپ، مەرتلىكنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىپ، ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمايدۇ.

ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەرگە ھەيران قېلىۋاتقانلىقىمنى سەزدى بولغاي، ئېغىر خورسىنىۋېتىپ «بولدى تاماق يەيلى ئاداش، ۋاقىت تېخى ئۇزۇن، ساڭا دەيدىغان سۆزلىرىم كۆپ، بىلمەن ھازىر مىنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ھەيران قېلىۋاتىسەن، لېكىن ھەممە ئادەم بېشىغا كەلگەندە بىلىدىكەن» دىدى.

تاماقنى شۇنداق بىر كۆڭۈلسىز كەيپىياتتا جىمجىت ئولتۇرۇپ يىدۇق. تاماقتىن كىيىن ئۇ دورىلىرىمنى ئىچۈرۈپ ئورۇن راسلىدى. كاللامدا گىدىرماچ خىياللار ئۆزلۈكسىز ئەگىپ يۈرەتتى. ياتقۇچە ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم چاقىرغۇ كەلدى. ئۇ بەزىلىرىنى قايتۇرۇپ بۇگۈن سىرتقا چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى.

نەچچە كۈنگىچە پات ـ پات قىزىتىمام ئۆرلەپ، پۈتۈن بەدىنىم جانسىزلىنىپ شۇنچە قىينالغان بولسامۇ، ئۇنىڭ مىنى يەنە بالنىستا ياتقۇزىشىغا قەتئىي قوشۇلمىدىم.

كامىل بىلەن خىيالەن سىردىشاتتىم. ئۇنىڭ تېزرەك يېنىمغا قايتىپ كىلىشىنى ئۈلۈغ ئاللاھتىن تىلەپ ئۆزۈندىن ئۆزۈن دۇئا قىلاتتىم.

شەكىلەنىڭ بەزى ئىشلىرىنى پەقەتلە توغرا چۈشىنەلمەيۋاتاتتىم. ئۇنىڭ بۇنداقلا تۈگىشىپ كېتىشىنى خالىمايتىم. لېكىن ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەت قىلىشتىن يەنىلا ئۈيىلاتتىم، چۈنكى ھازىر ئۇنىڭغا تايىنىشتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى. دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىللىرىمدە شۇنچە كۆپ پۇل چىقىرىپ داۋالاتقىنىنى دىمىگەندىمۇ ھازىرقى دورىلىرىمۇ بەكلا قىممەت ئىدى.

كامىل تالاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، مەن بولسامۇ ساق بولغان بولسام ئىدىم، ھېچبولمىسا ئاشخانىلاردا قاچا يۇيۇپ بولسىمۇ ئۆز كۈنۈمنى ئۆزۈم ئېلىپ تۇرالىغان بولاتتىم. «بۇ قىسمەتلەرگە نىمە ئامال؟ بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم. شەكىلەنىڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىمەن دەپ تۇرىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ بەدىنىمدىكى ئاغرىق ئاسارەتلىرىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇشقا تىرىشاتتىم. شەكىلەنىڭ ئالىي ماكتەپتىكى ساۋاقدىشى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە رېستۇراندا ئىشلىگەن دوستى رەنا ھەر ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش كۈنىدە بۇ ئۆيگە كىلىپ تۇراتتى. رەنا ئانچە چىرايلىق قىزلاردىن بولمىسىمۇ يۈزى تۆۋەن، مىھرى ئىسسىق، ئەقىللىق، تىرىشچان قىز ئىدى. شەكىلە ۋە رېستۇران خوجايىنىدىن باشقا ئادەم كىرمەيدىغان بۇ ئۆيگە

رەنانىڭ ھەپتىدە بىرەر قېتىم كېلىشى مەن ئۈچۈن زور خۇشاللىق ۋە تەسەللى ئىدى. رەنا بىلەن كىشىلىك ھايات، جەمئىيەت ھەققىدىكى كۆز-قاراشلىرىمىزدا ئورتاقلىق بولغاچ ئۇ ھەرقېتىم كەلگەندە تولىمۇ قىزغىن مۇڭدىشىپ كېتەتتۇق. ئۇ ماڭا يېڭى-يېڭى كىتاپلارنى ئالغاچ كېلەتتى. خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشىمنى تەۋسىيە قىلاتتى ۋە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش قوللانمىلىرىنى ئالغاچ كېلىپ ماڭا كۆيۈمچانلىق، سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلاتتى. مەنمۇ بۇ زېرىكىشلىك، ئازاپلىق كۈنلەردە زېھنىمنى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە ئاجرىتىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ۋە ئازراق بولسىمۇ بىرەر نەرسە ئۆگىنىشكە بەل باغلىغانلىقىمدىن خۇشال ئىدىم.

ئۈرۈمچىنىڭ زىمىستان قىش كۈنلىرىنى ئاساسەن بۇ ئۆيدە يالغۇز دىگۈدەك ئۆتكۈزىۋاتاتتىم. رەنا تەتىلدە شىمالدىكى يۇرتىغا كەتكەن ئىدى. شەكىلە بەزىدە بىر چىقىپ كەتسە يېرىم كېچىلەردە مەست ھالەتتە ياكى ئەتىسى چۈشلەردە ھارغىن ھالەتتە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ كۈنلەپ ئۇخلايتتى. ئۇنىڭ چاقىرغۇسى توختىماي سايراپلا تۇراتتى. ئۇ سىرتقا چىقىشتىن بۇرۇن مەندىن ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ چۈشەنچە بېرەتتى ۋە تاماقنى، دورىنى قەرەلىدە يېيىشىمنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. مەنمۇ بارا-بارا بۇ تۇرمۇشقا كۆندۈم. كۆنمەي نېمە ئامال؟يۆلەنچۈكۈم، باشپاناھىم ئىگىز تاملار بىلەن قورشالغان قارا تۆمۈر دەرۋازا ئىچىدە. مەن بولسام ئۆزۈمنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالالمىغۇدەك ھالەتتە بىر زەمبىل گۆش بولۇپ ياتىمەن. شەكىلەگە بەكرەك نەسىھەت قىلىشقا تىلىم كۆيىدۇ. ئۇمۇ بەزى ئىشلارنى ئۆزى خالىماي قىلىۋاتقان بولىشى، مېنىڭ ئازاپلىنىشىمدىن ئەنسىرەپ بۇ ئىشلارنى بۇرمىلاشقا تىرىشىپ مېنى ئۆزۈمنى ئەيىپلىشىمدىن ساقىت قىلىۋاتقان بولىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ھەر-بىر چاقىرغۇ كېلىپ سىرتقا ماڭغان چېغىدىكى ئامالسىزلىقى چىقىپ تۇرسىمۇ زورلاپ كۈلۈپ، ئۆزىنى روھلۇق تۇتۇشقا تىرىشىشلىرىنى كۆرگىنىمدە يۈرىكىم ئېچىشىپ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالىدۇ.

بەزى ئىشلارنى ئوچۇق-ئاشكارا دىيىشىشتىن ئۆزىمىزنى ئېلىپ قاچاتتۇق. بىر-بىرىمىزنى خۇشال قىلىشقا تىرىشاتتۇق. ئۇ بەزىدە بۈگۈن بارغان سورۇندىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى ماڭا تولىمۇ يۇمۇرىستىك قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتىيۇ، مېنىڭ ئانچە كۈلەلمەيۋاتقىنىمنى سېزىپ ئوڭايسىزلىنىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرايتتى ياكى بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى.

5-قەۋەتتىن يەتتە ئاي بولغاندا تۇنجى قېتىم ئاران چۈشەلىدىم. پۇتۇم خېلى ياخشى بولۇپ قالغان بولسىمۇ بېلىمنىڭ ئاغرىقى يەنىلا ھەركىتىمنى چەكلەپ قوياتتى. ئەمدى شەكىلە يوق

چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالالىغۇدەك، تاماقلارنى غەيرەت قىلىپ، ئاغرىققا چىداپ يۈرۈپ ئۆزۈم تەييارلىيالىغۇدەك بولدۇم.

ھەممىدىن بەك خۇش بولغىنىم ئەمدى كاملىنى يوقلاپ بارالىغۇدەك بولۇپ قالغىنىم ئىدى.

كامىل قامالغان تۈرمە ئۈرۈمچىنىڭ چېتىدىرەك بولۇپ، نەچچە ئاپتوبۇس ئالمىشىپ ئاران بارغىلى بولاتتى. شەكلە بەزىدە تۇنۇ شلىرىنىڭ ما شىنىسىدا مىنى بىللە ئېلىپ باراتتى. شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ، شۇنچە تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن دەملەر بىردەمدىلا توشۇپ قالاتتى. كامىل مىنىڭ ھالىمغا قاراپ يىغلىسا مەن ئۇنىڭ ھالىتىگە قاراپ يىغلايتىم. بېشىمىزغا كەلگەن بۇ كۈلپەتلەرگە، ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ھازىرقى ئامالسىزلىقلىرىغا ئىچ-ئىچىمىزدىن ئۆرتىنىپ يىغلايتۇق. ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دېيىشنى دىلىمغا پۈككەن سۆزلەرنىڭ چالا قالغىنىدىن ئۆزۈمنى ئەيىپلەپ كېتەتتىم. ھەر قېتىم ئويلىغان سۆزلىرىم بىر چەتتە قېلىپ باشقا سۆزلەرنى قىلىپ كەتكىنىمدىن ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كېلەتتى. ئۇ ماڭا ھەر قېتىم «ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن. سالامەتلىكىڭنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىدىن باشقىنى ئويلىما. مەن چىققۇچە چىداپ تۇر. مەن چىققاندىن كېيىن ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دەپ تەسەللى بېرەتتى، ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن ئىپادىسىنى ئالاھىدە ياخشى قىلىپ، ۋەزىپىلەرنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ ئايدا بىر كۈندىن كەچۈرۈم ئېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتىم، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتىم. ئىپادىسىنىڭ ياخشىلىقىدىن سۆيۈنگىنىمنى تەكرارلاپ رازىلىق ياشلىرىمنى تۆكەتتىم.

ئادەم كۈتۈش، بولۇپمۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن، ئۆمۈرلۈك ئايرىلماسلىققا نىيەت قىلغان كىشىسىدىن ئامالسىز ئايرىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتكەندىكى ۋاقىت ھەممىدىن بەك ئاستا ئۆتىدىكەن. باشتا ئۆزۈم ئۇنى يوقلاپ كېلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم ۋاقىتلاردا ئۇنى قايتا كۆرەلمەيدىغاندەك بىر ۋەھىمىنىڭ ئىسكەنجىسىدە كېچە-كۈندۈز مۇجۇلغان، ئىككى يېرىم يىل ۋاقىتنى ئۆمۈردىنمۇ ئۇزۇن تەسەۋۋۇر قىلغان پەيتلىرىمگە قارىغاندا ئۇنى يوقلاپ كېلىپ يۈرگەن مەزگىللەردە خېلى روھلىنىپ قالدىم . ئۇنى ھېچبولمىسا ئايدا بىر قېتىم كۆرەلەيمەن. ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمەن! ماڭا چەكسىز بىلىنگەن شۇ ئىككى يېرىم يىل ۋاقىتنىڭ دەل يېرىمى ئۆتتى. ئۆزۈممۇ خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدىم. خەنزۇ تىلىدىنمۇ ساۋادىم چىقىپ ئادەتتىكى گېزىت-ژورناللارنى ئوقۇپ، مەزمۇننى خېلىلا چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ قالدىم. لېكىن ئەمەلىي سۆزلىشىش ئىمكانىيىتىم كۆپ بولمىغاچقا سۆزلەشتە قىينىلىپ، ئاۋازلىرىم قېيىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا رەنا «ۋاي ساڭا خەنزۇچە ئۆگەتتىم دەپ دۇنيادا يوقلا بىر تىلنى ئۆگىتىپ سالدىممۇ نىمە؟ يۈرە بۇ تىلغا پاتىنىت

ھوقۇقى ئېلىشۋالايلى» دەپ چاخچاق قىلىپ مېنى تىرىكتۈرەتتى. ھەپتە ئاخىرىدا رەنا ئامراق تاماقلارنى تەييارلاپ ئۇنى كۈتۈۋالاتتىم. ئەلۋەتتە دەم ئېلىش كۈنلىرىدە شەكىلە بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە ھەم رەنانىڭ كېلىدىغىنىنى بىلگەچكە مېنىڭ يالغۇز قېلىشىمدىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەي،ئاساسەن ئۆز ئىشلىرى بىلەن يۈرەتتى.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان كېچىلەردە كامىل بىلەن خىيالەن سىردىشاتتىم. ئۇنى چىن يۈرىكىمدىن بەرداشلىق بەرگۈسىز ئىنتىزارلىق ئىچىدە سېغىناتتىم. جۈپ توشقان ئويۇلغان ياغاچ ھەيكەلنى قانماي ھىدلاپ، باغرىمغا باساتتىم. يىراقتىكى ئاتا-ئانامنى سېغىناتتىم. ئۇلارنى شۇنچە دىشۋارچىلىققا سالغىنىم ئۈچۈن ئاللاھ ماڭا مۇشۇ كۈلپەتلەرنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئىچى-ئىچىمدىن ئۆكسۈپ يىغلايتتىم. ھەر بىر نامىزىمدا ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى تىلەيتتىم. بىر كۈنلەردە كامىل بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغىنىمدا ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى كۆرەلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرەيتتىم. دادام ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ-ھە؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىللىق قۇچىقىغا بېشىمنى قويۇپ يېتىپ بارلىق ئازاپلىرىمنى تۆكۈپ قانغۇچە يىغلىۋالسام ئىدىم-ھە؟ بىلىمەن، بۇ دۇنيادا ماڭا ئەڭ كۆيۈنىدىغىنى يەنىلا شۇ مېھرىبان دادام. ئەلۋەتتە ئاپامنىمۇ بەزىدە سېغىنىپ قالىمەن. ھەممىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتقۇم كېلىدۇ. لېكىن، ئاپامنىڭ مېنى كۆرگەندىن كېيىنكى زىمىستان مىسالى چىرايىنى، تۈزدىنمۇ ئاچچىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇم يوق. بۇنىڭ بىلەن تۈگىسىغۇ مەيلى، ئۇ چوقۇم مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ كامىل بىلەن بىرگە ياشىشىمغا يەنىلا قارشى چىقىشى مۇمكىن. «بىرەر باللىق بولغاندا بارسامغۇ تەقدىرگە تەن بېرەر ئىدى» دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن.كامىل بىلەن دە سىلىۋىدىمۇ«ئۈرۈمچى تەرەپكە بېرىپ نىكاھىمىزنى ئوقۇتۇپ بىرەر يېرىم يىل تۇرغاندىن كېيىن بىرەر باللىق بولۇپ ئاندىن يۇرتقا قايساق ھەممىنىڭ ئاغزىمۇ بېسىقار »دەپ ئويلىغان ئىدۇق. كىم بىلسۇن ئىككى يېرىم يىل ۋاقتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھالال نىكاھ ئوقۇتۇش پۇرستى نىسىپ بولۇش تۈگۈل بىرگىمۇ تۇرالماي ئۆتۈپ كېتىدىشىنى؟ ئۈرۈمچىنىڭ يەنە بىر قەھرىتان سوغۇقىنى يەنىلا مۇشۇ مۇئەللەقتىكى ئۆيدە خىياللىرىمنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆتكۈزدۈم. شەكىلەنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى،كۆز-قاراش، ئوي-پىكىرلىرى بارغانسىرى ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىنى يىراقلاشتۇرۇپ، ئەينى يىللاردىكى سىرداش دوستۇم شەكىلەنىڭ ئوبرازىنى پۈتۈنلەپ خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويغان ئىدى. رەنا ئىككىمىز ئۇنىڭغا تالاي رەت نەسىھەت قىلغان بولساقمۇ قىلچە ئۈنۈمى بولمىغانىنى ئاز دەپ بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغىمۇ ئارتۇق گەپ قىلماس بولدۇق. لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇنداق كېتىۋېرىشىدىن ئەنسىرەيتۇق. رەنانىڭمۇ ئۇنىڭدىن رايى قايتقان بولۇپ پەقەت مېنى دەپلا بۇ ئۆيگە ئانچە-مۇنچە كېلىپ تۇراتتى. «شەكىلە مۇھەببەتتىن ئازار يېدىم دەپ پۈتكۈل جەمىيەتتىن ئۆچ ئالماقچى بولىۋاتىدۇ،

لېكىن ئۇ ئۆزى ئۈچ ئالماقچى بولغانلار تەرىپىدىن يەنىلا ئۆزىنى جازالايدۇ. ئاخىرىقى ھىساپتا يەنىلا ئۆزى ئورنىنى تولدۇرىۋالغۇسىز بەدەل تۆلەيدۇ» دەيتى رەنا شەكلەنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئېچىنىپ.

«خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بىرەر» دەيتىم مەنمۇ. ئۇنىڭ ھازىرقى گەپدانلىقىغا، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى باشقىلارغا ئارتىپ ئۆزىنى ئاقلاپ سەكرەشلىرىگە، مۆرتى كەلسە كۆز-يېشى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى ھىسداشلىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىشلىرىغا بىز ھەقىقەتەن تولىمۇ ھەيران ۋە ئامالسىز قېلىۋاتاتتۇق.

- ئەمىسە سىلەر ماڭا يول كۆرسىتىڭلار، - دىدى ئۇ بىر كۈنى رەنا ئىككىمىز ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز گەپ باشلاپ بولغۇچىلا ئەسەبىيلىك بىلەن ۋاقىراپ، - بىرەر ئەر تېپىڭلار تىگەي! قېنى كىم منى، مىنىڭدەك بىر كوچىدا يۇرگەن قىزنى ئۆزى خالاپ ئالىدىكەن؟ ئالسىمۇ كۈندە بىر دۇمبالىمايدۇ دەپ سىلەر ھۆددە قىلالامسىلەر؟ ياكى خىزمەت تېپىڭلار، مەن ئىشلەي! لېكىن تازىلىقچى، پىركازچىك دىگەندەك ۋاقىتلىق ئۇششاق ئىشلار بىلەن ماۋۇ ئۆيىنىڭ ئىجارىسىنى تۆلەپ، جېنىمنى باقالامدىمەن؟

ئۇ شۇنداق ۋاقىراپ-جارقىرىغىنىچە ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى يۇرۇكۈمنى پىچاق سانجىغاندەك ئېچىشتۇردى. ھەي، نىمە دىگۈلۈك؟ مەن بولسامۇ ئۆزۈمنىڭ كۈننى ئۆزۈم ئالالىغان بولسام ئىدىم، ئۇنىڭغا گەپ قىلىشتا تىلىم ئۇزۇنراق بولار ئىدى.

ئەتىسى چۈشتىن كىيىن رەنانى مەپتەپكە ئۇزىتىپ قويۇپ تۇردىشىمغا شەكلە ئىشىكتىن تولىمۇ سۇلغۇن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايىنىڭ ئۆڭسىلى ئۆچكەن بولۇپ تولىمۇ روھسىز ھالەتتە كىرىپ ئۆزىنى كىرىسلوغا تاشلاپ ئېپادىسىز كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكككىنىچە ئۈنسىز ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولغىنىدىن ئەنسىرىگەن بولسامۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ سوراشتىن ئۆزۈلۈپ بىر پىيالە چاي قويۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ يېنىغا كىلىپ نىمە دىيىشىمنى بىلمەي ئولتۇرغىنىمدا ئۇ ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقانداق سۆزلەشكە باشلىدى.

- بۇ دۇنيا بەكلا تاركەن كاملە، - دىدى ئۇ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىدىن يۆتكىمەستىن، - ئىنسان ھاياتلا بولسا ھەرقانداق ئىشنى كۆرىدىكەن. سەن بىرەر قۇر تەييارلىقلارنى قىلغىن، مەن ئەتە چىقىپ باشقا جايدىن ئۆي ئىزدەيمەن. بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ كىتەيلى...

مەن نىمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئولتۇراتتىم. ئۇ بولغان ئىشلارنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى.

شەكىلە تونۇگۈن كەچتە يېقىندىن تونۇشۇپ قالغان بىر ئەر بىلەن يېرىم كېچىدە تانسخانىدىن يېنىپ بىر مېھمانخانىدىن ياتاق ئاچقۇزۇپ يېتىپ قالغان ئىكەن. تاڭ ئاتارغا يېقىن مېھمانخانىنى ساقچىلار قورشاپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپتۇ. ساقچىلار بارلىق كىشىلەرنى مېھمانخانا زالىغا يىغىپ گۇمانلىق دەپ قارىغانلارنى ساقچىخانىغا ئېلىپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. كىم بىلىسۇن، شەكىلە 5 ـ قەۋەتتە بىر ئەر بىلەن، رېستوران خوجايىنى 6 ـ قەۋەتتە بىر ئايال بىلەن، رېستوران خوجايىنىنىڭ ئايالى 7 ـ قەۋەتتە بىر ئەر بىلەن ياتاق ئاچقۇزۇشقان ئىكەن. ئۇلار چوڭ زالدا بىر ـ بىرلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا دەسلەپتە ھەيران قېلىشىپ ئاندىن باشلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ تۇرۇپتۇ. شەكىلەنىڭ تەلىيىگە ئۇنىڭ بىلەن ياتاق ئاچقۇزغان كىشى بويتاق ئىكەن. شۇڭا ئۇلار «بىز مۇھەببەتلىشىۋاتقان، يېقىندا توي قىلماقچى ئىدۇق» دەپ يۈرۈپ بىرمۇنچە ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن كېيىن قويۇۋېتىلىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئىچىمدە بولسا تەكرار «توۋا» دەيتىم. شۇنچە گۇناھلارغا شاھىد بولىۋاتقان بۇ تۇپراقنىڭ ھېلىمۇ مۇشۇنچىۋالا گۇناھلارغا چىداپ، گۆمتۈرۈلۈپ كەتمەي تۇرىدىغىنىغا ھەيران قالدىم. مىڭ يىللىق ئىسلام ئەقىدىسىگە ئىگە مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاق قارىشى بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنچىلىك دەرىجىدە سۇسلىشىپ كەتكەنمىدۇ؟ شەرمى ـ ھايانى ھاياتىدىن ئەلا بىلىپ كەلگەن ئانىلىرىمىز، ئەخلاقنى غورۇرىنىڭ يادروسى بىلىپ ياشىغان ئاتىلىرىمىزنىڭ روھى ئۇلار بىلەن تەڭلا ئۆلۈپ تۈگەپ كەتكەن بولارمىدى؟ ئەر ئۆزىنىڭ تاپقان كىچىككىنە پۇلى، ئىمتىيازىغا ئىشىنىپ سىرتلاردا ئۆز خاھىشى بويىنچە خالىغانچە كۆڭۈل ئاچسا، ئايال ئېرىدىن ئۆچ ئېلىش ۋە ياكى قۇرغاقچىلىق باسقان تۇرمۇشىنى ۋاقىتلىق ئېيپەت سودىسى بىلەن سۇغىرىپ تەسەللى تاپماقچى بولسا، ئەرلەردىكى مەسئۇلىيەت ئېڭى، ئاياللاردىكى بەدەل تۆلەش، شۈكرىچان بولۇشلار خامۇش سەزگۈلىرىدىن كۆتۈرۈلسە، ھەممىسى ئۆز قىلمىشىغا قارشى تەرەپنى جاۋاپكار، سەۋەپچى قىلىپ كۆرسەتسە، نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكى، ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقى، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى ۋاپا، ئىشەنچ دېگەنلەر بولمىسا، بۇ ھاياتتا قەدىرلىگۈدەك يەنە نېمە قالسۇن؟ ئاشۇنداق ئائىلىلەردە چوڭ بولغان بالىلارچۇ؟ ئاتا ـ ئانىسى مېھمانخانىلاردا ئىشرەت كەيپىنى سۈرىۋاتقاندا ئاشۇ بالىلار نېمە ئىش قىلىۋاتقان بولغىيتى؟ كۈندۈزى سودا بىلەن ئالدىراش يۈرگەن ئاتا ـ ئانىسىدىن كەچلىكلىرى، دەم ئېلىش كۈنلىرى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئائىلە ئىللىقلىقىغا چۆمگەن ھالدا مۇڭدىشىپ، غىزالىنىشنى كۈتىۋاتقان بالىلىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزلىرى ئارزۇلىغان ئاشۇ پەيتلەرنى مەئىشەت كوچىلىرىدا خامۇش ئۆتكۈزىۋاتقانلىقىنى بىلەمدىغاندۇ؟ ياق، ئۇلار چوقۇم بالىلىرىغا «مەن سىلەرنى باقىمەن دەپ كېچە ـ كۈندۈز ئالدىراش پالاقلاپ يۈرىۋاتىمەن» دەپ ھۆرپىيىشىدۇ. بىچارە بالىلار باشقا

دوستلىرىنىڭ ئائىلىسىدىكى كۆڭۈللۈك مەنزىرەلەر، خۇشال كەيپىيات، مېھرلىك ئەركىلىتىشلەرگە ھەۋەسلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۇلارغا مېھىر تولۇقلاش ئۈچۈن بەرگەن پۇللىرىنىڭ قەدرىگە يېتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ئاشۇ پۇللار بىلەن ئۆز ئائىلىسىدە كەم بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ خۇشال كەيپىياتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن چۈشكۈن گەۋدىلىرىنى تانسىخانا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا مۇددەتتىن بۇرۇن ئېتىشىدۇ...

شۇنىڭدىن كېيىن شەكىلە ئالدىراش باشقا جايلاردىن مۇۋاپىق ئۆي ئىزدەش ھەلەكچىلىكىدە يۈردى. مەن بولسام بۇ قېتىم يۈز بەرگەن شەرمەندىچىلىكنىڭ شەكىلەنى ئازراق سىلكىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلغاچ ئۇنىڭدا بىرەر ئۆزگىرىشنىڭ بولۇپ ھايات يولىنى قايتا تاللاش قارارى چىقىرىشىنى تىلىدىم. لېكىن ئۇنىڭدىن بىرەر ئۆزگىرىش بايقىيالمىغاننى ئازدەپ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ تېخىمۇ چوڭلاپ، ئەسەبىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ مۇشۇ باشباشتاقلىقى ۋە ھېچنىمىدىن ئەيمەنمىگۈدەك ئەركىنلىشىپ كېتىۋاتقىنىنىڭ سەۋەبىدىن بىرەر بالا ـ قازاغا يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم.

رەنا بىر كەشتىچىلىك كارخانىسىدىن ياتاق ـ تاماقىمنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىش تاپقانلىقىنى، بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ ھازىرقى ھەركەت قولايلىقسىزلىقىمغىمۇ، ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولغاچ ئانچە تەمتىرەپ قالمايدىغانلىقىمنىمۇ ئېيتىپ ماڭا بۇ خۇشخەۋەرنى ئېلىپ كەلگىنىدە ئۇنى سەل ئۈمىتسىزلەندۈرۈپ قويدۇم. نىمىشقىدۇر شەكىلەنى بۇنداقلا تاشلاپ قويغۇم كەلمەيتى. شۇنچە يىللىق دوستلىقىمىزنى، ئەينى يىللاردىكى كېچىلەپ مۇڭدىشىپ چىقىدىغان سىرداشلىقىمىزنى ياد ئېتەتتىم. ئۇنىڭ ئاشۇ سەبى، سەممىي شەكىلەگە قايتىپ كېتىشىنى چىن يۈرۈكۈمدىن تىلەيتتىم ھەم ھامان بىر كۈنى ئۇنى قايتا تېپىۋالىدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم.

كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىدە چىنە زاۋۇتى تەرەپتىكى بىر ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ كۆچۈپ كەلدۇق. رەنا كەشتىچىلىك كارخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ يۈرۈپ ماڭا ئۆيدە تۇرۇپ قىلىدىغان ئىش تېپىپ بەردى. مەن ئونبەش كۈندە بىر كارخانىغا بېرىپ ئۇلاردىن ئۆرنەك ۋە لازىملىق ماتېرىياللارنى ئەكىلىپ ئۆيدە كەشتىلەرنى تىكىپ، پۈتتۈرۈپ ئۇلارغا ئاپىرىپ بېرەتتىم. ئۇلار ئاۋال دىيىشكىنىمىز بويىچە ھەق بەرگەن بولسىمۇ كېيىنچە كەشتىلىرىمنىڭ سېپتىلىقىدىن تولىمۇ رازى بولۇپ ماڭا ھەسسىلەپ ھەق بېرىدىغان بولۇشتى. بۇ ئىشنىڭ كىرىمى ئۆيلىگىنىمدىن ياخشى بولۇش بىلەن بىرگە ماڭا يېڭىچە ئۈمىد ۋە ئىشەنچلەرنى ئاتا قىلاتتى. كامىل چىققۇچە ئازراق پۇل جەملىۋالىدىغىنىمنى ئويلىساملا قايتىدىن روھلىنىپ كېتەتتىم ۋە بەل ـ پۇتلىرىم سىقىراپ ئاغرىپ، كۆزلىرىم تورلىشىپ كەتكۈچە يىڭنىنى قويغۇم كەلمەيتى. شەكىلەنى بۇ ئىشقا قىزىقتۇرۇش

ئۈچۈن ھەر خىل نۇسخىدىكى چىرايلىق گۈللەرنى كەشتىلەپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم ۋە ئۇنىڭمۇ كەشتىلەپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلاتتىم. شۇغىنىسى ئۇنىڭ بۇنداق قول ئىشلىرى بىلەن پەقەتلا خۇشى يوق ئىدى.

بىر كۈنى مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇ ماڭا «بىلىمەن كامىلە، سەن مېنى دۇرۇس يوللارغا ئۈندەش ئۈچۈن ئاز كۈچىمىدىڭ. مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار ئاداش، بۇ كوچا ماڭا باقۋەندە ئەمەس، كامىل چىقىدىغانغىمۇ نەچچە ئايلا قالدى. مەن شۇنىڭغىچە ئازراق ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالاي، ئۇ چىققاندا ھەرگىز بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەم بولمايدۇ. ئۇنىڭغىچە ئازراق پۇل جەملىۋالساق ئۈچىمىز بىرلىشىپ بىرەر ھالال ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ كۈنىمىزنى ئالارمىز. شۇڭا ئاداش، سەنمۇ ھازىرچە مېنى خىجىل قىلىپ بەك كۆزۈمگە كىرىۋالمىغىن. ماڭا ئازراق ۋاقىت بەر، بىر تەرەپ قىلىۋالمىسام بولمايدىغان ئازراقلا ئىشلىرىم قالدى، ماڭا ئىشەن» دېدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنچىلىك سۆزلەرنىڭ چىققىنىدىن ئىچ-ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنى باغرىمغا بېسىپ ھاياجان ياشلىرىمنى توختىتالماي قالدىم.

- شەكىلە مېنىڭ ئوماق دوستۇم. ئەقىللىق دوستۇم، ھامان بىر كۈنلىرى مېنى مۇشۇنداق خۇشال قىلىدىغىنىڭنى بىلەتتىم. ماقۇل مەن سېنى كۈتىمەن. يېنىمغا بۇرۇنقى ھالىتىڭدە قايتىپ كېلىشىڭنى كۈتىمەن. بىز قولنى قولغا تۇتۇشۇپ بۇ ئازاپلىق كۈنلەردىن يىراقلاپ كېتەيلى. ئاچچىق ئەسلىمىلىرىڭنى يۈرۈكۈڭنىڭ پىنھانلىرىدا دەپنە قىلىۋەتكىن-دە، كېيىنكى ھاياتىڭغا كۈلۈپ باققىن. سەن مەڭگۈ مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم.

شۇ كۈنى كېچىچە شەكىلە بىلەن ئۇزۇندىن بېرى ئوتتۇرىمىزنى توسۇپ تۇرىۋاتقان غۇۋا پەردىلەرنى قايرىۋەتكەن ئا سا ستا ئوچۇق-يورۇق مۇڭداشتۇق. گاھ كۈلۈپ، گاھ يىغلىشىپ تاڭ سەھەرگە يېقىن ھەر ئىككىلىمىز شۇنچە يېنىكلەپ تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بولدۇق.

جۈمە كۈنى كەچتە رەنا كەلدى. ئۇنىڭغا شەكىلەنىڭ سۆزلىرىنى قىلىپ بېرىۋىدىم، ئۇمۇ بوينۇمغا گىرە سالغىنىچە خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكتى. بىز كەچتە شەكىلە ئامراق تاماقلارنى ئېتىپ ئۇنى شۇنچە كۈتكەن بولساقمۇ ئۇ كېچىچە قايتىپ كەلمىدى.

بىز ئىجارىگە ئالغان ئۆينىڭ بىرىنجى قەۋىتىدە ئۆي ئىگىسى ئاچقان كىچىككىنە بىر ماگىزىن بار ئىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆي ئىگىسى تېلېفون كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ مېنى چاقىردى. بىرىنجى قەۋەتكە چۈشۈپ تېلېفوننى ئالدىم. تېلېفوننى شەكىلە ئۇرغان بولۇپ ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئىش بىلەن تۇرپانغا كەتكەنلىكىنى، ئۇ يەردە ئىككى-ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى، مېنىڭ

ئەنسىرەپ كەتمەسلىكىمنى ئېيتىپ تېلېفون قىلغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ سىرتتا كۆپرەك دىققەت قىلىشىنى، تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى ئېيتتىم. ئۇ ماقۇل بولۇپ ئالدىراشلا تېلېفوننى قويدى.

ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتتى. شەكىلە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ بىرەر خەۋىرىنى ئالالماي ئەنسىرەپ رەناغا تېلېفون قىلىپ دەرستىن چۈشۈپلا ئۆيگە كېلىشىنى ئېيتتىم. كەچتە رەنا كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شەكىلەنىڭ بۇنداق جىمجىتلا يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرسىمۇ يەنىلا مېنى خاتىرجەم قىلىشقا ئورۇناتتى. ئۇ كۈنى رەنا مەكتەپكە قايتماي يېنىمدا قونغان ئىدى. يېرىم كېچىلەردە ئۆي ئىگە سىڭلىمنىڭ توۋلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ پەسكە چۈشۈپ تېلېفوننى ئالدىم. تېلېفوننى ناتونۇش بىر ئايال ئۇرغان ئىدى.

ـ سىز شەكىلە ئەزىزنى تونۇمسىز؟ ـ دېدى ئايال سوغۇق تەلەپپۇزدا.

ـ ھە مەن ئۇنىڭ دوستى. ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ئۇ يېنىڭىزدا بارمۇ؟ سىز كىم بولىسىز؟ ـ جىددىيلىشىپ ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە سوئال سورىۋەتتىم.

ـ ھەئە ئۇ مېنىڭ يېنىمدا، سىز ئۇنىڭ ئۆيدىكىلەرنى تونىسىڭىز تېزدىن خەۋەر قىلىپ قويۇڭ، 2 ـ دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كەلسۇن! ـ ئايال شۇنداق دەپلا تېلېفوننى قويدى.

پۇت ـ قوللىرىم تىترەپ، يۈرەكلىرىم ئەنسىز سوقۇپ ئىككىنجى قەۋەتكە مېڭ تەستە چىقتىم. رەنا ئويغىنىپ، چاپىنىنى كىيىپ ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كەلگەن ئىكەن.

رەنا ئىككىمىز دوختۇرخانىغا كېلىپ، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ نۆۋەتچى سېستىرادىن شەكىلە ئەزىز ئىسىملىك بىرەر بىمارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرىۋىدۇق. ئۇ بىزگە چوڭ زالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاتار تۇرغان، كىچىك ـ كىچىك قۇتقۇزۇش بۆلۈمچىلىرىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر بۆلۈمچىنى كۆرسىتىپ قويدى. بۆلۈمچە ئىشىكىگە كېلىپ ئەينەك تام ئىچىدىكى ئىگىز كارىۋاتتا ياتقان شەكىلەنى كۆرۈپ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي جايىمدا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ تونۇغۇسىز ئىششىپ كەتكەن يۈزلىرىنىڭ نەچچە يېرىدە قان داغلىرى ئويۇپ قالغان، بۇرنىغا ئۇكسىگىن، بىلەكلىرىگە ھەر خىل تەكشۈرۈش ئەسۋاپلىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، رېتىملىق ئېقىۋاتقان ئۇكۇل سۇيۇقلۇقى ۋە يۈرەك سېلىشىنى كۆزىتىش ئەسۋابىدىكى سىزىقچىلارغا قارىمىغان كىشى ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىناتتى.

دوختۇرلار بىزنىڭ بۆلۈمچە ئىچىگە كىرىشىمىزگە يول قويمىدى. مەسئۇل دوختۇردىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرىۋىدۇق. «قاتناش ۋەقەسىدە ئېغىر يارىلانغان، تۆت سائەت جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىن كېيىن خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ھەرۋاقىت كېسەللىك ئەھۋالدا

ئۆزگىرىش بولۇپ، ئېغىرلاپ كېتىش ئېهتىماللىقى بار، شۇڭا ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر قىلىپ قويۇڭلار، بەزىبىر تەييارلىقلارنى قىلىپ قويسۇن» دېدى. بىز ئەينەك تام سىرتىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئۈنسىز ياشلىرىمىزنى تۆكۈپ، ئۇنىڭ تېزرەك كۆزىنى ئېچىشىنى تىلەيتتۇق. لېكىن ئۇ ئاشۇ بىر خىل هالەتتىلا ياتاتتى.

رەنا بىلەن شەكىلەنىڭ ئۆيدىكىلىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈش ئىشى هەققىدە مەسلىهەتلىشىۋاتقىنىمىزدا ياندىكى بۆلۈمچىدە قۇتقۇزۇلىۋاتقان بىمارغا قاراۋاتقان ئايال يېنىمىزغا كېلىپ:« سىلەر ئۇنىڭ نېمىسى؟» دەپ سورىدى. بىز ئۇ ئايالنىڭ سوغۇق چىرايىغا قاراپ سەل ئەجەپلىنىش ئىچىدە ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ « هە ئۆيدىكىلىرىگە خەۋەر قىلىساڭلار دەپ قويۇڭلار، ئۇنىڭ داۋالىنىش هەققى ئۈچۈن هازىرغۇچە يىگىرمە مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇلنى مەن چىقىرىپ تۇردۇم. ئۆيدىكىلىرى كەلگەندە قايتۇرۇپ بەرسۇن!» دېدى ۋە ئەينەك تام ئىچىدىكى شەكىلەگە قاراپ غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويۇپ ئارقىغا بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

شەكىلەنىڭ ئۆيىدە تېلېفون يوقلىقى ئېنىق. خەت يازساق نەچچە كۈندە تېگىشىنى بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئاپىسىغا خەۋەر قىلمىساق ئالمادىس ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇندا ئويلاپ، بۇندا ئويلاپ ئاخىرى كامىل ئىككىمىزنى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ قويغان شوپۇر ئېسىمگە كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئەينى چاغدا بىزگە يېزىپ بەرگەن چاقىرغۇ نومۇرىغا چاقىرغۇ قىلدىم. ئالاهەزەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۇ چاقىرغۇ قايتۇردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن رەهىمجاننىڭ تېلېفون ياكى چاقىرغۇ نومۇرىنى ئېيتىپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ رەهىمجاننىڭ يانفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەردى. رەهىمجانغا تېلېفون قىلغۇچە قوللىرىم ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە تېلېفون قىلغىنىمدىن هەم خۇشال بولسا، هەم هەيرانلىقتا ئاۋازلىرى تىترەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن قىسقىلا ئەهۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىش سەۋەبىمنى ئۇدۇللا ئېيتتىم ۋە شەكىلەلەرنىڭ ئادرېسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپ ئۇنىڭ دەرهال شەكىلەلەرنىڭ يېزىسىغا بېرىپ ئۆيدىكىلىرىگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ مېنىڭ ئاۋازىمدىن قانچىلىك جىددىيلىشىۋاتقىنىمنى بىلدى بولغاي، هازىرلا بېرىپ خەۋەر بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مەندىن سوراۋاتقان سوئاللىرىنى توختىتىپ، ئىككى سائەتتىن كېيىن مۇشۇ تېلېفونغا تېلېفون قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تېلېفوننى قويدى.

مەن دوختۇرخانا ئۇدۇلىدىكى تېلېفون بوتكىسىدا ئۇنىڭ تېلېفونىنى ساقلاپ تۇرغان ئىدىم. ئىككى سائەتتەك ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭدىن تېلېفون كەلدى. ئۇ تېلېفوننى شەكىلەلەرنىڭ ئۆيىدە

تۇرۇپ ئۇرغان ئىدى. شەكلەنىڭ ئاپىسى تىلىفوننى ئېلىپلا يىغلاپ ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەي قالدى ۋە ھازىرلا تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۆلۈمچە ئىچىدە بىمارغا قارايدىغان بىردىن ئارتۇق ئادەم تۇرۇش چەكلەنگەن بولغاچ رەنا ئىككىمىز نۆۋەتلىشىپ ئۇنىڭغا قارىغاچ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتتۇق. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن شەكلە مۆجىزە يۈز بەرگەندەكلا كۆزىنى ئاچتى. بىز خۇشاللىقىمىزدا ئۇنىڭ يېنىغا كىردۇق. ئۇ جانسىز كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا قاراپ بىزنى كۆرگەندىن كېيىن كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئاپئاق كىرلىككە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۈنسىز سۆزلەۋاتتى. بىزمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئۈنسىز ياشلىرىمىزنى تۆكەتتۇق. دوختۇر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن يېنىدىكى سېستىراغا «خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى، بالنىست بۆلۈمگە يۆتكەڭلار» دىدى ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ گەپ قىلىپ چارچىتىپ قويماسلىقىمىزنى جېكىلىدى.

شەكلە بالنىست بۆلۈمگە يۆتكەلگەندىن كېيىن ھېلىقى جىددى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە ياندىكى بىمارغا قاراۋاتقان ئايال ياتاققا كىرىپ كەلدى. بىز ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدۇق. ئۇ ھېچنىمە دىمەستىن شەكلەگە خېلى ئۇزۇن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئورۇندۇقنى ئۇنىڭغا يېقىنراق تارتىپ ئولتۇردى. شەكلە گەپ قىلالمايتتى، لېكىن ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچى ئاجىز كۆزلىرىنى ئەنسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا تىكىپ ياتاتتى.

- سىز مىنى تونىمايسىز، - دەپ گەپ باشلىدى ئايال خۇددى ئۆز ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا، - مەن ئابلىزنىڭ ئايالى بولىمەن...

شەكلە ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا دەققە تىكىلگەندىن كېيىن دەرھال تام تەرەپكە قاراپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقىپ مەڭزىدە توختاپ قالدى.

- ئۇ مىنى كوماندىروپكىغا چىقىمەن، دەپ ئالدىغان ئىدى. مانا، ياراتقۇچىمىز سىلەرنى بىر زەمبىل گۆش قىلىپ ئالدىمغا تاشلاپ بەردى، - دىدى ئايال لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ. رەنا ئۇ ئايالغا لۆڭگىنى سۇنغان ئىدى، ئۇ ئايال، - بولدى سىڭلىم كۆز ياشلىرىمنى ئېيتماي، ئۇ بارلىق ئازاپلىرىمنى ئېقىتىپ كەتسۇن، - دىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭغاچ، - ساقچىلار ماڭا ئېرىمنىڭ قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندا مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ دوختۇرخانىغا كەلگۈچە ئۇنىڭ ئىسەنلىكىنى تىلەپ كۆز يېشى قىلغان ئىدىم. لېكىن كېيىن بىلسەم بۇ ئىككىسى تۇرپانغا بىرگە ئوينىغىلى بېرىپ ھاراق ئىچىپ مەست ھالەتتە ماشىنا ھەيدەپ مۇشۇ

ۋەقەنى سادىر قىلىپتۇ. بۇ نىمىنىڭ داۋالىنىش پۇلىنى تۆلەيدىغان ئادەم چىقماي كارىدوردا ياتقۇزۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ يەنىلا ئاچچىقىنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئىككىلىسىنىڭ پۇلىنى تۆلىدىم. ئۇنىڭ سومكىسىدىن چىققان تېلېفون دەپتىرىدىكى نومۇرلارنىڭ ھەممىسىگە تېلېفون قىلىپ چىقتىم. ھەممىسىنىلا ئەركىشى ئېلىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن تونىمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئاخىرقى بىر نومۇرغا ئۇرسام بىر خەنزۇ ئېلىپ شەكىلەنىڭ ئىسمىنى چىقارسام سىزنى چاقىرىپ قويدى. ئېرىمنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭكىدىن ئېغىر، ماڭمۇ جىددى پۇل لازىم بولىۋاتىدۇ. قالدى ئىشلارنى ئويلاشقا قۇربىتىممۇ يوق. ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر كەلسە ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆلىگەن پۇللىرىمنى قايتۇرۇپ بەرسۇن، - دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئايال چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شەكىلەنىڭ تىنىقى قىيىنلىشىپ يۈرەك سوقۇش ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئاپاراتىدا رىتىمسىز سىزىقلار پەيدە بولۇشقا باشلىدى. مەن دەرھال مەسئۇل دوختۇرنى چاقىردىم. ئىككى دوختۇر بىرمۇنچە تەكشۈرۈشلەرنى قىلغاندىن كېيىن سېستىرا ئۇنىڭغا دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئوكۇل سالدى. ئالاھەزەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن شەكىلەنىڭ ئەھۋالى تۇراقلىشىپ ئۇخلاپ قالدى. مەن رەنانى شەكىلەگە قارىتىپ قويۇپ دوختۇرخانا ئۇدۇلىدىكى تېز تاماقخانىدىن ئۇ ئىككىسىگە كەچلىك تاماق ئېلىپ ياتاققا قايتىپ كىرگەندە ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدىم. شەكىلەنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن رەھىمجان تۇراتتى.

- تېلېفوندا تۈزۈكمۇ ئەھۋال سورىشالمىدۇق. شۇڭا ئايزىمخان ئاچامنى ئەكىلىپ قويغاچ سىزنى يوقلاپ كېلەي دەپ كېلىۋىدىم، - دېدى رەھىمجان سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

- رەھمەت سىزگە رەھىمجان ئاكا، مېنى دەپ يەنە ئاۋارە بولۇپسىز...

رەھىمجاننىڭ تۇيۇقسىز كېلىشىدىن يا خۇشال بولۇشۇمنى يا خاپا بولۇشۇمنى بىلەلمەيلا قالدىم. ياقا يۇرتتا مۇشۇنداق بىر كۈنلەردە بىرەر قېرىندىشىمنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىشىدىن ھاياجانلانغان بولساممۇ، نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ كاملىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ قېلىشىنى خالىمايتىم. لېكىن كەچتە ھال - مۇڭ بولۇشۇپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىكى سەممىيلىك ۋە ئۆز سىڭلىسىغا بولغان ساپ مېھرىنى سەزگىنىمدە ئىختىيارسىز ھەممە ئىشلارنى ئۇنىڭدىن يوشۇرماي سۆزلەپ بەردىم. سۆز ئارىلىقىدا كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كېتىۋىدى، ئۇمۇ كۆز ياشلىرىنى مەندىن يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالدى.

ــ ئادەمنىڭ بېشىغا ھەرقانداق قىسمەتلەر كېلىدۇ كامىلە. سىز مەن ئۈيلىگەندىنمۇ غەيرەتلىك ۋە ئىرادىلىك ئىكەنسىز، سىزگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم ۋە سىزدەك قەيسەر سىڭلىم بولغىنىدىن سۆيۈندۈم، ــ دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا، ــ مەن سىزگە ئاكا بولۇشقا ۋەدە قىلغان تۇرۇغلۇق شۇنچىۋالا دېشۋارچىلىقلارغا ئۇچرىسىڭىز خەۋەرسىز يۈرۈپتىمەن. ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلالماپتىمەن.

رەھىمجان ئاكامنىڭ ئېيتىشىچە، ئاپام مىنى ئىزدەپ ئىككى قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ خەۋىرىمنى ئالالماي قايتىپ كېتىپتۇ. ئاسىيە ئاپام ئاپامنى يېنىغا ئاپىرىۋاپتۇ، ئاپاممۇ دادامدىن ئاجرىشىشتا چىڭ تۇرۇپتۇ. ئاسىيە ئاپاملار رەھىمجانغا مىنىڭ كامىل بىلەن قېچىپ كېتىشىمنىڭ ئېغىر كېلىپ بىرەر ئىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال توينى قىلىپ قويۇش ئۈچۈن تەرەپ ــ تەرەپكە چېپىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار رەھىمجانغا لايىق قىزنى تېپىپ توينىڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولغاندا رەھىمجان بۇ تويغا قۇ شۇلماپتۇ ۋە ئاپامنىڭ دادام بىلەن يارىشىپ قېلىشىنى، ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ تاماملىنىشىنى، ئۇلارنىڭ مىنىڭ كامىل بىلەن بولغان توي ئىشىمغا قوشۇلۇشىنى شەرت قىلىپ تۇرىۋاپتۇ. چوڭلار نىملا دېسە رەھىمجان ئاكام ئۆز شەرتىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. ئۇنى قايىل قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن ئاسىيە ئاپام ئاپامنىڭ دادام بىلەن يارىشىشىغا ۋە ئىككى ئائىلىنىڭ ئىناق ئۆتۈشىگە قوشۇلۇپتۇ. بىراق ئاپام «كامىلە ئون يىلدىن كېيىن كەلسىمۇ ئۇنىڭ كامىل بىلەن بىرگە ئۆتۈشىگە قوشۇلمايمەن» دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ.

رەھىمجان ئاكامنىڭ تويى ئاپام ــ دادامنىڭ قايتا نىكاھى (يارىشىپ قېلىشى بىلەن دەپ ئېلىڭ) بىلەن بىر كۈندە ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. دادام ــ ئاپاملارمۇ شەھەرگە كۆچۈپ بېرىپتۇ. لېكىن دادام تولىمۇ سەممى كىشى بولغاچ سودىغا ئانچە كىرىشەلمەي قاپتۇ.

ــ سودا دېگەننىمۇ ئانچە ــ مۇنچە ھىيلە ــ مىكىر سى بار، گەپكە ئۇستا ئادەم قىلمىسا بىكاركەن، ــ دېدى رەھىمجان ئاكام، ــ كامىران دادام سودىنى ئانچە قاملاشتۇرالمىغاندىن كېيىن، دادام بىلەن بىللە سودا قىلىشتىن يالتىيىپ بۇرۇن دادىسىدىن ئۆگەنگەن موزدوزلۇق ھۈنىرىنى قىلىۋاتىدۇ. ھازىر ھەر ھالدا يامان ئەمەس كۈن ئېلىۋاتىدۇ. مەنمۇ ئارا كۈندە بىر بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىۋاتىمەن. مەن بارالمىغان ۋاقىتلاردىمۇ رائىلەنى ئۇلارنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتىپ تۇردۇم. بۇ ياۋقا كېلىشتە ئۆيدىكىلەرگە «ئۈرۈمچىگە بېرىپ زەرگەر خانىلارنى ئارىلىغاچ ئازراق قېلىپ نۇسخىلىرىنى ئەكىلىمەن» دېگەن ئىدىم. كامىران دادامنىڭ يۈرىكى تۇيۇپ قالدىمۇ مەن ئاپتۇۋۇزغا چىقاي دەپ تۇرسام پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ يېنىمغا كېلىپ خېلى ئۇزاق ئۇياق ــ بۇياقتىن گەپ ئېچىپ ئاخىرىدا «ئەگەر كامىلەنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز ئېيتىپ قويۇڭ بالام، ئۇ ھازىرچە قايتىپ كېلىشكە ئالدىرىمىسۇن. ئازراق ۋاقىت ئۆتسە ئاپىسىمۇ ئەقلىگە كېلىپ قالار، ئۇلار دۇنيانىڭ

نەرىدىلا بولسا تىنچ ـ ئامانلىقنى بىلىپ تۇرساملا بولاتتى» دەپ كۆز يېشى قىلدى، دىدى رەھىمجان.

دادامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۈرەك ـ باغرىم ئۆرتىنىپ كەتتى. كۆز ـ يا شلىرىمنى توختىتشۇېلە شقا ئامالسىز قالدىم. ئۇنى تۈيۈقسىزلا شۇنچە سېغىنىپ كەتتىمكى، ھازىرلا يېنىغا بارغۇم، بوينىغا ئېسىلىپ ئىچىم بوشىغۇچە يىغلىۋالغۇم كەلدى.

ـ بولدى كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ـ دىدى رەھىمجان ماڭا تەسەللى بېرىپ.

شەكىلەنىڭ ئانىسى شەكىلەنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئادەمنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئەزگۈدەك نالە قىلىپ يىغلىدى. مەڭزىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە يېقىپ ئۇنى قانماي ھىدلىدى. 60 نىڭ قارىسىنى ئەمدىلا ئالغان بولسىمۇ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە غۇربەتچىلىك قەددىنى ۋاقىتسىز ئەگكەن بۇ ئانا كۈزدىكى يوپۇرماقتەك سارغىيىپ كەتكەن، سولغۇن چىرايىدىن، پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرى، يىللار ئىزناسى يۈزلىرىگە سالغان ۋاقىتسىز يول ـ يول قورۇقلار ۋە مۈكچەيگەن بەللىرىدىن قارىماققا ئۆز يېشىدىن تولىمۇ چوڭ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ شەكىلەنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغان سوئاللىرىغا بىز نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلەلمەي قالاتتۇق.

شەكىلە بولسا گاھ كۆزىنى ئېچىپ ھەممىمىزگە بىرەر قۇر قاراپ ئۇنىسىز ياشلىرىنى تۆكەتتى، گاھىدا يېرىم ھۇشسىز ھالەتتە بىرنىمىلەرنى دەپ جۆيلۈيتى. ئۇنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى خاقىراق ئاۋازىدىن پەقەتلا بىلگىلى بولمايتى.

شەكىلەنىڭ ئانىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، شەكىلە ئوقۇشقا كىتىپ بىر يىلغا بارمايلا ئۇنىڭ دادىسى ئېتىزلىقتا مەيدىسىنى موجۇقلاپ يىقىلغان پېتى ئۆرە بولالماي بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا شەكىلەنىڭ ئىسمىنى تەكرار چاقىرىپتۇ. بىچارە ئانا بۇ شۇم خەۋەرنىڭ شەكىلەنىڭ ئوقۇشىغا تەسىر يېتىشىدىن، شەكىلەنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ ئۆيگە قايتىشىدىن ئەنسىرەپ پۈتۈن ئازاپىنى ئۆزى يالغۇز يۈتۈپ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى شەكىلەگە خەۋەر قىلماپتۇ. شەكىلەنىڭ دادىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان ئانا دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن سىرت با شقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملە شىپ يۈرۈپ يىغقان ئازغىنە پۇللىرىغا شەكىلە ئەۋەتكەن پۇللارنى قوشۇپ قەرزنىڭ يېرىمىنى ئۈزگەن بولسىمۇ قالغان قەرز ئىگىلىرى بىرلىشىپ سوتقا ئەرز سۇنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى قەرزنى تېزرەك قايتۇرۇشقا قىستاپتۇ. ئانا ئامالسىز كونا قورو ـ جاينىڭ يېرىمىنى چوڭ ئوغلىغا مىراس قالدۇرۇپ قالغان يېرىمىنى سېتىپ قەرزنى قايتۇرۇپتۇ. ئۆزى بولسا ئوغلىغا بۆلۈپ بەرگەن ئۆينىڭ بىر ئېغىزلىقىدا ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن بېشەم كىلىنىنىڭ تولا

كوتۇلدىشىغا چىداپ بولالماي ئۇلارنىڭ تەلۋى بويىچە ئازغىنە تېرىلغۇ يېرىنىمۇ ئۇلارغا بېرىۋېتىپ ئۆزى باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ كىچىككىنە بېغىغا كۆكتات تېرىپ سېتىپ يۈرۈپ تۇرمۇشنى قامداۋېتىپتۇ.

ئانىنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ رەنا ئىككىمىزمۇ ئۇنىڭ بۇ ھالىغا چىداپ تۇرالماي قالدۇق. ۋاقتى كەلسە پۇل شۇنچە قابىل نەرسىكەنكى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاچلىق، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگىلى بولسىمۇ باشقىلار ئالدىدىكى خىجالەتچىلىك، ئامالسىزلىقلار كىشىنى شۇنچە بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىكەن. شەكىلەنىڭ داۋالىنىش ھەققى توغرىسىدىكى ئىشنى ئانىغا قانداق دېيىشنى بىلمەي قالدۇق. دىسسەكمۇ ئۇنىڭدا ئۇنچىلىك پۇل يوقلىقى بىزگە ئايان ئىدى. رەنا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھېلىقى شەكىلە بىلەن بىرگە ۋەقەگە ئۇچرىغان كىشىنىڭ ئائىلىسى ئىزدەپ بېرىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشنى ۋە ئۇنىڭغا بىزگە ئۇ پۇللارنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەشكە ئازراق ۋاقىت بېرىشىنى ئۆتۈنمەكچى بولدۇق. تەتىلدە رەنامۇ يۇرتقا قايتماي مەن بىلەن كەشتە ئىشلىرىنى قىلىشىپ قەرزنى قايتۇرۇشقا ياردەمدە بولىدىغان بولدى.

- نىمە؟ بايا تېخى شەكىلەنىڭ ئاكىسى پۇلنى ئەكىلىپ بەردىغۇ؟ - دىدى ئايال ھەيرانلىق بىلەن بىز گەپنى ئەمدى باشلىشىمىزغىلا.

- ئاكىسى؟ شەكىلەنىڭ ئاكىسى كەلمىگەن ئىدىغۇ؟ - دىدىممەن ئەجەپلىنىپ.

- ۋاي كۈندە سىلەر بىلەن بىرگە يۈرىدىغان ھېلىقى بالىچۇ؟ھەراست، پۇتى ئاجىز بالا!

رەھىمجان ئاكام؟ مەن تۇرغان جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم. رەھىمجان ئاكام قانداقسىگە بۇ ئىشلارنى بىلىپ قالغاندۇ؟ رەھىمجان ئاكام بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى دوختۇرخانىغا يېقىنلا جايدىكى بىر مېھمانسارايدا تۇرىۋاتقان بولۇپ، ئانچە - مۇنچە بازار ئايلانغاندىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئاساسەن دوختۇرخانىغا كىلىپ رەنانى مەكتەپكە بېرىشقا، شەكىلەنىڭ ئانىسى ئىككىمىزنى ئۆيگە قايتىپ دەم ئېلىشقا ھەيدەپ تۇراتتى. رەنا ئىككىمىز ياتاققا كىرسەك شەكىلەنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئانىسىلا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن رەھىمجان ئاكامنى سورىۋىدۇق. ئانا ئۇنىڭ بايا ماڭا بېرىپ قويۇشنى ھاۋالە قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بىر پارچە خەتنى ئۇزاتتى. دېرىزە تۈۋىدىكى ئورۇندۇققا كىلىپ ئولتۇرۇپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

«كامىلە، مەن قايتتىم. ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسىراڭ. بۇ يەرگە كىلىپ سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى كۆرۈپ، شەكىلە سەل ياخشىلانغاندا سىزنى قايتىدىن داۋالىتىپ سالامەتلىكىڭىز ئەسلىگە كەلگەندىن كىيىن سىزگە كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر تىككۈچىلىك دۇكىنى ئېچىپ بېرىپ ئاندىن

قايتىشــنى نىيەت قىلغان ئىدىم. بۇ ئەلۋەتتە بىر ئاكا بولغۇچىنىڭ ســىڭلىســىغا قىلىپ بېرىشــكە تېگىشلىك ئىشى ئىدى. لېكىن ئاخشام رەنا ئىككىڭلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ دوختۇرلاردىن ســوراشــتۇرۇش ئارقىلىق شــەكىلەنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولدۇم. بىلىمەن، شــەكىلە بۇ ھالدا ياتســا ســىز ھەرگىزمۇ بۇ پۇللارنى ئۆزىڭىزگە ئىشــلىتىشــكە قوشــۇلمايســىز...ئاۋال شــەكىلە ســاقايســۇن. ئۇنىڭغۇچە مەن ئۆيگە قايتىپ يەنە ئازراق پۇلنىڭ ئېپىنى قىلىپ كېلەي. ســىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇراي دەپ سىزگە ئاتاپ يانفون سېتىۋالغان ئىدىم، شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدۇم. چوقۇم يېنىڭىزدىن ئايرىماڭ. كاملىنى يوقلاشــــقا ئازراق پۇل قالدۇردۇم. نەچچە كۈندىن كېيىنكى جۈمە كۈنىدە ئۇنى يوقلاپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ئۇنىڭغا مىنىڭ سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ. ئۆزىڭىزنى چوقۇم ئاسراڭ. سىزنى ئاللاغا تاپشۇردۇم.كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ!

سىزنى مەڭگۈ قوللايدىغان ئاكىڭىز رەھمجان.»

خەتنى ئوقۇپ بولۇپلا شىرە ئۈستىدىكى يانفوننى ئېلىپ رەھمجان ئاكامغا تېلېفون قىلدىم. ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئىكەن. «ئاپتوبۇس قاچان قوزغىلىدىكەن؟ مەن ھازىر يېنىڭىزغا باراي» دېۋىدىم ئۇ «بولدى ئاۋارە بولماڭ كاملە، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا شەكىلە ئۈچۈن تۆلىگەن پۇللىرىنى چوقۇم قايتۇرىدىغانلىقىمنى، ئەمدى ئاۋارە بولۇپ كېلىپ يۈرمەسلىكىنى ئېيتىۋىدىم ئۇ «مېنى ئاكا ئورنىدا كۆرسىڭىز بۇنداق گەپنى قىلماڭ» دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

كېسەللىك ھايات يەنىلا ئۆز خاھىشىدا داۋاملىشىۋاتاتتى. شەكىلەمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك راۋان سۆز قىلالمىسىمۇ ھەر ھالدا ئۆز مەقسىدىنى ئىپادىلىيەلىگۈدەك بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ بارغانسىرى ناچارلىشىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلىدىكى داغلارنىڭ چىرايىدىكى تارتۇقلاردىنمۇ چوڭقۇر ئىز قالدۇرغانلىقىنى ســىزىپ تۇرغاچقا رەنا ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولاتتى.

ئايزىمخان ئانىمۇ شــەكىلەنىڭ داۋالىنىش ئىشــلىرىنى ســوراشــتۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپ تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ شەكىلەنىڭ خېلى بۇرۇنلا مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن مىسكىن چىرايىنى تېخىمۇ ئۈمىتســــىزلىك قاپلىغان ھالدا كۈن بويى ئاچچىق ئۇھســــىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان، ئارتۇق گەپ خۇشــــلىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇزۇن يىللىق قەددىناســــىدىن ئايرىلغاندىمۇ، يوقسۇزلۇقنىڭ ئالقىنىدا مۇجۇلغاندىمۇ، جاپا ـ مۇشەققەتلەر يەلكىسىنى باسقاندىمۇ قەيســەرلىك بىلەن ياشــاپ كېلىۋاتقان بىچارە مومايىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى بەربات بولغاندىكى مەغلۇبىيەتچىلەرگە خاس چۈشكۈنلىكى ھەر قانداق كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ ئەلۋەتتە.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۈتۈش دەقىقىلىرى، سېغىنىش دەملىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇزاپ كامىلنىڭ تۇرمىدىن چىقىش قەرەلىمۇ توشتى. كامىل قويۇپ بېرىلىدىغان كۈنى كېچىچە ھاياجاندىن كىرپىك قاقماي ئۆيلەرنى پاكىز تازىلاپ، ئۇ ئامراق تاماقلارنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇپ، ماشىنا ئۈچ يىلغا يېقىن ھەمرا بولۇپ كېلىۋاتقان ھاسا تايىقىمنى تۇنجى قېتىم تاياناماي ئۆيدىن چىقتىم. بۈگۈنكى ھاۋامۇ ماشىنا شۇنچە ئىللىق بىلىندى. پۈتۈن جاھانغا «بۈگۈن كامىل يېنىمغا قايتىپ كېلىدۇ» دەپ جار سالغۇم كېلەتتى. كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ چېھرىمۇ شۇنچە ئىللىق، خۇددى ھەممە كىشى بۈگۈنكى خۇشاللىقىمغا ئورتاقلىشىۋاتقاندەك خۇشھال كۆرۈنەتتى. تۇنجى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ماشىنىغان بولسامۇ ئاپتوبۇس ماشىنا شۇنچە ئاستا مېڭىۋاتقاندەك، كامىل مېنى تۇرمە ئالدىدا تەقەززالىق بىلەن كۈتىۋاتقاندەك، مېنى كۆرەلمەي ئۈمىتسىزلىنىپ ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتەتتى دە دەرھال ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ئالدىمغا قاراپ يۈگۈرگۈم كېلەتتى...

شۇنچە تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن دەملەر قەستەنگە كەينىگە سوزۇلۇپ كامىلنى چۈشكە يېقىن ئاران كۆرەلىدىم. ئۇنى ئۇنسىز ھالەتتە قانچىلىك قۇچاقلاپ تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. شۇ تاپتا كاللام قۇپقۇرۇق، نىملەرنى دېيىشنىمۇ بىلمەيتتىم. پەقەت خۇشاللىق ياشلىرىمنى ئۇنىڭ شۇنچە يىل دىمىقىمدىن ئۇچۇپ كەتكەن ھىدلىرى كېلىۋاتقان كۆكسىگە سەلدەك ئاقتۇراتتىم. ئۇمۇ ئۇنسىز ھالەتتە چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ كۆز يېشى قىلاتتى. بىر ـ بىرىمىزدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ، قېنىشماي مۇڭدىشىپ، يېرىم يولغا كەلگەندە رەنادىن تېلىفون كەلدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىنمۇ ھاياجانلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ چۈشتىن كېيىن رۇخسەت سوراپ بىزنى ئۆيدە ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

كېسەل،ئازاپ، غېرىپلىق تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان، رەنا كەلمىگەن كۈنلەردە تۆت تېمىنى مېنى يىلان كەبى چاقىدىغان بۇ ئۆي كامىلنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەنلا ئاجايىپ بىر شاتلىققا، ئىللىقلىققا چۈمدى. ئۆچەيلەن شۇنچە خۇشال، كەڭ ـ كۇشادە ئولتۇرۇپ تولىمۇ كۆڭۈللۈك غىزالانغاندىن كېيىن كامىلنىڭ «ئامىن» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرىشى بىلەن تەڭ قەلبىم ئاجايىپ تاتلىق بىر سېزىمدىن لەرزىگە كەلدى. ئائىلە دىگەن ئۇقۇم ئەر ئاتلىق تۈۋرۈككە شۇنچە مۇھتاج ئىكەنكى، ئەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغان ئۆيدىمۇ ھەممە نەرسە ئۆز قىممىتىنى تاپىدىكەن. كامىلسىز ھاياتنىڭ قانچىلىك تەمسىزلىكىنى يەتكۈچە تېتىغان بولسامۇ ئۇنىڭ قەدىمى بىلەن تەڭلا بۇ ئاددى كۈلبىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغا نۇرلىنىپ كېتىشى، ئۆزۈمنىڭمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرىكى غەمكىن، كېسەلچان تۇرقۇممۇ بىراقلا ھەممىدىن خالاس بولغاندەك يېنىكلەپ قالغان، ھەر بىر ئەينەككە قارىغىنىمدا كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىدىغان ھاسامنى يىراقلارغا چۆرۈۋەتكەن، ۋاقىتسىز

سارغىيىشقا باشلىغان مەسكىن چىرايىمغىمۇ خۇشاللىق بىلەن تەڭلا قىزىللىق يۈگۈرۈشكە باشلىغان ئىدى.

كامىل پۈتلىرىمغا تەپسىلى سەپسېلىپ، تارتۇق ئىزلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مىنى كۆپ جاپاغا قويغىنىنى، بۇ ھاياتىمدا بۇلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈنلا ياشـــايدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇڭلۇق كۆزلىرىنى ماڭا تىكىۋىدى. ئۇنىڭ قاراشـــلىرىدىن تېمۇۋاتقان ســـاپ مېھرىدىن ئالەمچە ئېپتىخارلىققا چۈمۈپ نەچچە ۋاقىتتىن تارتقان ئازاپ ـ جاپالىرىمنى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك يېنىكلەپ قالدىم. رەنا بىلەن كامىلمۇ شۇنچە تېزلا چىقىشىپ كىتىشتى.

ـ كامىل سەن ئېيتىپ بەرگەندىنمۇ نەچچە ھەسسە ياخشى بالىكەن جۇمۇ دوستۇم، ـ دىدى رەنا مەڭزىمنى يىنىك چىمداپ ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، ـ ئاللا ئىگەم سىلەرنى ئەمدى مەڭگۈ ئايرىمىسۇن. بەختىڭلارنى بەرسۇن.

ـ ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، رەھمەت ساڭا، ـ دىدىم مەنمۇ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

كامىل شـــەكىلەنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ باشـــتا تولىمۇ ھەيران قالدى، كىيىن ئۇنىڭغا ئىچىنىپ ئاچچىق ئۇھسىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇچەيلەن شەكىلەنىڭ يېنىغا باردۇق.

شـــەكىلە كامىلنى كۆرۈپ خۇددى كىچىك باللاردەك ئۈمچىيىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئۆرتەنمەي قالمايتى.

كامىل ئۆزىنى بېســـۋېلىپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن تەســـەللىلەرنى بەرگەن بولســـىمۇ كارىدورغا چىقىپ ئاچچىق ئۇھسىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

شەكىلەنىڭ مەسئۇل دوختۇرى بىزنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، شەكىلەنىڭ ئەمدى ئۆيگە قايتىپ كۈتۈنســە بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كېســـلىنىڭ ســـاقىيىشـــىغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كىتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا ئىقتىســـــادى جەھەتتىن كۆپ چىقىمدار بولىدىغانلىقى سـســرتىمدا ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمايدىغانلىقىنى، شـۇڭلاشــقا ئۆيگە ئەكىتىپ ھالىدىن ياخشـــى خەۋەر ئېلىشـــىمىزنى، قەرەلىدە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كېسىلىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرتۈپ، سىيلىشتۇرۇپ، دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ تۇرىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

شـــەكىلەنى دوختۇرخـــانـــىدىن ئۆيگە قـــايتۇرۇپ چىقتۇق. كىچىككىنە بۇ ئـــائىلىمىز يەنە مۇســـاپىرچىلىقتىكى ئاجىز ـ ئاجىزەلەرنىڭ بىر بىرىدىن تەســـەللى تاپقاندىكى زەرىرىچە شـــادلىقلىرىغا شـــاھىد بولدى. شـــەكىلە يەنىلا راۋان ســـۆزلىيەلمىگەچكە كىچىككىنە ھاياجانلانســـىلا كۆز يېشـــى

قىلاتتى. مىجەزى تولىمۇ چىڭقىلىماي ھەرقانداق ئۆزگىرىشلەرگە تېز ماسلىشىپ كېتىدۇ، بۇ ھەم ياخشى ئىش. ئەمما بەزىدە يېتەرلىك ئىنكاس قىلالمايدۇ، تاماقنى يېگىلى ئۇنىماي يېتىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ھەممىمىز ئۇنىڭغا كۆيۈمچانلىق بىلەن مېھىر سۈلىرىمىزنى سېپىپ ئۇنى سەگىتىشكە، مەسىلەن قەلبىنى ئازراق بولسىمۇ ئىللىتىپ، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنى قايتا ئويغىتىشقا تىرىشاتتۇق. لېكىن ئۇ ئەسەبىيلەشكەن پەيتلىرىدە ھەممىمىزگە ۋاقىراپ ـ جاقىراپ چۈشىنىكسىز بىرنەرسىلەرنى سۆزلەپ كېتەتتى ياكى بولمىسا تام تەرەپكە قاراپ كۆن بويى ئۈنسىز يېتىۋالاتتى.

رەھىمجان ئارا كۈندە بىر تېلېفون قىلىپ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى سوراپ تۇراتتى. كامىل چىققاندىن كېيىنمۇ تېلېفون قىلىپ جەم بولغىنىمىزنى تەبرىكلىگەن ۋە ئۇنىڭدىن ھال سوراپ خېلى ئۇزۇن مۇڭدىشقان ئىدى. ئايزىمخان ئانىغا شەكلەنى بىزگە تاپشۇرۇشنى ياكى ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىنى، بۇ ئۆيدە سەل قورۇنۇپ قالغۇدەك بولسا مۇشۇ قورودىن باشقا بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ بېرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ خېلى چىڭ تۇرغان بولساقمۇ ئۇ ئاخىرىدا «بولدى باللىرىم، سىلەرنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە رەھمەت. لېكىن مەن بۇ شەھەرگە بەك ئۆچ بولۇپ كەتتىم. بۇ ئاۋات، لېكىن شەپقەتسىز شەھەردىن شەكلەنى ئېلىپ كەتمىسەم كېرەك. تاش ئاستىدىكى قۇرۇت ـ قوڭغۇزغىمۇ رىزقى ئاتا قىلغان ئاللا بىزنىمۇ ئاچ قويماس. قىزىمنى ئاشۇ قوينى كەڭرى سەھراغا ئېلىپ كېتەي. ئۇنىڭ ھەممە ئازاپلىرى، بەختسىزلىكلىرى...مۇشۇ شەھەردە قالسۇن» دەپ كۆزيېشى قىلىپ بىزنى ئامالسىز قويدى.

ئايزىمخان ئانا يۇرتقا قايتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان كۈنلەردە مەن كامىلغا ئايزىمخان ئانا ۋە شەكلەلەر مېڭىشتىن بۇرۇن نىكاھىمىزنى ئۇقتۇرۇش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. چۈنكى ئۇلار كەتسە بۇ يەردە رەنادىن باشقا يېقىنلىرىمىزمۇ قالمايتتى. لېكىن، كامىلنىڭ خۇشاللىق ۋە خىجىللىق ئارىلاش ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تەكلىۋىمنى رەت قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم.

ـ ياق كامىلە، ـ دېدى كامىل كەسكىنلىك بىلەن كۆزلىرىنى مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ئېلىپ قېچىپ تۇرۇپ، ـ بىز چوقۇم ھالاللىق پاتىھەسىنى ئوقۇتىمىز. لېكىن، شەرىئەتتىمۇ نىكاھ ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن ئەر كىشى قىز تەرەپكە بىرەر سوۋغات بېرىپ رازىلىقىنى ئېلىشى كېرەك دېيىلگەن. بىلىمەن سەن مەندىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايسەن، لېكىن، مېنىڭ ئەرلىك ۋىجدانىم بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. مەن ئۆز ئەمگىكىمگە تايىنىپ سېنى ئەمرىمگە ئالىمەن. ساڭا بىرەر ئەستىلىك قىلغۇدەك نەرسە ئېلىپ بېرىشىم، شۇنداقلا نىكاھىمىزنى ئوقۇغان موللامنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم تاپقان پۇلنى قويۇشۇم كېرەك. نىكاھسىز بىر ئۆيدە تۇرۇش ھارام بولغان بىلەن بىز نا شايان ئىشلارنى قىلمىدۇق. ساپ ئەقىدىمىز بىلەن ياشاۋاتىمىز. قائىدە ـ ئەھكاملاردىن چەتنىمىدۇق. شۇڭا سەن ئارتۇق ئويلىماي

مىنىڭ قەلبىمنى چۇ شەنگىن. بىلىسەڭ مىنىڭمۇ ھازىرلا سەن بىلەن ھالاللانغۇم، سېنى ھەر كۈنى باغرىمغا تېڭىپ ياشىغۇم بار...چوڭلارنى رازى قىلماي بۇسۇغىدىن ئاتلىغىنىمىز ئۈچۈن ياراتقۇچىمىز بىزنى خېلى جازالىدى. ئەمدى مۇدھىش كۈنلەرمۇ تۈگىگەندۇ. ماڭا ئازراق ۋاقىت بەرگىن، ـ دېدى.

مەن ئۇنىڭ سەممىيەت ۋە خىجىللىق ئارىلاش سۆزلىگەن سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆز ـ ياشلىرىمنى توختىتالماي قالدىم. توغرا، مەن ئۇنىڭدىن ھېچنىمە تەلەپ قىلمايمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە قانچىلىك جاپا تارتسامۇ مەن رازى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئويلىغانلىرىغا يەنە قارشى چىقىشنى لايىق كۆرمىدىم ۋە قىزلىق ھايانىڭ تۈرتكىسىدە ئارتۇق سۆزلىمەي بېشىمنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدۇم.

ئىككى كۈندىن كېيىن شەكىلە ۋە ئايزىمخان ئانىنى ئۇزۇتۇپ قويدۇق. شەكىلە مېڭىش ئالدىدا كۆزلىرىنى تۆيۇقسىزلا ئەنسىزلىك قاپلىغان ھالدا كامىل ئىككىمىزگە جىددى تۇستە بىر نىمىلەرنى دىگەن ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى «پەرھات» دىگەن سۆزنى ئىلغا قىلالىدىم ۋە «خاتىرجەم بول ئاداش، كامىل ئىككىمىز پەرھاتنى يوقلاپ، ساڭا خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرىمىز» دەپ ۋەدە بەردىم.

شەكىلە كەتتى. يەنە ئاشۇ قوينى كەڭرى ئانا سەھراغا كەتتى. لېكىن ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى شەكىلە ئەمەس. مۇشۇ قىسقىغىنە نەچچە يىلدا تارتقان ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرى، جاپا ـ مۇشەققەتلىرى، ئۆتكۈزگەن خاتالىق ـ گۇناھلىرى ئۇنىڭ كېسەللىك ۋەجىدىن ھالسىرىغان نېرىپلىرىنى بىر ئۆمۈر غىدىقلاپ ئازاپلىشى مۇمكىن. مەن ئۇنىڭ جىسمانى ۋە روھى جەھەتتىن تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىنى ھەر بىر ۋاق نامىزىمدا (خۇدادىن تىلىدىم دەپ ئېيىلىك، ژۇرناللار ھازىر دىنىي ئىبارىلەرگە بەك سەگەك) تىلەيتتىم.

رەھىمجان ئاكام تېلېفون قىلىپ،بىزگە ئاتاپ ئازراق پۇل راسلاپ قويغىنىنى، پات يېقىندا ھېلىقى شوپۇر دوستىدىن ئەۋەتىدىغىنىنى ئېيتقان ئىدى. كامىل ئىككىمىز ھازىر ھال ـ ئەھۋالىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى، ئۇ پۇلنى ئەۋەتمەسلىكىنى ئېيتىپ چېك تۇرىۋالدۇق ۋە ئۇنىڭدىن شەكىلەلەرگە ياردەم قىلىپ تۇرىشىنى ئۆتۈندۇق. ئۇ بىزگە ماقۇل بولدى. ئۇ ھەر ھەپتىدە دېگۇدەك شەكىلەلەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ بىزگە تېلېفون قىلىپ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئايزىمخان ئانىدىن بىلىشىمىزچە، ئۇلار يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن ھېلىقى بېشەم كىلىنى شەكىلەنىڭ بىر زەمبىل گۆش بولۇپ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ كىتىپتۇ ۋە مەھەللىدىكىلەر ئالدىدا شەكىلەنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى سۆزلەپ يۈرگەندىن سىرت ھەر كۈنى ھويلىغا

چىقىپ ئانا ـ بالا ئىككىسىنى دارتىملاپ تىللاپ كۈن بەرمەپتۇ. بىر كۈنى ھويلىدا كىر يۇيۇپ ئولتۇرغان ئايزىمخان ئانىنى كېلىنى تازا تىللاۋاتقانلىقىنىڭ ئۈستىگە كىلىپ قالغان رەھىمجان ئاكام ئۇ رەھىمسىز، بېشەم خوتۇننى تازا تىللاپ شۇ كۈنى كەچتىلا ئانا ـ بالا ئىككىسىنى شەھەردىكى ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كىتىپتۇ ۋە نەچچە كۈنگە قالمايلا ئۇلارغا ئاددىغىنە ئىككى ئېغىزلىق زېمىنلىق ئۆي ئېلىپ بېرىپ، كۆچۈرۈپ قويۇپتۇ. ھازىر رەھىمجان ئاكام ئارا كۈندە بىر ئۇلارغا كېرەكلىك لازىمەتلىكلەرنى ئەكىلىپ بېرىپ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىۋېتىپتۇ.

ـ ئاللاھ ئىگەم نىمىلا بەرسە مۇشۇ رەھىمجان بالامغا بېرەر، ـ دەپ كۆز يېشى قىلدى ئايزىمخان ئانا تېلىفۇندا، ـ ئۆزۈم ئون ئاي، ئون كۈن قوساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ، بېقىپ چوڭ قىلغان بالامدىن كەلمىگەن ۋاپا مۇشۇ رەھىمجان بالامدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق كىلىۋاتىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ياخشىلىقلىرىن خىجىل بولۇپ، ئويۇلۇپ ئۆزۈمنى قويغۇدەك يەرمۇ تاپالماي قالىمەن...

ئايزىمخان ئانىنىڭ ھەر بىر قېتىمقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كىيىن كامىل ئىككىمىزنىڭ رەھىمجانغا بولغان ھۆرمىتىمىز تېخىمۇ ئاشاتتى. ئۇنىڭغا تېلىفۇن قىلىپ تەكرار رەھمەت ئېيتىپ كىتەتتۇق.

ـ ۋاي ئادەمنى خىجىل قىلماڭلار، ئايزىمخان ئاپامۇ ئۆزۈمنىڭ ئاپىسىغا ئوخشاشلا بىر ئاپا. مۇشۇ ياشقا كىرگەندە بولسىمۇ ئۇنچىلىك غەمدىن خالاس ياشىمىسا بولماس؟ ھېلىمۇ شەكلەنىڭ ھالىدىن قېرىپ قالغىنىغا قارىماي ئۆزى خەۋەر ئېلىپ كىلىۋاتىدۇ، ـ دەيتتى رەھىمجان دەرھال گەپنى باشقا ياققا بۇراپ بىزدىن ئەھۋال سوراپتى ياكى چوڭلارنىڭ خەۋرىنى بىزگە يەتكۈزۈپ كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇراتتى.

كاملىمۇ ئۇننەچچە كۈندەك بازار ئارىلاپ، ئىش ئىزدەپ يۈرۈپ «ئىتتىپاق» تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك بوتكىدا ئامانلىق قوغداش خىزمىتى قىلىدىغان قۇربانجان ئاكا دىگەن كىشى بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. ئۇ ئادەم كامىلنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانسىرى ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭمۇ ئىلگىرى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە يېڭى كەلگەن چاغلىرىدىكى تەمتىرەپ ئىلاجىسىز قالغان چاغلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇنىڭغا نەچچە كۈنگە قالماي بىرەر ئىش تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

كامىل خۇشاللىقىدا ئۆيگە كىلىپ بۇ خۇشخەۋەرنى ماڭا يەتكۈزدى ۋە ئۇ كىشىنىڭ يۇمۇرىستىك، قىزىقارلىق سۆزلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ مېنىمۇ تازا ھارغۇچە كۈلدۈردى. ئۇ كىشى ئۆمرىدە توي قىلمىغان بويتاق بولۇپ بۇ شەھەردە ئۇرۇغ ـ تۇققىنىمۇ يوق ئىكەن. ئىتتىپاق يولى

ئۆيغۇرلار ئەڭ كۆپ رەستىلەرنىڭ بىرى بولغاچقىمۇ ياقا يۇرتلاردىن مۇساپىر بولۇپ كېلىپ، بۇ كوچىدا تېنەپ قالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇ كېشىگە ئۇچرايدىكەن. بەزىدە ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە ۋاقىتلىق پاناھلىنىپ يېتىپ قالىدىغانلارنىڭ كۆپلىكىدە ئۆزىگە ياتقۇدەك ئورۇنمۇ قالماي نۆۋەتچىلىك نۆۋەتى باشقىلاردا بولسىمۇ ئاشۇ نۆۋەتچىخانىدا تۈنەيدىكەن. كامىل ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى ئۆيگە تاماققا تەكلىپ قىلماقچى بولدۇق.

ئەتىسى كەچتە مەن نەچچە خىل تاماقنى تەييار قىلىپ ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغاندا كامىل ئۇ كىشىنى ئۆيگە باشلاپ كىردى.

قۇربانجان ئاكا ئېگىز بويلۇق، بەستلىك، قارامتۇل كىشى بولۇپ دەسلەپتە قارىماققا سۈرلۈك كۆرۈنگىنى بىلەن ھەقىقەتەن خۇشچاخچاق، ئۇچۇق مىجەزلىك كىشى ئىكەن. گەپ ـ سۆزلىرىدىنلا نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى، ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىنىڭ كۆپلىكى چىقىپلا تۇرىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆي تامىقى يەپ باقمىغىلى ئۇزۇن بولغانلىقى ئېيتىپ تاماقلارنى ماختاپ تۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن يېدى.

ـ مىنى «قارا قۇۋان» دېسە دۆڭكۆۋرۈك تەۋەسىدە تونۇمايدىغانلار يوق دېيەرلىك، ـ دەپ گەپ باشلىدى ئۇ تاماقتىن كېيىن. بىرەرسى بىلەن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ مۇڭدىشىپ باقمىغىنىمىزغىمۇ نەچچە يىللار بولغاچقا ئۇنى ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۋالغىنىمىزدىن كېيىن، ـ كىچىكىمدە بۇنچىۋالا قارىمۇ ئەمەستىم. ـ دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، ـ ئىسمىنى بىلسەم دادام يوق ئىكەن. ئاپامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە دادام مەندىن بىر ياشلا كىچىك ئىنىم تۇغۇلۇپ يېرىم يىلمۇ بولماستىلا تۇيۇقسىز تۈگەپ كېتىپتىكەن. غۇربەتچىلىك يىللاردا ئاپام بىزگە تويغۇدەك تاماق يىگۈزەلمىسىمۇ بەك ئەتىۋارلايتى. ئىنىم ئىككىمىزنى بىر قەدەممۇ يېنىدىن ئايرىغۇسى كەلمەيتى. كىچىكىمدە بۇنچىلىك چوڭ بولالايدىغانلىقىمغا كۆزۈممۇ يەتمەيتى. شۇنچە ئاۋاق ـ ئاجىزلا بالا ئىدىم. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك 13 ياشقا كىرگەن يىلىم تۇيۇقسىزلا ئاغرىپ قالدىم. پۈتۈن بەدىنىمگە قاپارتمىدەك بىرنېمىلەر چىقىپ توختىماي تىترەيتىم. نېملا يېسەم سىڭمەيتى. بارغانسېرى ئاجىزلاپ قوپالماي يېتىپلا قالدىم. بىچارە ئاپام ئاڭلىغان، بىلگەن ئامالLARنىڭ ھەممىنى قىلىپ باقتى. تېۋىپقا كۆرسىتىپ، موللىغا ئوقۇتۇپ...دېگەندەك. لېكىن، ھېچقايسىسى كېسىلىمنى تاپالمىدى.

ـ بۇ بالىغا سەپەردىكى جىن چاپلىشىۋاپتۇ. شۇڭا ئەرۋاھقا ئايلىنىپ قالاي دەپتۇ، ـ دېدى ياسىن موللام ئالغاي كۆزلىرىنى تېزلىك بىلەن چۆرگىلىتىپ ئولتۇرۇپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاس قالدى ئاپامنىڭ كۆزىمۇ ئۆزىنىڭ ئالغاي كۆزلىرىدىنمۇ تېز چۆگىلەپ كەتكىلى...

كامىل ئىككىمىز ئۇنىڭ يۇمۇرىستىك گەپلىرىگە كۈلكىمىزنى زورىغا بېسىۋېلىپ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تېخىمۇ تەقەززا بولۇپ ئولتۇراتتۇق.

ـ بۇنىڭ ئامالى، ـ دېدى موللام گېلىنى قىرىپ قويغاندىن كېيىن، ـ يەتتە ئۆيدىن ئۇن، يەتتە ئۆيدىن ماي تىلەپ، پوشكال پۇشۇرۇپ، تىكىنى جىقراق شوخىغا پوشكالنى سانجىپ، تۆت كوچا دوقمۇشىغا سانجىپ قويۇپ، ئالدى ـ كەينىلىرىگە قارىماي ئۆيگە يېنىپ كىرسىلە، ـ دەپ يول كۆرسەتتى.

ئەتىسى ئاپام يۈزىنى چۈمپەردە بىلەن يۆگەپ خۇلۇم ـ قوشنىلارنىڭكىدىن ئۇن، ماي تىلەپ ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە پوشكالنى دوقمۇشقا سانجىپ قويۇپ كەلدى.

بىچارە ئاپام ھەركۈنى دېگۈدەك نامازشام ۋاقتى بىلەن چاپىنىمنى سۈپۈرگىگە ئارتىپ ئۆينىڭ ئەتراپىنى چۆگىلەپ «قۇربانجان بالام قايتىپ كىلىڭ» دەپ روھىمنى چاقىراتتى. لېكىن مەندە ئازراقمۇ ياخشىلىنىش بولماي ئەكسىچە تېخىمۇ ئاجىزلاپ، ئورۇقلاپ ئىسكىلىتقىلا ئوخشاپ قالدىم. ئاخىر بولماي ئاپام مىنى قوشنىلاردىن سوراپ ئالغان ئىشەك ھارۋىسىغا سېلىپ يېزا دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە تەكشۈرۈپ بىردەمدىلا كېسىلىمنى تاپتى، ئە سىلدە ماڭا چېچەك چىققان بولۇپ بەدىنىمنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن قىزىتمام ئۆرلەپ، ھەزىم قىلىش سىستېمامدىنمۇ ئېغىر چاتاق چىققان ئىكەن. كېسىلىم بارا ـ بارا ياخشى بولغان بولسىمۇ ۋاقتىدا داۋالىنالمىغانلىق سەۋەبىدىن تېرەم مۇشۇنداق قارىداپ قالدى. بۇنى «چېچەكتە كۆيۈپ كەتكەن» دەيدىكەن. ھەرتەرەپتىن قىلغان داۋا ـ سەۋەپلەرنىڭ تە سىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر كېسىلىم ساقايغاندىن كېيىنلا بوي تارتىپ، ئۈستىخانلىرىممۇ يوغىناپ 15 ـ 16ياشلاردىلا مۇشۇنداق بەستلىك بولۇپ كەتتىم. 16 ياشقا كىرگەن يىلىم ئىنىم ئۆيدىن چىقىپ كىتىپ بىرەر يىلغىچە ئىز ـ دېرىكى بولمىدى. ئىنىمنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ يۈرگەن ئاپام تۇيۇقسىزلا ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان يېرىدىلا يىقىلىپ چۈشۈپ تۈگەپ كەتتى. يىغلاپ ـ قاقشاپ يۈرۈپ ئاپامنىڭ مىيىتىنى ئۆزۈم يالغۇز ئۇزاتتىم. بۇ يۇرتتا تارتىشقۇدەك ھېچنىمەم قالمىغاچقا، ئىنىمنى ئىزدەپ تېپىش نىيىتىگە كىلىپ يۇرتتىن ئايرىلىپ چىقىپ يۇرتمۇ ـ يۇرت ئىنىمنىڭ دېرىكىنى قىلىپ يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە كەلدىم. ھەي...! مەن كۆرمىگەن قايسى ئىش، قايسى كۈن قالدى دەيسىلەر؟! قىلمىغان ئىشىم ئاز مىنىڭ. يىتىمچىلىكنىڭ دەردىنى يىتىپ ئاشقۇدەك تارتىپ يۈرۈپ ئىنىمنى ئىزدىگەن بولسامۇ خەۋىرىنى

ئالالمىدىم. ئۇنى ئىزدەپ ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىمۇ كىرىپ چىقتىم. مەن ياتمىغان تاغنىڭ باغرى، ناۋايلارنىڭ تونۇر بېشى، كۆۋرۈك ئاستى قالمىغان.

- نىمىشقا مۇشۇ كەمگۈچە ئۆيلىنىشنى ئويلىمىدىڭىز؟ - دەپ سورىدى كامىل ئۇنىڭدىن ئەجەپلىنىش بىلەن.

- ۋاي نىمىسىنى دەي ئۇكام؟! دەسلەپتە «كانايغا يوق ، سونايغا نەدە» دەپ يېتىمچىلىك، مۇساپىرچىلىقتا ماڭا تېگىدىغان خوتۇن نەدە؟ شۇندىقى چىقسىمۇ ئالسامۇ مەن بىلەن تەڭ قىينالمىسۇن، ئىنىمنى تاپقاندا بىر گەپ بولار دىدىم. يىللار ئادەمگە باقمايدىكەن، مانا ھەش - پەش دېگۈچە يېشىم بىر يەرگە بارغىلى تۇردى. ئەمدى تەگكەن خوتۇن قانچىلىك ئاش بولۇپ كىتەر دەيسەن؟

- ئىنىڭىزنىڭ ھازىرغۇچە خەۋىرى يوقمۇ؟ - دەپ سورىدىم مەن.

- ياق، خەۋىرى چىقىپمۇ تۇرىدۇ، ئۇيەردىكەن، بۇ يەردىكەن دەپ. لېكىن، شۇنچە ئىزدەپ تاپالمىدىم. ئەتراپىمدىكىلەر مىنى«يولدىن ئۆتكەن ئادەملەرگە ياتاق، پۇل بېرىدۇ» دەپ مازاقمۇ قىلىشىدۇ. لېكىن، مەن ئويلايمەن، مىنىڭ ئاشۇ بىچارە مۇساپىر ئىنىممۇ كىملەرگە تەلمۈرۈپ ياشاۋاتىدۇ، ياراتقان ئىگەم ئۆزى بىلىدۇ. مەن يېتىمچىنىڭ بېشىنى سىلىسام ئاشۇ ئىنىمنىڭمۇ بېشىنى سىلايدىغان ئادەم چىقار دەپ ئويلايمەن. بېشىغا كۈن چۈشۈپ كىلىپ قالغان ئەرلەر بولسا ئۆيۈمدە ياتقۇزىمەن، ئاياللار بولسا بىرەر كۈن تاماق يىگۈدەك، ياتاقتا ياتقۇدەك پۇل بېرىمەن. مەن بىلەن ئىشلەيدىغان ياسىنئاخۇن «بۇ قارا قۇۋان ھەر كۈنى كەچتە قىز - چوكانلارغا پۇل تارقىتىدۇ» دەپ مازاقمۇ قىلىدۇ. ئېيتىڭلارچۇ، مەن پۇلنى ئاياپ - يىغىپ نەگىمۇ ئاپىرارمەن؟ ئاشۇ ياتقىلى جاي، يىگىلى ئاش تاپالمىغان باللار خەقنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ قالمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئاشۇ بېشىغا كۈن چۈشۈپ كىلىپ قالغان قىز - چوكانلار ياتىدىغان يەر، يەيدىغان ئاش ئۇچۇن ئامالسىز يولدىن ئازمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ دەردىنى تۆگىتىپ بېرەلمىسەممۇ ئاشۇ بىر كۈنى ئۆتۈپ كەتسىلا ئەتىسى ئۇلارنىڭ پىشانىسىگە قايسى ياخشى تەقدىر پۈتۈلگىنىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئاشۇنداق كىچىككىنە ياردىمىم، مەسلىھەت كۆرسىتىشىم بىلەن تۇرمۇش يولىنى تۇتۇپ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ ياشاۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. ھەر بىر ھېيتتا ئۇلار مىنى يوقلاپ كىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى يا شاۋاتقىنىنى كۆر سەم ئۆزۈممۇ خۇش بولۇپ كىتىمەن. ھازىرغۇچە ھاياتتىن ئالغان ئەڭ چوڭ ھوزۇرۇم يېتىمچىلارنىڭ بېشىنى سىلاپ تەمتىرەپ قالغانلارغا يول، ئېرى يوققا ئەر، خۇتۇنى يوققا خۇتۇن تونۇشتۇرۇپ ,ئۇلارنىڭ كۈلكىسىنى كۆرۈش دىسەممۇ بولىدۇ. ئۆيىدىن يامانلاپ چىققان نەچچە بالىنى ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ ئاتا - ئانىسىغا

خەۋەر يەتكۈزۈپ، قوللىرىغا تاپشۇرۇپمۇ بەردىم. ئاشۇنداقلارنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكاتىدىن مانا سىلەردەك ياخشى باللار قەدەمدە بىر ھۆرمەتمنى قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ھاياتتا ئەمدى شۇ كۆزۈم يۇمۇلغۇچە ئىنىمنى تېپىشتىن باشقا ئارمىنىممۇ يوق. مەن مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، قارا قورساق ئادەممەن ئۇكىلىرىم. تولا گەپ قىلىپ سىلەرنىمۇ زېرىكتۈرۈپ قويماي، ئاستا ئۇۋامنى تېپىۋالاي، ـ دەپ ئورنىدىن قوزغالدى قۇربانجان ئاكا گېپىنى قىسقارتىپ.

ـ ۋاي نىملەرنى دەۋاتىدىغانسىز ئاكا، ـ دىدى كامىل ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، سىزنى قانداقمۇ «ئىچى ـ تېشى قارا»دېگىلى بولسۇن؟ سىزدە بار قاردەك ئاپئاق قەلبنى ۋياراتقان ئىگىمىز كۆرۈپ تۇرىدۇ. كەتمەڭ ئاكا، بۇگۈن سىز بىلەن مۇڭدىشىپ كۆڭلۈممۇ ئېچىلىپ قالدى. بىزنىڭمۇ بۇ يەردە نە ئۇرۇغ ـ تۇققىنىمىز، نە دوست ـ بۇرادەرلىرىمىزمۇ يوق. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىم مىنىڭ بەختىم! مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىڭ.

قۇربانجان ئاكا شۇنچە تۇتقىنىمىزغا قارىماي «كېچىلىك ئىسمىندا ئىشلەيتىم، ئەتىگەنلىككە سەن يېنىمغا بارغىن» دەپ ئۆزرە سوراپ قايتىپ كەتتى.

ئۇ كەتكەندىن كىيىن ئۇزۇنغىچە ئادەمىيلىكى، ئىنسانى خىسلەتلىرى ھەققىدە خېلى ئۇزۇن مۇلاھىزىلەرنى قىلىشتۇق. ئۇ كىشىگە بولغان ھۆرمىتىمىز ھەسسىلەپ ئاشتى. كىشىلىك ھاياتتا ھەر كىشىنىڭ تاللىغان يولى، مىزانى ۋە ئۆز ئەقىدىسى بولىدۇ. قۇربانجان ئاكا دەل ئۆز ئەقىدىسى ۋە تاللىغان يولىدا بىر ئۆمۈر تەۋرەنمەي ياشاۋاتقان ھالال كىشىلەرنىڭ ئۈلگىسى ئىدى.

راست دېگەندەك قۇربانجان ئاكا كاملىغىمۇ كۆپ ياردەملەرنى قىلدى. ھەر تەرەپكە قاتراپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ئىزدەپ يۈرۈپ «ئىتتىپاق» تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن ھەل قىلىپ بەردى. بۇ يەردە تىجارەت قىلىۋاتقانلار يازداسوغۇق ئىچىملىك، ماروژنا، قوغۇن ـ تاۋۇز تىلىپ ساتىدىكەن. قىشتا گازىر ـ موخۇركا ساتىدىكەن. ھەر ھالدا ھەممىسىنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىكەن. چاتاق يېرى بۇ يەرنىڭ ئىجارىسى ۋە باشقۇرۇش ھەققى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ باشتىلا بىر يىللىقنى ئاۋال تۆلىشىمىز كېرەك ئىكەن .قۇربانجان ئاكا كۆپ ئامالنى قىلىپ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ئىزدەپ يېرىم يىللىقنى تۆلىشىمىزگە ماقۇل قىلىپتۇ. مەن «كامىل چىقسا ئىشلىتەرمىز» دەپ يىغقان پۇللىرىمنىڭ كۆپ قىسمىنى شەكلەنى داۋالىتىش جەريانىدا ئىشلىتىۋەتكەن بولغاچقا قۇربانجان ئاكىدىن قەرز ئېلىپ يۈرۈپ بۇ پۇللارنى ئاران تولدۇردۇق. كامىل بىر ئۇستەل ۋە ئىككى دانە تاۋۇز تىلىدىغان قىڭراق سېتىۋېلىپ سودا ئىشىنى باشلاشنىڭ ھەلەكچىلىكىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ دەسلەپكى كۈنى مىۋە ـ چىۋە، كۆكتات بازىرىغا تاۋۇز ـ قوغۇن سېتىۋالغىلى بارغاندا پاتەمخان ئاچىنى يوقلاپتۇ ۋە تونۇشلاردىن روزى ئاكىنى سۈرۈشتە قىلىپتۇ.

پاتەمخان ئاچىنىڭ باللىرى خېلى چوڭ بولۇپ قالغان بولۇپ ئالدىنىڭ سودا ـ سېتىققا ياردىمى تېگىشكە باشلاپتۇ. روزى ئاكام تۇيۇقسىزلا غايىپ بولغىلى بىرەر يىلدەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. بەلكىم يۇرتقا قايتقاندۇ دەپ ئويلىدۇق.

كەچتە كەيپى خۇ شال قايتىپ كەلگەن كامىل قولۇمدىكى كانۋاي گۈللىرىنى ئېلىشىپ تۇرۇپ بۇگۈنكى سودا سىنىڭ ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولغىنىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى. ئەلۋەتتە ئۇ ئۆزى تاپقان پۇلنىڭ لەززىتىدىن ھوزۇرلىنىشقا، سۆيۈنۈشكە ھەقلىق ئىدى. ئۇ ئاخىرىدا پاتەمخان ئاچىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئوخشاش قىلىپ دۈۋىلەنگەن كۆكمۇچلارنى ئانچە ئۆلچەملىك بولمىغان خەنزۇچىدا «يى دۇي يى كوي، يى دۇي يى كوي» دەپ توۋلاشلىرىنى ھەركەتلىرى بىلەن دوراپ بېرىپ مىنىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى.

ـ ئۇ باللار ھازىرمۇ شۇنداق كىيىم كىيمەي مەيدانغا چىقىۋالامدىكەن؟ ـ دەپ سورىدىمەن كۈلكەمنى مىڭ تەستە بېسىۋېلىپ.

ـ ئاستى تەرەپكە كىيىم كىيىشنىغۇ ئۆگىنىپتۇ. لېكىن يۇز ـ قولنى يۇيۇشنى تېخى ئۆگەنمەپتۇ ئۇلار، ـ دىدى كامىل ، ـ ئۇلارنىڭ يۇزلىرى يەنە شۇنداق شالتاق (قاسماق) ھەم شۇنداق ئوماق تۇرۇپتۇ. ھە را ست، پاتەمخان ئاچىمىزنىڭ سىنى بەك كۆرگۈ سى كەپتۇ. ۋاقتى چىققاندا كىلىپ ئولتۇرۇپ كەتسۇن دەيدۇ.

ـ مەنمۇ ئۇلارنى يوقلاپ كىلىشنى ئويلىغان. لېكىن ئۆتمۈشنى ئويلىغۇم، شۇ تەرەپكە پەقەتلا بارغۇم كەلمىگەن ئىدى. ئەمدى ھەممە ئىش جايىغا چۈشتى. يېنىمدا سىز بار كۆڭلۈممۇ توق. ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ كىلەي. ـ دىدىممەن.

ـ ھېلىقى ھاشىم دېگەنمۇ بېشىنى يەپتۇ، ـ دىدى كامىل بىر ئۇھسىنىۋەتكەندىن كىيىن.

ـ ھە، نىمە بوپتۇ ئۇ نىمىگە؟

ـ سىرتتا مەخپىي ئالغان يەنە بىر خوتۇنى باركەنمىش. خوتۇنى بىلىپ قېلىپ ئىككى خوتۇن ئۇرۇشۇپ بىرسى ئۆلۈپ، بىرسى تۇرمىدىكەن.

ـ قايسى ئۆلۈپتۇ؟

ـ سىرتتىكى خوتۇن ئۆلۈپتىمىش. ھېلىقى ھازازۇل تۇرمىدىكەن. پاتەمخاچامىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ خوتۇن تۇرمىگە كىرگەندىن كىيىن نېرۋىسىدىن چاتاق چىقىپ نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدىمىش. ھېچكىمنى تونىمايدىكەن دەيدۇ.

ـ توۋا . . . جاھانغا پاتمىغۇدەك ھەيۋەسى ۋە كىبىرسى بار ئىدى. بېشەملىكى بېشىغا چىقىپتۇ. لېكىن، بار بولغۇلۇق باللىرىغا بولىدۇ ـ دە؟

ـ شۇنى دېگىنە، ئۇ ھاشىم دىگەن ئېپلاسىمۇ «توپ سېتىش بازىرى ماڭا ھارام بولدى» دەپ لاقا ـ لۇقلىرىنى سېتىپ باللىرىنى ئېلىپ ئىچكىرىگە كىتىپتىكەنمىش. كىيىن ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئاڭلىشىچە ئىچكىرىگە ئاپارغان پۇللىرىنىڭ ھەممىنى قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىپ باللىرىنى ئوغرىلىققا سېلىپ كۆن ئۆتكۈزىۋېتىپتۇ، دىيىشىۋاتىدۇ.

كاملىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يەنىلا ئىختىيارسىز مۇڭلىنىپ قالدىم. باشقىلارغا يامانلىق قىلغان، نىيىتى دۇرۇس ئەمەس كىشىلەرنىڭ ھامىنى يامان كۈنگە قالىدىغىنىنى كىتاپلاردىن كۆپ ئوقۇغان بولساممۇ ئۇلارنىڭ قىسقىغىنە بىر نەچچە يىلدىلا بۇنچىلىك ئېغىر ئاقىۋەتكە دۇچار بولغىنىغا يەنىلا خۇش بولغۇم كەلمىدى. ئىنسان يۈرىكى يەنىلا گۆشتىن يارالغان ئىكەن. ھاشىمنىڭ ئايالىغا ۋە باللىرىغا ئېچىندىم. ئاشۇنداق مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەرنىڭ تىنىدىن ئاپىرىدە بولۇپ قالغانلىقى ئۇ ناردىسىدىلەرنىڭ گۇناھى ئەمەسقۇ؟ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى بەدىلىگە بىچارە باللار قارا قىسمەتلەرگە دۇچار بولماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؟ بەلكىم، ئۇ باللارغىمۇ خۇدانىڭ بۇيرىغان كۈنى باردۇر. . .

ـ سودام مۇشۇ پېتى يۈرۈشۈپ كەتسە، قۇربانجان ئاكامدىن قەرز ئالغان پۇللارنى قايتۇرۇپ بولسام، ـ دەپ خىيالىمنى بۆلدى كامىل قىززىق چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىغاچ. ـ سەنمۇ ئەمدى بۇ كەشتىچىلىكنى قىلمىغىن. سېنىڭ كېسىلىڭگە كۆپرەك ھەركەت قىلىپ بېرىشىڭ كېرەك. سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپ، ھاۋا يەپ، زېرىكسەڭ مېنىڭ يېنىمغا بېرىپ بازار كۆرگەچ ماڭا ھەمرا بول. سېنى ھېلىمۇ كۆپ جاپالارغا قويدۇم.

ـ ئۇنداق دىمەڭ كامىل، بۇ ئىشلار ماڭا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان ئىشلار. ھالال ئىشىنىڭ بەركىتىنى ئاللاھ بېرىدۇ. ھەرئىككىلىمىز بۇ پۇرسەتتە تىرىشايلى. ئۆمرىمىز بۇنداق ئۆتۈپ كەتمەس. ئەتە ـ ئۆگۈن تۆت قولاق ئالتە بولارمىز. يەنە، يەنە تېخى چوڭلارنىڭ ئالدىغا بېرىش نىسىپ بولغان كۈنلەردىمۇ ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن يەنىلا پۇل لازىم بولىدۇ. بۇ كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان ئىش، ئۆزۈممۇ قىلغانسىرى كۆنۈپ قالدىم. سىز چىققاندىن بېرى كۆڭلۈم توق، كېسەللىمنىمۇ ئۇنتۇلۇپلا قالدىم. ھازىر بىرەر يېرىممۇ ئاغرىمايدۇ. مەندىن ئەنسىرىمەڭ.

كامىل بىلەن چوڭلار ھەققىدە مۇڭدىشىپ، يۇرتقا، ئاتا ـ ئانىمىزغا بولغان سېغىنىشىمىز تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدەك بولدۇق. خۇپتەن نامىزىمىزدا (كەچتە دەپ ئېلىمەك) ئۇلۇغ ئاللاھتىن

گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلىشىنى، ئىشلىرىمىزنىڭ تېزرەك يۈرۈشۈپ كېتىشىنى، چوڭلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ كەچۈرۈم، رازىلىقىنى ئېلىشنى، يۇرت ـ جامائەتنىڭ ئالدىدا يۈزىمىز يورۇق بولۇپ، بارچىنىڭ بىزنى قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىشنى تىلىدۇق.

ياز ئايلىرى تېزلا ئاخىرلىشاي دەپ قالغان ئىدى. كامىل كۈندە تاپقان پۇللارنى ئەكىلىپ مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزاتتى. مەن ئۆزۈم ئىقتىساتچىللىك بىلەن يىغقان پۇللارغا ئۇنىڭ تاپقانلىرىنى قوشۇپ، تۇرمۇشىمىزنى پىلانلىق ئۆتكۈزەتتىم. بىرەر كوي پۇلنىمۇ ئورۇنسىز يەرگە خەجلىمەي يىغىپ تېزرەك قۇر بالا جان ئا كامىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇش، ئا ندىن ئىككىمىزنىڭ نىكاھىنى ئوقۇتۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتىم.

رەھىمجان ئاكامدىن چوڭلارنىڭ خەۋىرىنى بىلىپ تۇراتتۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شۇنچە كۆچەپ ئورۇنۇپ باقسىمۇ ئاپامنىڭ ۋە كامىلنىڭ ئۆيىدىكىلىرىنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئىشىغا قوشۇلۇشى مۇمكى ئەمەستەكلا ئىكەن. ھەتتا ئوتتۇرىدىكى زىددىيەت بورۇنقىدىن كەسكىن بولۇپ، بىر تويدا ئاپام بىلەن كامىلنىڭ ئاپىسى ئۇرۇشۇپ كېتىپتىمىش. خوشنا ـ خولۇملار ئۇلارنى مىڭ تەستە ئاجرىتىۋەتكەن بولسىمۇ ھەر ئىككىلىسى«بالام سېنىڭ بالاڭ بىلەن بىرگە قايتىپ كىلىدىكەن، مۇشۇ جامائەتنىڭ ئالدىدىلا ئۆلتۈرىۋېتىمەن» دەپ قەسەم قىلىشىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزلەردە يۇرتقا قايتىپ بېرىش پىلانىمىزنى كەينىگە سۈرمەكچى بولدۇق. بىرەر بالىمىزنى كۆتۈرۈپ بارمىساق ئىشىنىڭ يەنىلا يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كېتىشىنى پەملىدۇق. بالىلىق بولغاندا ئاندىن قايتىپ بارساق ئۇلارمۇ نەۋرىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىزنى كەچۈرىۋېتەر دەپ ئويلاپ ئۆزىمىزگە تەسەللى بەردۇق. بۇ تۇرمۇش سەھنىسىدە ھەرقانداق مۈشكۈلات ۋە ھەرخىل كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. «ئىتتىپاق» تىياتىرخانىسىنىڭ ئەتراپى باشقىچىلا بىر دۇنيا ئىدى. كامىلنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە بۇ ئەتراپتا يۈرىيدىغانلارنىڭ تۇرمۇش قاتلىمى ھەققەتەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك مۇرەككەپ ئىكەن.

ـ ھەي، نىمىسىنى دەي كامىلە، ـ دېدى كامىل، ـ بەزى گەپلەرنى ساڭا ئېيتىپ بەرسەممۇ ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن. بۇ تەرەپتە يۈرىدىغانلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ يۇرتقا مۇساپىر. ھەربىرىنىڭ بۇ يەرگە كىلىپ قېلىشىدا ھەر خىل سەۋەپلىرى ۋە مۇرەككەپ ھېكايە ـ قىسمەتلىرى بار. ئەرلەرنىڭ تولىسى يۇرتتىن كۆڭلى ئاغرىپ پىشنى قېقىپ چىقىپ پۇل تېپىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ مۇشۇ يەرگە كىلىپ قالغانلار. بىرەر ئىشنىڭ يولىنى تېپىپ تىجارەتكە كىرىشىۋالغانلارنىڭمۇ خېلى تەلىيى بارلار ھېساپلىنىدىكەن. لېكىن كۆپىنچىسى يەنىلا تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈپ تۈيۇق يوللارغا مەيلى خالىسۇن، مەيلى ئامالسىز قالسۇن كىرىپ قالىدىكەن. كىچىكلەر باشقىلارنىڭ قولىدا ئىشلەپ ئىش

ھەققىنى ئالالماي قوسىقىنى تويغۇزغانغا خۇش بولۇپ يۈرسىمۇ يەنىلا خورلۇق ۋە تاياقنىڭ زەربىسىدە تېخىمۇ چۈشكۈن، روھسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىكەن. ئۇلارغا قارىساڭ نە ئارزۇ-ئارمان، نە ئۈمىد-ئىشەنچ دېگەندىن مۇستەسنا، خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن مۇردىدەك ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆز ئىشىنى قىتماللىق بىلەن قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈپ كېتىدىكەن. كەچلىك بازاردا بىرەر كىچىك يايمىسى بار خوجايىنلارغا قارىساڭ ئۇلار بىر يايمىنىڭ ئەمەس، پۈتكۈل دۇنيانىڭ خوجايىنىدەك كىبىر ۋە تەكەببۇرلۇق ئىچىدە ئاددى كاللىسى بىلەن ھاياتنى پۇل، ئەيش-ئىشرەت بىلەن گۈزەل دەپ قارايدىكەن. ئولتۇرغىدەك زېمىنى يوق، ئىجارە ئۆيدە ئولتۇرىۋاتقىنىدىن ئۆرتىنىش، تىرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن قولىدىكى پۇلى بىرەر قاتلانسىلا خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىشىنىڭ، قاياقلاردىندۇر كېلىپ قالغان دەرتمەن چوكانلارنى ئۆز «ھىمايە» سىگە ئېلىشنىڭ كويىدا ھەلەك ئىكەن.

ئۇدۇلىمىزدا ئۆپكە-ھېسىپ ساتىدىغان بارتاخۇن بىلەن پات-پات مۇڭدىشىپ قالىمەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ يۇرتىدىكى خوتۇنى ۋە ئىككى بالىسىنى تاشلاپ بۇ يەرگە چىققىلى خېلى يىللاپ بولۇپ قاپتۇ. دەسلەپتە باش-پاقالچاق ساتىدىغان بىرسىنىڭ يايمىسىدا كاللا ھۆتلەپ جان بېقىپ يۈرۈپ، كېيىن شۇ كىشى يۇرتىغا قايتماقچى بولغاندا مۇشۇ يايمىنى يۇرتىدىكى خوتۇنىغا پۇل ئەۋەتكۈزۈپ ئۆتكۈزىۋالغان ئىكەن. يۇرتىدىكى خوتۇنى ھەر يىلى كۈزدە دېھقانچىلىقتىن كىرگەن كىرىمنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىدىكەن. ئۇمۇ «ئاز قالدى خوتۇن چىدا» دەپ قويۇپ بۇ يەردە تاپقان پۇللىرىنى نەشە ۋە سەتەڭلەرگە خەجلەپ، ھەر يىلى خوتۇنى ئەۋەتكەن پۇلنى يايما ئىجارىسىگە تاپشۇرۇپ ئۆتىدىكەن. ئۇ «ئۇكام ئادەم دېگەن يۈز ياشقا كىرمەيدۇ. ئات-ئىشەكتەك ئىشلىسەڭمۇ، ئات-تايچاقتەك كىشنىسەڭمۇ ئوخشاشلا ياشايدىغان رىزقىڭ توشقاندا ئۆلىدىغان گەپ. نېمە كەپتۇ جاننى قىيناپ يۇرتتا دېھقانچىلىق قىلمايمەن دەپ چىققان ئادەم ئەمدى بۇ يەردە مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردى ئاز كەلگەندەك، يېمەي-ئىچمەي تاپقان پۇلنى كۆڭلۈك تارتقان ئىشلارغا ئىشلەتمەي يۇرتقا ئەۋەتىپ؟ خوتۇننى بىرسى ئېلىپ قاچمايدۇ. تۇرۇپ تۇرىدۇ. بالىلار ئاچ قالمايدۇ. 20مو يەر بار. خوتۇنغا قۇرۇق ئاغزىڭدا چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ قويساڭ بالىلار ھەم ئۇنىڭ بولغانكىن نامىمىزدا تۇرىۋاتقىنىغا خۇش بولۇپ بېقىپ قاتارغا قوشۇۋېرىدۇ. كېيىنلىكتىن نېمە غەم؟ ئوينىغۇدەك كۈچ قالمىغاندا ئاستا يۇرتقا قايتىپ جامائەتنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋالساق بولدى ئىش پۈتتى دېگەن گەپ. بالىلارمۇ ئۇ چاغدا بىزنى باقىمەن دەپ ئۈرۈمچىدە جاپا چەككەن دادام دەپ ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ قېرىغاندا باقىدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئاددى دۇنيا قارىشى، تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇپ كەتكەن مەسئۇلىيەت ئېڭى دېگەنلەرگە شۇنچە ئېچىندىم. ئىنسان بۇ دۇنياغا نېمىشقا كەلگەن؟ بىر ئاتىنىڭ ئائىلىسى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى

نىمە؟ توۋا دەپلا قالدىم كاملە. بۇ يەردە ھەر كۈنى ھەرخىل ھېكايىلەرنى ئاڭلايمەن. ھەممە ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشى، ياشاش ئۇسۇلى، مەنزىل ـ نىشانى ئوخشاش بولمايدىكەنلا ئەمەس، ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىق بولىدىكەن. يۇرتتىن بىرەر قىسمەت بىلەن كېلىپ قالغان قىز ـ چوكانلار بارتاخۇندەك ئادەمگىمۇ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىكەن. ئۇلار باشتا ئۇنىڭ ئېلىپ بەرگەن تامىقى ئانچە ـ مۇنچە بەرگەن پۇلى ۋە تايانچىسىز كۈنلەردە ئۆزلىرىگە «باش پاناھ» بولۇشلىرىدىغا كۆنۈپ قالىدىكەندە، بارا ـ بارا ئۇنىڭ ئۆپكە ـ ھېسسىپىنى قويۇپ بېرىدىغان ھەقسىز مالايىغا ئايلىنىدىكەن. مۇشۇ جەريانلاردا بىرەر چىقىش يولى تېپىۋالغانلىرىغۇ ئاستا پىشنى ئېلىپ كېتىپ قالىدىكەن. بەزىلىرى ئۇنىڭ كېچىسى خوتۇن، كۈندۈزى مالاي قىلغىنىغا چىداپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن يۇر سىمۇ ئۆز ئۆرنىغا ئالما شقۇدەك يەنە بىر سەتەڭنىڭ پەيىغا چۇ شكەن بارتاخۇن تەرىپىدىن كوچىغا قوغلاپ چىقىرىلىپ ئاللىقاياقلارغىدۇر غايىپ بولىدىكەن. بىچارىلەر يۇرتىغا قايتاي دىسە ئۇلار چىقىپ قا ندىن كېيىن يۇرتىدا بولۇۋاتقان ئۆسەكلەردىن خەۋەر تېپىپ تۇرغاچقا ئۇرۇغ ـ تۇققانلىرىدىن ئەيمىنىپ ھەم دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا قۇرۇق قول قايتىشتىن خىجىل بولۇپ «نىملا قىلسام مىنى ھېچكىم تونىمايدىغان مۇشۇ يەردە پۇل تېپىپ كېتىمەن» دېگەن نىيەتتە يامان يوللارغا كىرىپ كېتىدىكەن.

مەن تۇرىۋاتقان يەرگە 10 مېتىرمۇ كەلمەيدىغان جايدا 10 ـ يول ئاپتوبۇسىنىڭ بېكىتى بار كاملە، ئۇھ...ئۇ يەردە ناماز شام بىلەنلا باشلىنىپ كېتىدىغان ئىپپەت سودىسىنى كۆزۈم بىلەن كۆرمەسكە تىرىشسامۇ ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ شۇنچە بىمالال، ئوچۇق ـ ئاشكارا باھا تالىشىشلىرىنى قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ سالىمەن. بۇ ئىشلارنى ساڭا ئېيتىشقىمۇ تىلىم بارمايدۇ. ياراتقان ئىگەم ئاشۇ ئاجىزەلەرنىڭ كۆڭلىگىمۇ، ئاشۇ ئەركەكلەرنىڭ كۆڭلىگىمۇ ئىنساپ بېرەر...

كامىل ھەر كۈنى دېگۈدەك ئادەمنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى تىلغۇدەك، ئەقلى ـ ھوشىنى گاڭگىراتقۇدەك گەپلەرنى قىلىپ بېرەتتى. ئۇ بەزى گەپلەرنى ئېيتقاندا مەن بىلەن تەڭ كۆز ـ يېشى قىلسا، بەزىدە غەزەپ ـ نەپرەتتىن تىترەپ كېتەتتى.

ـ ھېلىقى كۈنى مەن ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن بارتاخۇن ئېسىڭدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى بىر كۈنى كامىل ئىشكتىن كىرىپلا.

ـ ھەئە ئېسىمدە. ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بوپتىمۇ؟

ـ ئۇ بۈگۈن يايمىسىنى بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ يۇرتىغا كەتتى.

ـ ۋوي ئۇ قېرىغاندا، ئىش قىلالمايدىغان، ئوينىيالمايدىغان بولۇپ قالغاندا كەتمەكچى ئىدىغۇ؟

ــ راست، ئۇ بىرەر ئاي بۇرۇن شۇنداق دېگەن. لېكىن بۈگۈن تۇيۇقسىز خوشلاشقىلى كەپتۇ «ئىمىشقا كەتمەكچى بوپ قالدىڭ ئاكا؟»دەپ سورىسام، «جېنىم ئۇكام، مەن ئاستا كىتىپ خوتۇن باللىرىمغا مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمدا ئازراق ئىش قىلىپ بەرمىسەم كېيىن تالادا قالىدىغاندەك قىلىمەن» دەيدۇ. «قانداق دەيسەن؟» دەپ سورىسام، «مەن يۇرتتىن چىققاندا چوڭ ئوغلۇم ئۈچ ياش، كىچىك قىزىم بىر ياشتا ئىدى. ھازىر ئوغلۇم 13 ياشقا، قىزىم 11ياشقا كىردى. تۈنۈگۈن ئاپىسى تېلفۇن قىپتۇ، ئوغلۇمنى بىرسى ئىچكىرىگە رېستۇراندا ئىشلەشكە ئاپىرىمەن دەپ قىزىقتۇرۇپ پويىزغا چىقىرىپ بولغاندا ئۇ ئادەم سودىگەرنىڭ ئىزىغا چۈشكەن ساقچىلار تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلۇپ قېلىپتۇ. ئوغلۇمدىن ئەھۋال ئىگەللەش جەريانىدا ئۇ ساقچىلارغا «دادام ئالتە يېشىمدا ئۈرۈمچىگە كەتكەن، شۇنىڭدىن بېرى مەن دادىلىقنىڭ نامىدا يېتىملىكنىڭ دەردىدە چوڭ بولدۇم. ئاپامغا دادامنى قايتۇرۇپ كېلەيلى» دىسەم «دادىڭ جىق پۇل تېپىپ كېلىپ سىنى ئۆيلەيدۇ» دەيدۇ. دادامغا تېلفۇن قىلىپ سېغىنغانلىقىمنى قايتىپ كېلىشىنى ئۆتۈنسەم «مەن جىق پۇل تېپىپ بېرىپ سىلەرگە يۇرت بويىچە ئەڭ ئېسىل ئۆي سېلىپ بېرىمەن. سېنى دوست ـ دۈشمەننىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالغۇدەك داغدۇغا قىلىپ ئۆيلەيمەن» دەيدۇ. پۈتۈن ئۆينىڭ ئېغىر ئىشلىرى ماڭىلا ئارتىلغاننى ئازدەپ، غېرىپلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ چىدىغۇچىلىكىم قالمىغاندا، ھېلىقى خوجايىن ماڭا ئىچكىرىگە بارسام بىرەر يىلغا بارمايلا نۇرغۇن پۇل تېپىپ قايتىپ كېلەلەيدىغانلىقىمنى ئېيتقاندى، مەن جىق پۇل تاپساملا ئۆينىمۇ ئۆزۈم سالالايدىغانلىقىمنى دادامنىمۇ قايتۇرۇپ كېلەلەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ قوشۇلغان ئىدىم، چۈنكى دادام بۇ ھاياتىمدىكى مەن بىرگە ئۆتۈشنى كېچە ـ كۈندۈز تىلەيدىغان، ئەڭ مۇھىم ئادىمىم» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرىم تىترەپ يىغلاپ تۇرسام كىچىك قىزىم تېلفۇننى ئېلىپ «دادا سىزگە ئۆزۈم يازغان قوشاقنى ئوقۇپ بېرەي»دەپلا:

مېھرىبان دادام،غەمگۈزار دادام.
قارا قۇشقاچتەك ئۈچۈپ كەتكەن دادام.
بىزنى بۇ يەردە بېقىپ بولالماي،
قارا ھوقۇشتەك قېچىپ كەتكەن دادام.

دىمەسمۇ؟ نۇمۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. ئىچ-ئىچىمدىن ئۆمرۈمدە يىغلاپ باقمىغان يىغا پارتلاپ چىقتى. ئەتىگەن قوپۇپلا دۇكان، ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ساتىدىغاننى سېتىپ، ئالىدىغاننى ئېلىپ مېڭىشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتكۈزىۋالدىم. بۇ يەردە پۇل تاپماق ئاسانراق بولغىنى بىلەن خەجلىمەكمۇ ئاسانكەن. شۇنچە يىل تاپقان پۇل ئۆزۈمدىن ئاشماپتۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە يۇرتقا قايتىپ بالىلىرىمنىڭ باغرىنى مېھرىمگە قاندۇراي، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ جاپاسىنى بولسىمۇ يېنىكلىتەي دىگەن نىيەتكە كەلدىم. خوش ئۇكام» دەپ كىتىپ قالدى.

- ئادەمنىڭ ئىچكى ھە سلىرىنى ئويغىتىدىغان، كاللىسىنى سىلكىشىگە تۈرتكە بولىدىغىنىمۇ بىرەر ئىش ياكى بىرەر ئېغىز گەپ-ھە؟ دىدىممەن، - سىز ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەندىن كېيىن ھەر بىر قېشىڭىزغا بارسام ئۇ كىشىگە دىققەت قىلاتتىم. مەڭگۈ مۇشۇنداق بىغەم، بۆلۈمسىز ئۆتۈپ كېتىدىغاندەكلا كۆرۈنىۋىدى، ھەرنىمە بولسا ئاشۇ خوتۇن-بالىلىرىنىڭ تەلىيىگە كىچىكىپ بولسىمۇ ئەقلىنى تېپىپتۇ.

- شۇنداق، ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا بولغان ئىشلار سەۋەپلىك ئىنسانى مەسئۇلىيىتىنىڭ ئويغىنىپ، ئائىلىسىگە قايتماقچى بولغىنىدىن مەنمۇ خۇش بولدۇم، - دىدى كامىلمۇ مەمنۇنلۇق بىلەن.

قۇربانجان ئاكام بىكار بولسىلا بىز سودا قىلىۋاتقان يەرگە كېلىپ بىزگە ياردەملىشىپ بېرەتتى. ئەسلىدىنلا گەپكە ئامراق بۇ كىشى ئەتراپتىكى ھەربىرەيلەننىڭ تۇرمۇش ھېكايىلىرىنى بىزگە يۇمۇرىستىك قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرىدىن كۈلۈپ ئۈچيىمىز ئۈزۈلۈپ كېتەي دېسە، بەزى سۆزلىرىدىن تەپەككۇرلىرىمىز ئۇرغۇپ مۇڭلىنىپمۇ قالاتتۇق.

پەرھاتنى ھەر قېتىم يوقلاپ بارغىنىمىزدا ئۇ شەكىلەنىڭ ئەھۋالىنى يېنىش-يېنىشلاپ سوراپ كېتەتتى. كامىل بىلەن دېيىشىۋالغىنىمىز بويىچە شەكىلەنىڭ ھازىرقى بەزى ئەھۋاللىرىنى پەرھاتتىن يوشۇراتتۇق. پەرھات‹‹ ھايات چىقساملا شەكىلەنى ئەمرىمگە ئالىمەن. ئۇنىڭ تارتقان ئازاپلىرىنىڭ ئورنىنى چىن-سەممىي مۇھەببىتىم بىلەن تولدۇرۇپ، ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايالغا ئايلاندۇرىمەن» دەيتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن مەمنۇن بولساقمۇ شەكىلەنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئويلىساقلا كۆڭلىمىز تولىمۇ يېرىم بولاتتى. پەرھات چىققاندىن كېيىن شەكىلەنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى كۆرسە نېمە ئىشلار يۈز بېرىشى ھەققىدە ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىپ ، گاھىدا ئەنسىزلىككە، گاھىدا ئارزۇ-ئۈمىتلەرگە ئەسرا بولاتتۇق.

قۇربانجان ئاكامنىڭ ئالغىلى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي چىڭ تۇرۇپ، رەھمىتىمىزنى ئېيتىپ ئۇنىڭدىن قەرز ئالغان پۇللارنى ئالدىغا قويغان كۆنىمىز. قۇربانجان ئاكام پەيشەنبە كۈنى تەييارلىق قىلىپ قويۇشىمىزنى، مەسچىتتە ئىماملىق قىلىۋاتقان دوستى ۋە نەچچە جامائەتكە قوشۇپ، بازاردىكى نەچچەيلەننى يىغىپ كېلىپ نىكاھىمىزنى ئوقۇتۇپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كامىل قۇربانجان ئاكامغا رەھمىتىنى ئېيتىپ، ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئىشىكتىن كىرىپلا كۆزلىرىمگە مېھرى بىلەن كۈلۈپ قارىۋىدى، قىزلىق ھاياتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان مەڭزىمنى ياغلىقىمنىڭ ئۇچى بىلەن توسۇپ يەرگە قارىۋالدىم.

تاتلىق ھېسلار بىلەن شۇنچە ئۇزۇن كۈتكەن دەملىرىمىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھەر ئىككىلىمىز تەييارلىق قىلىشقا باشلىدۇق. ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەرنى يۇيۇپ، تازىلاپ، تاملارنى ئاقارتىپ، ئىشىك-دېرىزىلەرنى سىرلىدۇق. پەردىنى يۇيۇپ تارتىۋېتىپ بېلىم «زىڭگىدە» ئاغرىغاندەك بولۇۋىدى. بۇ ئاغرىقنى نىمىشقىدۇر كامىلغا بىلىندۈرگۈم كەلمىدى. شادلىق مىنۇتلىرى يېقىنلاپ كەلگەنسېرى كۈتۈلمىگەن بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. تۇرۇپلا يىراقتىكى ئاتا-ئانام ئېسىمگە كېلىۋالاتتىدە ئۇلارنىڭ بۇ نىكاھىمىزغا شاھىت بولۇپ، ئېپتىخارلىق بىلەن داستىخىنىمىزغا داخىل بولالمايدىغانلىقىنى، جامائەتكە باش بولۇپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلۈم شۇنچە يېرىم بولاتتى. رەناغا تېلېفون قىلىپ، پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن رۇخسەت سوراپ بالدۇرراق كېلىشىنى ئېيتتىم. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدى ۋە بىرمۇنچە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ، بۈگۈندىن باشلاپ كۈندە كەچتە يېنىمغا كېلىپ ياردەملەشكەچ، قونۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نىكاھ ئوقۇتۇلىدىغان كۈننىڭ ھارپىسى كېچىچە بېلىم چىدىغۇسىز ئاغرىپ چىقتى. ئەتتىگىنى كامىل بۈگۈن دۇكاننى ئاچمايلا لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ بالدۇرلا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭغا كېچىدىن تارتقان ئاغرىقلىرىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، چىشىمنى چىشلەپ يۈرۈپ ئۇزىتىپ قويۇپلا كارىۋاتقىمۇ ئۆلگۈرمەيلا يىقىلىپ چۈشتۈم. ئىككى پۇتۇمدا جان يوق، بېلىم چىدىغۇسىز سىقىراپ ئاغرىيتتى. ئاچچىق ئاغرىق ئازابىدىن پۈتۈن بەدىنىم تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. بىركەمدە توڭلىغاندەك بولۇپ قاتتىق تىترەك ئولىشىپ كەتكىنىنىلا بىلىمەن، كۆزۈمنى ئاچسام يەنىلا كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپتىمەن. كامىل بىلەن رەنا ماڭا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. كامىل كۆزۈمنى ئاچقىنىمنى بىلىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا قوللىرىمنى سىقىپ تۇرۇپ:

ـ جېنىم كاملە منى كەچۈر! ـ سېنى ساقىيسپ كەتتى دەپلا ئويلاپتىمەن. سېنىڭ هالىڭدىن ياخشى خەۋەر ئالالماپتىمەن، شۇنچۇۋالا ئاغرىقلاپ چىداپ، غەيرەت بىلەن يۈرگىنىڭنى سەزمەپتىمەن، ـ دەپ كۆز ياشلىرىنى توختىتىۋالالماي قالدى.

مەن ئۇنىڭغا بىر نەرسە دەپ تەسەللى بېرىشنى ئويلىغان بولسامۇ كالپۇكلىرىم چاپلىشىپ قالغاندەكلا مىدىرلىتالماي قىينىلىپ كەتتىم.

ـ بولدى هېچنىمە دېمە، كاملە. بىلەمسەن؟ مۇشۇ پېتى كۆزۈڭنى ئاچماي قىلىشىڭدىن بەكلا قورقتۇم. سەن سىز هاياتنى تەسۋۋۇرمۇ قىلالمايمەن. قورقما ئەمدى مەن يېنىڭدا بار. سېنى چوقۇم داۋالىتىپ سەللىمازاز ساقايتىمەن. سېنى ئەمرىمگە ئالىمەن. ئىككىمىز بىرگە يۈرتقا قايتىمىز، ـ جېنىم كاملە ئەمدى منى قورقۇتمىغىن. قارا بۇنى ساڭا ئەسلى بۇگۈن كەچتە سوۋغات قىلماقچى ئىدىم. غەيرەتلىك بول پەرىشتەم! بىز قايسى كۈنلەرنى كۆرمىگەن؟ بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كىتىدۇ...

كامىل ياشلىرىنى سۈرتكەچ توختىماستىن سۆزلەيتى. ئۇ يانچۇقىدىن قىزىل رەڭلىك قاپچۇقنى ئېلىپ ئىچىدىكى ئۈزۈكنى بارمىقىمغا سېلىپ قويدى. ئاجىز كۆزلىرىمنى تەستە كۆچەپ ئېچىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئۈن سىز كۆز ياشلىرىم ئارقىلىق جاۋاپ بېرەتتىم. ئۇنىڭ قولۇمنى تېخىمۇ چىڭرەك تۇتۇپ، يېنىمدىن ئايرىلماي ئولتۇرىشىنىلا ئۈمىت قىلاتتىم.

ئېغىر كېسەللەرنى كۆزىتىش ئۆيىدە ياتقىنىمدىن، دوختۇرلارنىڭ هەر كۈنى توختىماستىن هەر خىل تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشىدىن ۋە پات ـ پات كاملنى چاقىرىپ چىقىپ كىتىشىدىن كېسىلىمنىڭ پىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم.

ئاجىز قوللىرىم بىلەن سېستىرانىڭ باش تەرىپىمدىكى كىچىك ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويغان كۈندىلىك چىقىم ئەهۋالىمنىڭ تالونلىرىنى ئېلىپ كۆرگىنىمدە كېسەل ئۈستىگە غەم ـ ئەندىشە باستۇرۇلۇپ كىلەتتى. هەر كۈنلىكى بۇنچە كۆپ داۋالىنىش هەققى تۆلەش بىز ئۈچۈن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.

ئارىدىن قانچە كۈنلەر ئۆتكىنى ماڭا نامەلۇم. ئۆرە ئولتۇرالىغۇدەك، كامىل، رەنالار بىلەن سۆزلىشەلىگۇدەك بولدۇم. رەناغا ئۆيدىكى خاتىرەمنى ئەكەلدۈرۈپ، كامىل يوق پەيتلەردە خاتىرە يېزىشىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

ئىنسان ئۆزىنىڭ هاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەملىرى يېتىپ كەلگىنىنى سەزگىنىدە، بۇرنىغا ئۆلۈمنىڭ مۇدهىش هىدى ئۇرۇلغىنىدا شۇنچىلىك تەمتىرەيدىكەنكى، قورقۇنچ ـ ۋەهىمىلەرنىڭ قوينىدا ئەركىن تەپەككۇرلىرىمۇ قالايمىقانلىشىشقا باشلايدىكەن. تۇرۇپلا كاللامغا ئاتا ـ ئانام

كىلىۋالاتتى. ئۇلارنى شۇنچە سېغىنىپ كەتكەنىكەنمەن! ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ تەلەپ بىلەن ئۆلتۈرۈپ بولغۇم بار ئىدى. ئۇلارنى شۇنچە سېغىنىپ كىتەتتىمكى بۇ سېغىنىش بىر پارچە ئوتقا ئايلىنىپ يۈرەك - باغرىمنى چىدىغۇسىز ئازاپلار بىلەن كۆيدۈرۈپ تىنىما - تىنىما قىلىۋېتەتتى. دادامنىڭ مۆڭلۈق چىرايى كۆز ئالدىمغا كەلسە ئىچ - ئىچىمدىن بۇرتۇپ چىقىۋاتقان يىغا كۆزلىرىمدىن چىقىشقا ئۈلگۈرمەيلا تىنىقىم رېتىمسىزلىشىپ، ئەس - ھوشۇمنى يوقىتاتتىم. كاملىنى ئويلىسام تېخىمۇ خاتىرجەم بولالمايتتىم. ئۇنىڭ مەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ھالىتىنى ھەرخىل تەسەۋۋۇر قىلىپ باقاتتىم. مەيلى قانداقلا ئويلىماي ئۇنىڭ چۈشكۈن، مەيۈس، خىيالچان...ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشنىمۇ خالىمايتتىم. ئۇنىڭ ئاشۇ خامۇشلۇق ۋە ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە توغرا بولمىغان قارارلارنى چىقىرىپ قويىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئەپسۇس، كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئازاپلىرىنى ھەقىقى چۈشەنمىدىغان، چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ تەسەللى بېرىدىغان بىرەر دىلكەشى بولسىچۇ يېنىدا؟ تۇرۇپلا كاللامغا رەنا بىلەن كاملىنىڭ بىرگە ئۆتۈشىنى تىلەش ئىستىكى كىلىۋالاتتى. توغرا! مەنسىز كۈنلەردە بۇ دۇنيادا كاملىغا ھەقىقى تەسەللى بېرەلەيدىغان، ئۇنى، ئۇنىڭ ئازاپلىرىنى چۈشىنىدىغان كىشى يەنىلا رەنا ئەمەسمۇ؟ رەنامۇ تولىمۇ ئاقكۆڭۈل، سەممى، ئىتتىقاتلىق قىز...كاملىنىڭ ھەرقانداق بىرەرسى بىلەن بىرگە ئۆتۈشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم يۈرىكىم پۈچىلىنىپ كىتىدۇ. لېكىن، رەنا بىلەن بىرگە ئۆتۈشىنى ئويلىسام رەشىكلىرىم تەسلىم بولۇپ، يېنىكلەپ، خاتىرجەم بولۇپ قالىمەن...

يەكشەنبە كۈنى رەھمجان ئاكام ئاتا - ئانامنى ئېلىپ كىلىدىغان بولدى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئاشۇ پۇرسەتلەرنى نىسىپ قىلسا، ئۇلاردىن رازىلىق ئېلىۋالسام ئاخىرقى ئۈمىدىممۇ ئەمەلگە ئاشاتتى...

x x

خاتىرە مۇشۇ يەردە ئاياغلاشقان ئىدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ گىدىرماچ خىياللار ئىلكىدە گاڭگىراپ قالغان ھالەتتە دېرىزە تۈۋىگە كەلدىم. «ئەجىبا كاملە ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ ياق، ئۇنداق بولسا ئايشەمخان ماڭا خاتىرەنى بەرگەن كىشىنىڭ ئايالىنى ئېغىر كېسەل، بازارغا چىقالمايدۇ» دېگەندەك قىلغانىغۇ؟ماڭا بۇ خاتىرەنى بەرگەن كىشى چوقۇم كامىل، ئۆيىدىكى ئاغرىق ئايالى كاملە شۇ. ئۇنداقتا...خىياللىرىمنىڭ ئايىغى چىقما ستىنلا ئۇپۇق تەرەپ سۈزۈلۈپ

، تالڭ يورۇ شقا با شلىدى. نا شتىلىقنى چالا ـ بۇلا قىلىپلا ئۆيدىن چىقتىم. ئىش ۋاقتى تو شۇ شتىن بۇرۇن كاملىنى ئىزدەش قارارىغا كەلگەچكە ئۇدۇللا ئىشلەمچىلەر بازىرىغا باردىم.

قېرىشــــقا ندەك خېلى چۆگىلەپ يۈرۈپمۇ نە ئايشـــــەمخاننى، نە كاملىنى ئۇچرىتالىمىدىم. نەچچەيلەندىن ئۆلارنى سۈرۈشتە قىلىۋىدىم. كاملىنى تونۇيدىغانلار چىقمىدى. ئايشەمخان نەچچە كۈن بوپتۇ بازارغا كەلمىگىلى...

ئىشــقا چۈشــۈش ۋاقتىم توشــۇپ قالغاچقا چۈشــلۈك ئارام ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ يەنە كېلىپ ئىزدەپ باقماقچى بولۇپ بازاردىن كۆزۈم قىيمىغان هالدا چىقىپ كەتتىم.

چۈشتە ئۆيدىن ئېلىۋالغان تەييار تاماقنى هاپىلا ـ شاپىلا يەۋېلىپلا چۈشتىن كېيىنكى بىر سائەتلىك دەرسىمنى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچى سىنىڭ ئەتىكى بىر سائەتلىك دەرسگە ئالما شتۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئىشــــــلەمچىلەر بازىرىغا قاراپ چاپتىم. كاللامدىكى نۇرغۇنلىغان «نېمە ئۈچۈن» لەر مىنى كاملىنى تېزرەك تېپىشـــقا، كامىل ـ كامىلە، پەرهات، شـــەكىلە، رەنا، رەهىمجانلارنىڭ كېيىنكى هايات كەچمىشلىرىدىن تېزرەك خەۋەردار بولۇشقا ئۈندەيتى.

كامىل بىلەن ئايشــەمخاننى يەنىلا تاپالمىغان بولســامۇ ســۈرۈشــتۈرۈپ يۈرۈپ ئايشــەمخاننىڭ ئۆيىنىڭ ئادرىســـنى تاپتىم. ئالدىنقى قېتىم ئايشـــەمخان كاملىنى كۆرســـتىپ «ئۇ كىشـــى مىنىڭ خوشنام بولىدۇ، ئايالى كېسەل بولغاچقا بازارغا چىقالمايدۇ، بالامغا شۇ ئايال قاراپ بېرىۋاتىدۇ» دېگەن ئەمەســمىدى؟ خىياللار بىلەن كىچىككىنە قەغەزگە يېزىلىۋالغان ئادرىس بويىچە شــەهەرنىڭ خېلىلى چەت، خىلۋەت كوچىلىرىنىڭ بىرســـگە جايلاشــقان ئايشــەمخان تۇرۇۋاتقان قورونى خېلى تەستە تېپىپ كەلدىم.

دەرۋازا ئالدىغا كىلىشــمگە قورا ئىچىدىن ئالدىراش چىقىپ كەلگەن كىشـى بىلەن سـوقۇشـۇپ كەتكىلى تاس قالدىم ۋە بىر ـ بىرىمىزگە هەيرانلىق بىلەن قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق..

ـ سىز، بۇ...ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم نۇردۇن مۇئەللىم. بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قاپسىز؟

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئۇكام. ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟مەن شۇ سىزنى ئىزدەپ كىلىۋىدىم.

ـ هە..هەئە ئاكا، خۇداغا شۈكرى يامان ئەمەس.

كامىل نىمە شقىدۇر مىنى ئۆيىگە با شلىغۇ سى يوقتەك سەل تەمتىرەپ بىر قورا ئىچىدىكى پاكار تاملىق، سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن كونا ئىشىككە، بىر ماشا قاراپ ئېككىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ

ھالىتى مېنى سەل ئەجەپلەندۈرگەن بولسىمۇ «بىرەر قىسىلچىلىقى باردۇر» دېگەنلەرنى ئويلاپ چاندۇرماسلىققا تىرىشتىم ۋە:

ـ ئۇكام، مەن سىز بەرگەن خاتىرەنى كۆرۈپ چىقتىم. سىزنى ئىزدەپ كىلىشىمدىكى سەۋەب خاتىرە ۋەقەلىكىگە ئائىت بەزى ئىشلارنىڭ داۋامىنى سوراپ باقاي دېۋىدىم. ئەگەر بەك ئالدىراش بولسىڭىز مەن قايتاي، باشقا كۈنى پاراڭلىشارمىز...

ـ ياق ئاكا..مەنمۇ ئالدىراش ئەمەس شۇ ...سىزنى ..ئەگەر خالىسىڭىز سىزنى ئۆيگە باشلاي.

كامىلنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ھويلىغا كىرگىنىمدە ئۇ بىردە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان كونا شىرەگە ۋە ئەتراپىدىكى كىچىك ياغاچ ئورۇندۇقلارغا، بىردە ماڭا ئەيمىنىپراق قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن بىرەر ئىشنى پەملىدىم ۋە ئۇنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن «ئۇكام، بولدى مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشامدۇق ـ يە؟» دېدىم. ئۇمۇ خۇددى مۇشۇ گېپىمنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا «ئۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ ئاكا قېنى بۇ ياققا كىلىڭ» دېگەچ ياغاچ ئورۇندۇقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىراقىنى تاللاپ، ئۈستىنى چاپىنىنىڭ يەڭلىرى بىلەن سۈرتىۋېتىپ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۈستەل ئۈستىدە كىملەردۇر ئويناپ تاشلاپ قويغان كورتلار قالايمىقان تاشلىنىپ تۇراتتى. كامىل سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن، كۆك رەڭلىك چەينەك ۋە ئىككى تال پىيالىنى ئېلىپ چىقىپ، بىر پىيالە چاينى ئالدىمغا ئەدەپ بىلەن قويغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويۇپ، ماڭا «قېنى سۇئالىڭىزنى سوراڭ» دېگەندەك مەنىدە قاراپ قويدى.

ـ ئۇكام، سىز كامىل شۇمۇ؟ دېدىممەن سەل ئىككىلىنىپراق گەپنى باشلاپ.

ـ ياق.

ـ ئۇنداقتا؟

ـ مەن پەرھات.

ـ ھە؟ بۇ...ئەمسە ئايالىڭىز؟

ـ ئايالىم شەكىلە. ئۇ مۇشۇ ئۆيدە، ـ دېدى ئۇ بايىقى ئىشىكنى كۆرسىتىپ.

ـ شەكىلە تېخىچە ئەسلىگە كىلەلمىدىمۇ؟

ـ شۇنداق.

ـ ئەگەر خالىسىڭىز ماڭا كامىلە ئاغرىپ قالغان ۋاقىتتىن باشلاپ سۆزلەپ بەرسىڭىز ئۇكام؟

پەرھات ماقۇل بولغاندىن كېيىن ئېغىر ئۇھسىنىپ گېپىنى باشلىدى:

مەن تۇرمىدىن چىقىشـــقا ئىككى يىلدەك ۋاقىت قالغان ۋاقىتلاردا كامىل نەچچە رەت منى يالغۇز يوقلاپ باردى. كامىلەنى سوردىسام ئاغرىپ بالنىستا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كىيىن نەچچە قېتىملىق كۆرۈشـــتۇرۇش مۆھلىتىدە ھېچكىم منى يوقلاپ بارمىدى. مەن تۇرمىدىن چىققان كۈنى كامىل منى ئالغىلى بېرىپتۇ. شـــۇ چاغدا بىلدىمكى كامىلە نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا بۇ ئالەم بىلەن، بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپتۇ. ئۇ دەل رەھىمجان ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى باشلاپ كەلگەن كۈنى ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپلا جان ئۈزۈپتۇ.

ئۇ جان ئۈزگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ميىتىنى كامىل، رەھىمجان، رەنا ۋە چوڭلار بىرلىكتە يۇرتقا قايتۇرۇپ دەپنە قىلىپتۇ.

بۇ ئارىلىقتا خېلى كۆپ ئىشـــلار ۋە ئازارچىلىقلار يۈز بېرىپتۇ. كامىلەنىڭ ئانىســـى دەســـلەپتە كامىلەنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى تەلۋىگە ماقۇل بولغانلىق ســـەۋەبىدىن ئاخىرەتلىك ئىشـــلار بېســـىقىۋچە يىغا ـ زارە بىلەنلە يۈرگەن بولســـىمۇ، بىرەر ئايدىن كىينلا كامىلنىڭ ئۈســـتىدىن ئەرز قىلغان ۋە ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانمىش.

كامىلەنىڭ ئۆلۈمى قاتتىق تەســـىر قىلىپ، ئەس ـ ھوشـــنى يوقىتىپ يۈرىۋاتقان كامىل نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بېسىمى سەۋەپلىك قۇربانجان ئاكام ئۇنى ئالغىلى بارغاندا بىرگە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەپتۇ.

رەنا بىلەن كامىل كامىلەنىڭ قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىســـنى كۆرگەندىن كېيىن تولىمۇ بىئەپلىك ھېس قىلغان ۋە بۇنى كامىلەنىڭ ئەس ـ ھوشى ئانچە جايىدا بولمىغان شارائىتتا يېزىپ قالدۇرغان ۋەسىيتى دەپ چۈشەنگەن، بۇ ۋەسىيەتنامىنى ھەر ئىككىلىسى توغرا كۆرمىگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە باشـــقا يېقىن كىشـــىلىرى بولمىغاچقا تاكى رەنا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا قايتىپ كەتكىچە يېقىن دوستلاردىن بولۇپ، بىر ـ بىرىگە روھى ئوزۇق، تەسەللى بولۇشۇپ ئۆتۈپتۇ.

مەن تۇرمىدىن چىققاندىن كىيىن ئۇدۇل يۇرتقا قايتىپ شـــەكىلەنىڭ يېنىغا باردىم. ئەھۋال منىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ ئېغىر ئىكەن. ئۇنىڭ چۈشـــۈپ قالغان بۇ ھالىتىگە قاراپ، پۇشـــايمان ۋە ھەسرەت بىلەن تالاي كېچىلەرنى شەكىلەنىڭ يېنىدا يىغلاپ، گۇناھىمنى تىلەپ ئۆتكۈزدۈم. دادام منىڭ تۇرمىدە ئىكەنلىكىمنى ئىزچىل باشـقىلاردىن يوشۇرۇپ كەلگەن ئىكەن. شـۇڭا ئۇ منى بىر ئاماللار بىلەن ئورمانچىلىق ئىدارىسـگە خىزمەتكە چۈشـۈردى. منىڭ قولۇم ھېچقانداق ئىشـقا بارمايتى. شەكىلەنىڭ يېنىدىن ئاجرىغۇم، ئۇنى يا شانغان، كېسەلچان ئانىسىغا يالغۇز تا شلاپ

قويغۇم كەلمەيتى. پۇشايمان ئىلكىدە پۇچۇلانغان ۋىجدانىم منى ھەردەم سوتلايتى. شەكىلەنى بىر ئۆمۈر قوغداش ۋە ئاسراش، ئۇنىڭ ھالىدىن بىر ئۆمۈر ئۆزۈم خەۋەر ئېلىشنى كىينىكى ھاياتىمغا نىزان قىلغان ئىدىم. لېكىن ئۆيدىكىلەر شەكىلە ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق قارشى تۇردى. مەن شەكىلە بىلەن توي قىلمىسام بۇ خىزمەتنىمۇ قىلمايدىغانلىقىمنى، بۇ يۇرتتىمۇ تۇرمايدىغانلىقىمنى شەرت قىلىپ چىڭ تۇردۇم. كىم بىلسۇن، ئۇيلىمىغان يەردىن دادام شەكىلەنىڭ ئانىسىنى ئىزدەپ بېرىپ بىرمۇنچە چالۋاقىغاندىن كېيىن پەرزەنتىنىڭ دەردىدە پۇچۇلىنىپ ئاران قالغان ئانا بۇ ئازارچىلىقلارغا چىدىماي، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ تۇيۇقسىزلا جان ئۈزدى. شۇنىڭ بىلەن شەكىلە بۇ دۇنيادا مىنىڭدىن باشقا يۆلەنچۈكسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مەن شەكىلەنى ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى توغرىلىق دادام بىلەن خېلى قاتتىق سوقۇشۇپ قالدىم. ۋە ئۆيدىكىلەردىن مۇناسىۋىتىمنى ئۈزۈپ شەكىلەنىڭ يېنىغا كەتتىم. رەھمجان بۇ جەرياندا ماڭىمۇ كۆپ ياردەملەرنى قىلدى. ئۇنىڭ ياردىمىدە شەكىلەگە قاراشقا قولايلىق خىزمەتلەرنى تېپىپ ئىشلىدىم. تاپقان پۇللىرىم بىلەن ئۇدۇللۇق شەكىلەنە داۋالاتتىم. كىيىنكى كۈنلەردە شەكىلە ئېنىق گەپ قىلالىغۇدەك، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالىغۇدەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا كېسەلىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، ئۇنىڭ مۇ شۇنچىلىك ۋاقىتىدا گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى لايىق تاپتىم. ئانامنىڭ تولا يىغلاپ-يالۋۇرۇشلىرى ۋە شەكىلەنى قۇبۇل قىلىشقا كۆندۈرۈشى سەۋەپلىك ئۆيگە شەكىلەنى ئېلىپ كەلدىم. دادام بىزگە قاراپمۇ قويماي ئۆز ئىشى بىلەن بولدى. شۇ چاغدا تويىمىزغا ياردەملەشكىلى كەلگەن رەنادىن كاملەنىڭ خاتىرىسى توغرىلىق گەپنى ئاڭلىغان شەكىلە رەناغا يالۋۇرۇپ بۇ خاتىرەنى ئۆزىگە تويلۇق سوۋغات قىلىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ تۇرىۋالغاچقا ئىلاجىسىز قالغان رەنا شەكىلەگە بەرگەن ئىكەن. كىينىكى كۈنلەردە شەكىلە بۇ خاتىرەنى كىتاپ قىلىپ چىقىرىش ئارزۇسى بارلىقىنى ماڭا نەچچە رەت بىلدۈرگەن بولسىمۇ مەن كىمنى ئىزدىشىمنى بىلمەي يۈرگەن ئىدىم. تەلىيىمگە ئاخىرى سىزگە يەتكۈزدۈم...

- بۇ ھاياتتا بىز ئۇيلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن، دەپ ئەسلى سۆزىگە قايتىپ كەلدى پەرھات، - شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن. شەكىلە بىلەن توي خېتى ئېلىش ئۈچۈن تىزىملاتقىلى بارغىنىمىزدا دوختۇر تەكشۈرتە شى قىلغاندا تۇيۇقسىز بىز ئويلا شقىمۇ پېتىنالمايدىغان بىر ئىش يۈز بەردى.

شەكىلە «ئەيدىز ۋىروسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى» ئىكەن. بۇ نەتىجىگە ئىشەنگۇم كەلمەي ، پۈتۈن ئەس-يادىمنى يوقاتقان ھالدا دەرھال رەناغا تېلىفون قىلدىم. ئۇ تۇرۇشلۇق ناھيە بىزنىڭ

ناھىيىگە ئانچە يىراقمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەتىسىلا يېتىپ كەلدى ۋە ماڭا ياردەملىشىپ، شەكلەنى باشقا ئورۇنلارغا ئاپىرىپ قايتا تەكشۈرتكۈزدى. نەتىجە شۇ بولدىكى شەكلە يوقۇملانغۇچىلا ئەمەس، ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان ئەيدىز بېمارى بولۇپ چىقتى. بۇ نەتىجىگە رەنامۇ پەقەتلا ئىشەنمىدى. «شەكلە شۇنچە ئۇزۇن چوڭ دوختۇرخانىدا داۋالانغان مەزگىللەردە شۇنچە كۆپ تەكشۈرۈشلەردە بۇنداق نەتىجە كۆرۈلمىگەن تۇرسا؟ قانداق بولۇپ ئەمدىلىكتە ئاخىرقى باسقۇچ بولۇپ قالىدۇ؟» دەپ ئۆز- ئۆزىگە سۆزلەيتى ئۇ. لېكىن نىمىلا دېگەن بىلەن بۇ رىئاللىق يەنىلا بىزگە قاراپ رەھىمسىز ئالقانلىرىنى كېرىپ تۇراتتى. خۇددى كۆپكۆندۈزدە چاقماق چاققاندەك يەلكەمنى قاتتىق سىلكىتىپ مىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان بۇ رىئاللىققا يەنىلا تەن بەردىم. مەيلى شەكلە بۇ كېسەلنى ئاشۇ مەن سەۋەپلىك خامۇشلانغان پەيتلەردە يۇقتۇرىۋالغان بولسۇن، مەيلى داۋالىنىش جەريانىدا دوختۇر- سېستىرالارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى سەۋەپلىكى يۇقتۇرىۋالغان بولسۇن يەنىلا باش جىنايەتچى مەن ئىدىم. ئۇنى بۇ پېتى يالغۇز تاشلاپ قويالمايتىم. ئەكسىچە ئۇنىڭغا ھەر بىر قارىغىنىمدا پۇشايمان، ھەسرەت ئىلكىدە پۇچۇلىناتتىم. كىچىككىنە ناھىيىمىزدە بۇ ئىش بىردەمدىلا تارقىلىپ كەتتى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان دادام- ئاپام بۇ قېتىم مەيدانىغا تېخىمۇ بەكرەك سەكرەپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن مۇناسىۋىتىمنى ئۈزىشىمدە قەتئىي چىڭ تۇردى. مەن رەھىمجان ۋە رەنالارنىڭ ياردىمىدە شەكلەنى ئېلىپ بىر كېچىدىلا يۇرتتىن ئايرىلدىم. رەنا ۋە رەھىمجانلار شۇنچە دېگەن بولسىمۇ كاملىنىڭ قېشىغا بارغۇم كەلمىدى. شەكلە بۇ ھالدا بىز نەگىلا بارساق باشقىلارغا ئېغىرىمىزنى سېلىپ قويىشىمىز ئېنىق ئىدى. مەن ئۆيدىن چىقىش ئالدىدىمۇ دادامغا «مەنلا ھايات بولىدىكەنمەن، ھېچكىمگە بېقىنمايمۇ شەكلەنىڭ ھالىدىن بىر ئۆمۈر خەۋەر ئالىمەن» دېگەن ئىدىم. شۇڭلاشقا ھازىرغۇچە بىرەرسىنىڭ بىزنى ئىزدەپ ياردەم قىلىشىنى خالىمىغاچقا بىر شەھەردە ئۇزۇن تۇرۇپمۇ باقمىدىم. ھەر ھالدا بارغانلا جايدا مەيلى ئېغىر، مەيلى يېنىك ئىش بولسۇن قىلىپ، شەكلەنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كىلىۋاتىمەن.

- شەكلەنىڭ ئەھۋالى ھازىر قانداراق؟ دىدىممەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

- شۇ بىر خىللا، لېكىن يېقىندىن بېرى بەدىنىگە يىرىڭلىق قاپارتمىلار چىقىپ، قان ئارىلاش يىرىڭ ئېقىپ... بەدپۇي پۇراق چىقىپ... شۇڭا بايا سىزنى ئۆيگە باشلىمىغان ئىدىم.

- ئاللاھ ئىگەم ئاسانچىلىقنى بېرەر. ساقىيىدىغان كېسەل بولسىغۇ ئامالىنى قىلساق پۇلىمۇ تېپىلاتتى، - دىدىممەن ئۈمىتسىزلىك بىلەن.

- شۇنداق ئاكا. ئەمدى تەقدىرنىڭ ھۆكمىنى كۈتمەي باشقا ئامالىمىز يوق. مەنلا بولسام ئۇنىڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە يېنىدا تۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن. لېكىن بۇ ھالىتىگە قارىغانسىرى يۈرەك - باغرىم خۇن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، - دېدى كۆز ياشلىرىنى مەندىن يوشۇرۇشقا تىرىشىپ بېشىنى باشقا ياققا بۇراپ تۇرۇپ.

- كامىلنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىچۇ؟ - دەپ سورىدىممەن ئارىمىزدا خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان سۈكۈتتىن كېيىن.

- رەناغا پات - پات ئاممۇي تېلېفون بوتكىسىدىن تېلېفون قىلىپ، كامىل ئىككىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاچ، شەكىلەنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ تۇرىمەن. لېكىن ئۇلارنىڭ بىزنى ئىزدەپ كېلىشىگە قوشۇلمىدىم. تۇرۇشلۇق ئورنىمىزنىمۇ ئېيتىپ بەرمىدىم. شەكىلەنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەندىن كېيىنكى ئازابىنى بىر ئۆزۈملا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەي دەيمەن، دېدى پەرھات ئاچچىق ئۇھسىنىۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ،

- رەنا يۇرتقا قايتىپ، يېزىلىق شىپاخانىغا خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن كامىل بىلەن ئىزچىل خەت ئارقىلىق ھال - ئەھۋال سورىشىپ، بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىپ ئۆتۈپتۇ. كامىل بولسا قۇربانجان ئاكامنىڭ ئىزچىل قوللىشى بىلەن تىجارەتنى چوڭيىپ خېلى چوڭ سودىگەرلەردىن بولۇپ قاپتۇ. شۇ ئارىقتا ئۇنى ئۆز تىجارىتىگە كۈشەندە دەپ قارىغان بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن قەستكە ئۇچراپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان رەنا خىزمىتىدىن رۇخسەت سوراپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. كامىل ياخشى بولۇپ قالغاندىن كېيىن رەنا يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ ھەم شۇ يەردىكى بىر يىگىت بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇ. ئۆيلىنىغان يەردىن توي كۈنىگە بىر ھەپتە قالغاندا كامىل رەنانى ئىزدەپ بېرىپتۇ...

مانا ھازىر كامىل بىلەن رەنا توي قىلغىلىمۇ بەش يىلدىن ئاشتى. بىر قىزغا ئاتا - ئانا بولۇشتى. ئۇلار توينى ئاددىيلا ئۆتكۈزۈپ، كىتىدىشكە تېگىشلىك چىقىملارنى كاملەنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىرە قىلغاندىن سىرت ئوقۇشسىز قالغان باللار ۋە ئىگە - چاقىسىز قالغان ياشانغانلارغا ئىئانە قىلىشىپتۇ. كامىل كاملەنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ تۇرۇش ۋە رەنا بىلەن بىرگە ئۆتۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىكى ئىشلىرىنى شىرىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يۇرتقا قايتىپ ترانسپورت شىركىتى قۇرۇپ خېلى كۆپ نەتىجىلەرنى قازىنىپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى بايلاردىن بولۇپ قاپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككەيلەن ھەر ئازنا - پەيشەنبە كۈنلىرى قىزىنى ئېلىپ كاملەنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ دۇئا قىلىپ تۇرىدىكەن.

پەرھات بىلەن خوشلىشىپ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا دەرۋازىدىن ئايشەمخان بىر ئەرنى قولتۇقلىغان ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇرۇنقىدىن خېلىلا جۇشقۇن ۋە ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. چىرايىمۇ نامازشامدىكى ھەشقىپىچەكتەك ئېچىلىپ ، نۇرلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ سەل ئۇيىلىپ يېنىدىكى ئەرنىڭ بىلىكىدىكى قولىنى تارتىۋالدى ۋە بىزگە ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى.

پەرھاتتىن ئاڭلىغان بايانلار ئىچىدىن تولۇق چىقىپ بولالمىغان خىياللار قوينىدىن مىڭ تەستە ئازراق يولقۇنۇپ ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدىم.

ـ ئۆزلىرىگە مەسلىھەت سېلىپ بىر ئىش قىلاي دەپ شۇنچە ئىزدىسەم تاپالمىدىم نۇردۇن مۇئەللىم، ـ دەپ گەپ باشلىدى ئايشەمخان، يېنىدىكى ئەرگە مۇنداقلا قاراپ قويغىنىمدىن ئوڭاي سىزلاندى بولغاي، ـ بۇ مىنىڭ ھېلىقى سىلىگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن باللىرىمنىڭ دادىسى بولىدۇ.

ـ ھە؟ ـ دەقىقە ئىچىدە ئايشەمخاننىڭ ھاراقكەش، قىمارۋاز، تاياقچى. . .ئېرى توغرىسىدا شىكايەت قىلىپ بەرگەنلىرىنى ئەسكە ئېلىپ ئەجەپلىنىپ ئۇ كىشىگە يەنە بىر قاراپ قويدۇم. رەتلىك كىينگەن، شەپكىسى ئاستىدىكى مۇلايىم كۆزلىرى ئادەمگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان بۇ كىشىنى نىمىشقىدۇر ئايشەمخان بايان قىلىپ بەرگەن باللىرىنىڭ دادىسىغا ئوخشىتالمايۋاتتىم.

ـ ھەيران قالدىلا ھە نۇردۇن مۇئەللىم؟ ـ دېدى ئايشەمخان.

ـ ياق. .ياقەي. . .

ـ ئۆزلىرى ئاڭلىغانلا بەلكىم. قىزىم ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىپ، داۋالىتىش جەريانىدا كۆرمىگەن كۈنۈم، قىلمىغان ئىشىم قالماي قىينىلىپ يۈرسەم بىر كۈنى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بۇ ئادەم ئوغلۇمنى ئېلىپ مىنى ئىزدەپ كەپتۇ. باشتا قورقۇپ ھوشۇمدىن كېتەي دېدىم. لېكىن كىم بىلسۇن، ئۆيلىمىغان يەردىن بۇ ئادەم مىنى ئۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، گۇناھىنى تونۇپ، ئەپۇ سورىغلى كەپتىكەن ئەمەسمۇ؟ھى ـ ھى ھى، شۇنىڭ بىلەن دېيىشمىگەن گېپىمىز قالمىدى. بۇ «يىگىت» نىمىڭ مىندىگىدىن كېيىن ئالغان خوتۇنى مەندەك بوش كەلمەپتۇ. بىرەر قېتىم تاياق تىگە ـ تەگمەيلا ئۆيدە بار يوقنى مۇنۇ «يىگىت» قىمار سورۇنىغا كەتكەندە ھارۋىسىغا نەچچە رەت بېسىپ ئۆيىگە توشۇپ كىتىپتۇ. بۇ«يىگىت» سورىقنى قىلغىلى بارسا ئىككى ئىنىسىگە تازا ئۇردۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم ئۇ خوتۇننى نەق مەيداندىلا «تالاق» قىلىپ ، ئاچچىق يۈتۈپ يۈرگەندە قىزىمىزنىڭ ئېغىر كېسەللىكىنى ئاڭلاپ ساتقۇدەكنى سېتىپ بىزنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ باشتا ماڭا «يارىشىۋېلىش» تەلىپىنى قويغاندا «ئىلان چاققان ئادەم ئارغامچىدىنمۇ قورقۇپتۇ»

دېگەندەك تولىمۇ ئىككىلەندىم ۋە ئۆزلىرىنى ئىزدەپ مۇ شۇ يامان ئادەملەرنىڭ ۋەددىسىگە ئىشىنىپ كىيىن پۇشايمان قىلماي ئۆتكەنلەرمۇ بارمۇ؟ مۇشۇ قىمار، هاراق دېگەنلەرنى تاشلىيالىغانلارمۇ بارمىدۇ؟ دەپ بىر سوراپ باقاي دېۋىدىم، سىلىنى يۇتۇرۇپ قويىدۇم. كىيىن «نىملا كۆرسەم كۆرەي، كوچىدىكى خەقلەرگىمۇ بوزەك بولغان چاغلىرىم تالايغۇ؟ تاياق يىسەممۇ بالىلىرىمنىڭ دادىسىدىن يىگۇدەكمەن. دەردىنى تارتسامۇ ئۆزۈمنىڭ ئېرىنىڭكىنى تارتقىدەكمەن» دەپ ئۇنىڭغا يەنە بىر ئىشىنىش قارارىغا كېلىپ «دەتتىكام» دەپ يارىشىۋالدىم.

- ھە. . .ياخشى ئىش بوپتۇ. بالىلارنى ئۆزۈڭلەر باققانغا يەتمەيدۇ، - دېدىممەن ئۇلارغا.

- شۇنى دىسىلە، بۇ ئادەممۇ بۇرنىغا سۇ كىرىپ خېلى ئەقلىنى تېپىپ، بارلىق كەيىپ - ساپادىن قولىنى يۇيۇۋېتىپلا كەپتىكەن. مانا كەيىپ - ساپا قىلمىسا مىجەزىمۇ ئۆزگىرىدىكەن ئەمەسمۇ ئادەمنىڭ؟ ماڭا قول تەككۈزۈش تۇگۇل ئىشقىمۇ چىققىلى قويماي ئۆزى ئىشلەپ بىزنى گۇلدەك بېقىۋاتىدۇ.

، - قىزىڭلارچۇ، ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

- ھەئە، دادا دەردىدە ئاغرىپ قاپتىكەنمۇ دەيمەن بىچارە قىزىم دادىسىنى كۆرۈپلا ئاغزى يومۇلماي كەتتى، نەچچە كۈنگە قالمايلا خېلى ياخشى بولۇپ بالىنىستىن چىققانچە ھازىر تايچاقتەك سەكرەپ ئويناپ يۈرىدۇ.

- ھەرنىمە بولسا ياخشى ئىشلار بوپتۇ. مۇبارەك بولسۇن!

- رەھمەت سىلىگە نۇردۇن مۇئەللىم، يۈرسىلە ئۆيگە كىرىپ، چاي ئىچىشكەچ پاراڭلىشىلى.

- بولدى رەھمەت، يەنە ئازراق ئىشىم بار ئىدى. باشقا كۈنى ئولتۇرغۇدەك بولۇپ كىلەرمەن.

- ھە ئەمىسە يوللىرىغا قارايمىز نۇردۇن مۇئەللىم، بىزمۇ قولىمىزدىكى ئىشلار تۈگىسە يۇرتقا قايتىشنى مەسلىھەتلەشتۇق. ئۇنىڭغۇچە بىر كېلىپ ئولتۇرۇپ كەتسىلە.

ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، مەھەللە دوقمۇشىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قىزىل سىرلىرى ئۆچۈپ كېتەي دېگەن دەرۋازىغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ئاشۇ دەرۋازا ئىچىدە شەكىلە كېسەل ئازاۋىدىن تولغۇنۇپ، ئىڭراپ ياتىدۇ. ئەزرائىلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ۋەھىمە ئىچىدە كېسەل بىلەن ئېلىشىۋاتىدۇ. پەرھات يۈرەك - باغرىنى تىلغاۋاتقان ئازاپ، ئېغىر جىسمانى ئەمگەك ۋە تۈرلۈك روھى،مەنىۋى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۆز نىشانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئۆتمۈشتىكى گۇناھلىرىغا بەدەل تۆلەۋاتىدۇ. . .يەنە بىر ئائىلە كىشىلىرى يوقاتقانلىرى ۋە

ئېرىشـــكەنلىرى ھەققىدە پات ـ پات تالاش ـ تارتىش قىلىپ قويۇشـــسىمۇ تاتلىق ئىپتىخارلىق ۋە مەمنۇنلۇق ئىلكىدە پەرزەنتلىرىنى ئەركىلىتىپ كۈلۈۋاتىدۇ. . . .

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار : يانغىن ، ***oqugin***

**www.yanghin.cn** **www.yanghin.net**

**admin@yanghin.net** **kitab@yanghin.net**